شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال

2005

1

100



# بۇلاق

ISSN 1005 0876

# 源泉(布拉克)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


# بۇلاق ژۇرنىلى تەھرىراتى 100 - سان مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە قىزغىن سالام يوللايدۇ!


باش مۇھەررىر : ئابلەت ئىمىن


مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن




ماشىنىست : ئايقىز


كوررېكتور : غەنى سەمەت

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

26-يىل نەشرى

ئومۇمىي 100-سان

# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيۈەنجاڭى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ تۇنجى سانىغا يازغان بېغىشلىمىسى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات مەجمۇئەسى — «بۇلاق»نىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەن بىزنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقان ئەدەبىي سەنئەت گۈلزارىمىزغا يېڭى ھۆسن-تۈس قوشۇلغۇسى، خەلقىمىز ئۈچۈن يەنە بىر مەنىۋى ئوزۇق ھەسسىلەپ كۆپەيگۈسى. مەن «بۇلاق»نىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ئەلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇر مىللىتى مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇزاق تارىخقا، يارقىن مەدەنىيەتكە، مول ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىغا ئىگە. بۇ ئەدەبىي مىراسلار بىزنىڭ ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىنىڭ ئەسىل بايلىقى. پارتىيىمىزنىڭ «كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىنى يارىتىش»، «قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، ۋە ئەدەبىي مىراسلارنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش توغرىسىدىكى فاڭجېنى، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۇنى بېيىتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە، كۆپچىلىكنىڭ ۋە بۇ ساھەدە ئۇزاقتىن بۇيان ئىجرى قىلىپ كېلىۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ دادىل ئىشلىشى، ھارماي-تالماي ئىزدىنىشى ۋە ئىزچىللىقى ئارقىسىدا، «بۇلاق» ئىز قېسىنىزەر ۋە ئۇسۇللاردا چىڭ تۇرۇپ، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئىشىنى ھەم بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇپ، ئۆزىنى تۆت زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشىمىزغا خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا يېڭى تۆھپە يارىتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«بۇلاق»نىڭ ئۇرغۇپ بولدۇقلاپ چىقىپ تۇرۇشىغا، ياخشى چىقىشىغا تىلەكداشمەن.

ئىسمائىل ئەھمەت

1980 - يىل 9 - ئىيۇن

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى
# ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 100-سانىغا يازغان بېغىشلىمىسى

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ يۈزىنچى سانى نەشىر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. «بۇلاق» ژۇرنىلى 1980-يىلى نەشىر قىلىنىشقا باشلىغاندىن بۇيان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىيات مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە ئەدەبىيات مىراسلىرىمىزنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ھەر ساھەگە ئائىت نۇرغۇن دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان ھازىرقى دەۋردە، ئەدەبىيات مىراسلىرىمىزنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش زۆرۈر. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ ساھەدىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ژۇرنالنىڭ نەشىر قىلىنىشىغا ئۈزلۈكسىز ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان خادىملارغا ۋە ئاپتورلارغا سەمىمىي سالام يوللايمەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئۇتۇق تىلەيمەن.

ئىسمائىل تىلىۋالدى.

2005.12.2 ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتابخانىسى www.uyghurkitap.com

# «بۇلاق» ھەممىمىزنىڭ

## («بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

### پەرىدە ئەمىن

«بۇلاق» ژۇرنىلى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى قوغدىغۇچى ۋە ئۇنى رەتلەپ خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت توپ ۋەزىپىنى ئاساس قىلغان ھالدا، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى تەڭ ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بۇ ئەدەبىي مىراسلارنى ياراتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، پەلسەپە، دىن ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن دۇنياۋى مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە بۇ مۇھىتتا بارلىققا كەلگەن بەزى نەمۇنە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇشنىمۇ مەقسەت قىلغان.

ژۇرنىلىمىز يەنە يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا كلاسسىك مىراسلار ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئەسەرلەرنى ۋە ئەدەبىياتىمىزدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئۇچۇرلارنى تونۇشتۇرۇشنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

«بۇلاق» ژۇرنىلى بېسىپ ئۆتكەن 25 يىل جەريانىدا ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئىشلار قىلىندى. كۆمۈلۈپ قالغان ياكى يوقىلىشقا يۈزلەنگەن كۆپلىگەن ئەدەبىي، مەدەنىي مىراسلار قۇتقۇزۇۋېلىندى ۋە ئاممىا بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

كلاسسىك ئەسەرلەرنى قوغدىغۇچ ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى سەۋر - تاقەت، چىدام - غەيرەت، ئىنچىكىلىك، پۇختىلىق ۋە جاۋابكارلىق تەلەپ قىلىدىغان ئىنتايىن جاپالىق خىزمەت.

ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان 100 سان ژۇرنالدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت قوليازمىلاردىن 200 پارچىغا يېقىن، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت قوليازمىلاردىن بىرقانچە ئون پارچە، ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىدىن 100 پارچىدىن ئارتۇق، خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق تەتقىقاتچىلارنىڭ ماقالىلىرىدىن 40 پارچىغا يېقىن ئەسەر ئېلان قىلىندى.

بۇ نەتىجىلەرنى «بۇلاق» ژۇرنىلى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقان بىر تۈركۈم ياش، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان تەتقىقاتچىلىرىمىز — كۈچلۈك قوشۇنىمىز بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن بىللە مۇرىنى - مۈرىگە تىرەپ تىرىشقانلىقى ھەمدە رەھبەرلىكنىڭ بىزنى چىن دىلىدىن قوللىغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ژۇرنىلىمىز ئاجايىپ زور ئۇتۇقلار بىلەن 100 سان نەشر قىلىندى. بۇ ماھىيەتتە بىباھا گۆھەر — ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ شان - شەرىپى.

مەن ژۇرنالغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق خادىملارغا ۋاكالىتەن ژۇرنىلىمىزنى قوللاۋاتقان، بىزگە ياردەم ۋە مەدەت بېرىۋاتقان بارلىق دوستلىرىمىزغا تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن بىللە، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى خىزمىتىدە قولىدىن ئاز - تولا ئىش كېلىدىغان يولداشلارنىڭ ھەممىسىنى «بۇلاق» ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىمەن. چۈنكى، «بۇلاق» ھەممىمىزنىڭ!





باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


# بۇ ساندا

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


«سىددىقنامە»دىن ............................ مۇھەممەد سىددىق رەشىدى (7)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بوگۇ


## ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن


تارىخى رەشىدى ............................ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (19)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

ئافاق خوجا مازىرى ۋەخپىسى ............................ (29)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم، ئابلا سايىت ھاجى


## تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


«قۇتادغۇبىلىك» ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ كىرىش سۆزى ..........
.............................. روبېرت. دانكوف (ئامېرىكا) (38)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەكبەر ئەمەت

قاراخانىيلار ............................ ئۆمەلژان پىرتساك (گېرمانىيە) (53)

تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى سۈپەت ۋە رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار توغرىسىدا
.............................. مۇھەممەترېھىم سايىت (62)



مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

«رەخلىك ئېلىپبە» ئۈچۈن «خەلقئارا ئالتۇن مىدال مۇكاپاتى» ئالغانلىقىنىڭ سىرى
ھەققىدە مۇلاھىزە ......................................... غەنىزات غەيۇرانى (68)

## دىن تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم» دىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەر ........... يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق (78)

## بىزدىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ..........................
...................................................................... يۇسۇپجان ياسىن (88)

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

سارايمۇلۇك خانىم ................................................ تۇرغۇن فەيزىۋ (95)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: بۇغدا ئابدۇللا
زۇلمەت ئىچىدە نۇر ................................................ مىركەرىم ئاسىم (100)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ

## دەۋرىمىز سەھىپىلىرىدە

يېتۈك تىلماچنىڭ شان ـ شەرىپى .............................. ئۆز مۇخبىرىمىز (108)

*        *

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: بارخان

*        *

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: مەرھابا 100 سان

مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: «بۇلاق» ژۇرنىلىدىكى خادىملار

ئۈچىنچى بېتىدە: «ئاتا تۈرك — مۇستافا كامالنىڭ ئاخىرقى 300 كۈنى» ناملىق كىتابنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ تارقىتىش مۇراسىمىدىن كۆرۈنۈشلەر

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: تېئۇنىش (رەسسام: زا ھىرە تۇرغۇن)

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827726 (0991)
E—mail: bulak7@Hotmail.com

# سىددىقنامە

**مۇھەممەد سىددىق رەشىدى**

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: ئەل ئىچىدە «سىددىقنامە» نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەن بۇ ئەسەر XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا — كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قايتىدىن بىر قەدەر گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن دەۋردە، خوتەندە ياشاپ ئىجادىيەت، ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان تىلشۇناس، ئەخلاقشۇناس ۋە ئەدىب مۇھەممەد سىددىق رەشىدىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن يىرىك ئەمگەك نەمۇنىسىدۇر. ئەينى دەۋردىكى قەشقەر ھاكىمى مۇھەممەد ئىبراھىم كۆك بەگنىڭ تەشەببۇسى، تەۋسىيىسى ۋە قوللىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان بۇ ئەسەر ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيىسىگە ئائىت ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خاس دىداكتىك خاراكتېردىكى نەسرىي ئەسەر بولۇپ، قولىيازما نۇسخىسى ئەدەبىي تەرجىمان موللا تۆمۈر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان 40 بابتىن تەركىب تاپقان مۇھىم ئەخلاق ئوقۇشلۇقى «ئەخلاقۇل - مۇھسىنىن» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق ئەسەر بىلەن بىللە كۆچۈرۈپ، بىللە تۈپلەنگەن. كىتاب جەمئىي 116 ۋاراق (332 بەت)، بۇنىڭ ئىچىدە «ئەخلاقۇل - مۇھسىنىن» جەمئىي 64 ۋاراق (128 بەت)، «سىددىقنامە» جەمئىي 102 ۋاراق (204 بەت). ھەر ئىككىلا ئەسەر بىر كاتىپ تەرىپىدىن، يەنى خوتەن شەھىرىنىڭ توسالا يېزىسىدىكى موللا مەقسۇد ناملىق خەتتات تەرىپىدىن ھىجرىيە 1269 - (يىلان يىلى) يىلى («ئەخلاقۇل - مۇھسىنىن» رامىزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى، «سىددىقنامە» ھىجرىيە ئاي ھېسابى بويىچە 10 - ئايدا) كۆچۈرۈلۈپ تاماملانغان. قولىيازما ناھايىتى چىرايلىق تەئلىق خەت نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلگەن. فورماتى 32×23 س. م. باش - ئاخىرى تولۇق. چوڭ - كىچىك ماۋزۇ ۋە ئەرەبچە ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسى قىزىل سىياھتا يېزىلغان. بۇ قولىيازما ئىملاسىنىڭ ئىزچىل توغرىلىقى، ئېنىقلىقى، خەت شەكلىنىڭ كۆركەملىكى بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ.

**بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم**

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، تەقۋادارلارنىڭ ھامىيسى ئاللاھتائالاغا ھەمدۇ سانالار بولسۇن! بارلىق يارالمىشلارنىڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا، ئۇنىڭ بارلىق ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا دۇرۇد ۋە سالاملار بولسۇن!

بۇ كىتابنى (يەنى «قابۇسنامە» نى) تەسنىپ قىلغۇچى ئەمىر نەسىر ئۇنسۇرۇل - مەئالىي كەيكاۋۇس ئىبنى ئىسكەندەر ئىبنى قابۇس ئىبنى ۋەشمىگىر ئۆز پەرزەنتى گىيلان شاھقا

شۇنداق ئېيتتىكى:

ئەي ئوغۇل، مەن ياشىنىپ قالدىم. زەئىپلىك ۋە كەم قۇۋۋەتلىك ماڭا غالىب كەلدى. تىرىكلىكىمدىن ئايرىلماق، تىرىكلىك دەپتىرىدىن ئېتىمنى ئۆچۈرمەك — ئۆمۈر شەھرىستانىدىن يوقلۇق سەھراسىغا كۆچۈرمەك خەۋىرىنى يەتكۈزمەككە چېچىمنىڭ ئاقلىقىنى ئەلچى، ساقىلىمنىڭ ئاقلىقىنى گۇۋاھچى دەپ بىلىمەن. چېچىمنىڭ ئاقارغانلىقى ئاخىرەتتىن بېشارەتتۇر. يوقلۇق ئەلچىسىدىن چارە ئىزدىمەكچى بولىدىكەنسەن، بىچارىلىقتىن ئۆزگە چارە يوقتۇر.

بەس، ئەي ئوغۇل، مەن ئىسمىمنى [ئالەمدىن] ئۆتكەنلەر دائىرىسىدىن تاپتىم ۋە شۇنداق مەسلىھەتكە كەلدىمكى، خەۋەرچىلەر ئەزەل (ۋىدالىشىش) نامىسىنى ماڭا يەتكۈزمەستىن ئىلگىرى، ئەلچىلەر ئۆلۈم خەۋىرىنى قولۇمغا بەرمەستىن بۇرۇن، ئالەمنىڭ ياخشى - يامىنىدىن (ياخشى - يامان ئىشلىرىدىن) نامە پۈتۈپ، ياخشى نام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى بولغان جاھان دەپتىرىنى [ساڭا] يادىكار قىلغايمەن ۋە ئاتىلىق ھەققىنى ساقلاپ، ساڭا ئۇنىڭدىن بەھرىلەر يەتكۈزگەيمەن. تا زامانە قىسمەتلىرى يېرىك ۋە يۇمشاقنى ساڭا ئاڭلاتماستىن ئىلگىرى ئەقلىڭنىڭ كۆزى بىلەن مېنىڭ سۆزۈمگە قارىغايسەن ۋە بۇ پەند - نەسىھەتلىرىمدىن ئارتۇقچىلىق تاپقايسەن ۋە ئىككى جاھاندا ياخشى ئات (نام) ھاسىل قىلغايسەن! مۇبادا سېنىڭ كۆڭلۈڭ بۇ نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىشتىن توختىسا، ئاتىلىق ھەققى مەندىن ئادا بولمىغان بولىدۇ. ئەگەر سەن مېنىڭ سۆزۈمنى خالىمىساڭ، ئۆزگە خالىغۇچىلار بولىدۇ. [ئۇلار] ئاڭلىماق ۋە ئەمەلگە ئاشۇرماقنى غەنىيمەت بىلىدۇ. ناۋادا ئالەم تەقەززاسى چۈشىدىكەن ھېچبىر پەرزەنت ئاتىسىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلمايدۇ. چۈنكى يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىگە غەپلەتتىن شۇنداق بىر ئوت چۈشكەنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلايدۇ؛ ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنى قېرىلاردىن زىيادە دەپ بىلىدۇ. گەرچە بۇ ھال ماڭا مەلۇم بولسىمۇ، ئاتىلىق مېھرى - مۇھەببىتى مېنىڭ جىم تۇرۇۋېلىشىمغا يول قويمىدى. شۇڭا ئۆز تەبىئىتىم ۋە ئەقىل - پاراسىتىم ئارقىلىق ھەربىر بابتا نەچچە سۆز جەمئىي قىلىپ، ھەممىگە لايىق ۋە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، بۇ كىتابتا بايان قىلدىم. مۇبادا سەن [مېنىڭ بۇ پەند- نەسىھەتلىرىمنى ] ئەمەلگە ئاشۇرساڭ، شۈبھىسىزكى، مەن ئاتىلىق بۇرچۇمنى بەجا كەلتۈرگەن بولىمەن.

شۇنداق دېيىلىدۇكى:

«ئېيتماق مەندىن، ئاڭلىماق سەندىن؛ دېمەك ماڭا لازىم، ئىشتىمەك ئىختىيارلىقتۇر.»

بىلگىن، ئەي ئوغۇل! ئادەم ئوغلىنىڭ تەبىئىتى شۇنداق يارالغانكى، ئولتۇرغان - قوپقان، قويغان - تۇتقانلار دۇنيادىن قانچىلىك نېسىۋىنى قولغا كەلتۈرمىسۇن، ئۆزلىرىدىن كېيىن بىر ئەزىز كىشىگە قالدۇرۇپ كېتىدۇ. ماڭا دۇنيادىن كەلگەن نېسىۋە — ئۇشبۇ سۆزدۇر: سەن مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئەزىز كىشىمدۇرسەن. شۇڭا كېتىش ئالدىدا سەن ئۈچۈن «يۈك» قالدۇرماقچى بولۇپ، ماڭا تەئەللۇق نېسىۋىنىڭ ھەممىسىنى ئالدىڭغا ئەۋەتتىم.

ئەي ئوغۇل، شەخسىيەتچى بولمىغىن، يەنى نەپسىڭنىڭ خاھىشىچە ئىش قىلما؛ ناشايىستە ۋە نالايىق ئىشلاردىن پەرھىز قىلغىن، ئاتا - بوۋىلىرىڭغا ئوخشاش پاك ياشا! چۈنكى سېنىڭ ئەسلىڭ شاراپەتلىك خەلقتۇر. ھەر ئىككى تەرەپتىن سەن ۋە سېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭ جاھانغا پادىشاھ بولۇپ كەلگەندۇر. سېنىڭ ئۇلۇغ بوۋاڭ مەلىك شەمسۇل - مەئالى قابۇس ئىبنى ۋەشمىگىر ئەرغۇشنىڭ نەۋرىسى ئىدى. كەيخۇسرەۋنىڭ ۋاقتىدا گىلان پادىشاھى ئىدى.

ئەبۇل ـ مۇئەيەد بەلخى ئۇنىڭ زىكرىنى «شاھنامە»دە بايان قىلغاندۇر.

گىلان دىيارىنىڭ پادىشاھلىقى سېنىڭ بوۋىلىرىڭغا ئۇنىڭدىن يادىكار قالغانىكەن.

سېنىڭ موماڭ مېنىڭ ئانامدۇر. ئۇ مىرزەبان ئىبنى رۇستەم سەردىنىڭ قىزى ئىدى. [ئۇ توغرىلىق] «مىرزەباننامە» ناملىق كىتاب تەسنىپ قىلىنغان.

كابۇس سېنىڭ ئون ئۈچىنچى بوۋاڭدۇر. سېنىڭ ئاناڭ مېنىڭ ئاجىزەمدۇر. [ئۇ] پادىشاھ غازى مەھمۇددىن ناسىرۇددىننىڭ قىزى ئىدى.

مېنىڭ بوۋام چىن ـ مەردان كىشى بولۇپ، يەلمان مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ئىدى.

بەس، ئەي ئوغۇل، ھۇشۇڭ بىلەن بولغىن! شۇ تاپتا مەن ساڭا ياخشىلىقنىڭ نىشانىسى ۋە ئوبدان بولماقنىڭ ئالامەتلىرىنى ئاشكارا قىلدىم.

ئەي ئوغۇل، مېنىڭ بۇ جاھاندىن كېتەر كۈنۈم يېقىنلاشتى. سەن ھەم مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ كېلىسەن.

بىلگىن، ئەي ئوغۇل! بۇ جاھان زىرائەتگاھدۇر. ياخشى ۋە ياماندىن نېمىنى تېرىساڭ، شۇنى يىغىۋالىسەن. سېنىڭ تېرىغىنىڭنى يەنە بىر كىشى ئۆز تېرىلغۇسىغا قوشۇپ يېمىسۇن. سەن ئۇنى ئاۋات يەرگە ئاپىرىپ يېگىن. ئاۋات يەر دەل «سەرايى باقىي» (ئەبەدىيلىك سارىيى) دۇر. ياخشىلار بۇ جاھاندا شىر ھىممەتلىك بولىدۇ؛ يامانلار سەگ (ئىت) ھىممەتلىك بولىدۇ. نەدە تاپسا، شۇ يەردە يېيىش ئىتلارنىڭ ئادىتىدۇر. [ئۆلجىسىنى] باشقا بىر يەرگە ئاپىرىپ يېيىش شىرلارنىڭ رەسمىدۇر. سېنىڭ شىكار قىلىدىغان ماكانىڭ ئۇشبۇ بەش كۈنلۈك ئالەمدۇر. سېنىڭ شىكارىڭ بۇ ئالەمدە ياخشىلىق قىلماق ۋە ياخشى ئات (نام) كۆتۈرمەكتۇر.

بەس، ئەي ئوغۇل، شىكار قىلساڭ، [ئۆلجىلىرىڭنى] تا «سەرايى باقىي»غا ئاپىرىپ يېگىن! شۇندىلا ياخشىلىق نەتىجىسىنى كۆرگەيسەن ۋە ئىنسانلىق دەرىجىسىگە يەتكەيسەن! ئەمما، بۇ ئىشلارنىڭ تەرىقىسى خۇدايىتائالاغا تائەت ۋە ئىبادەت قىلماق بىلەندۇر. كىمكى خۇدايىتائالاغا تەلپۈنىدىكەن ئوتقا ئوخشاش بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئوت كۆيگەنسېرى ئۆلغە-يىپ بارىدۇ؛ خۇدا يولىغا كىرمەي، ئۇنىڭ (ئاللاھتائالانىڭ) تائەت ۋە ئىبادىتىگە بويۇن سۇنماي، ئۆزىنى ئىبادەتتىن يىراق تۇتقان كىشى سۇغا ئوخشايدۇ. چۈنكى سۇ ھامان ئېگىزگە ئەمەس، پەسكە قاراپ ئاقىدۇ ھەمدە تۇپراققا سىڭىپ تۈگەيدۇ.

※ ※ ※

ئەربابلار، دانىشمەنلەرگە مەلۇم، ساھابىلەر، ۋاپا ئەھلىگە روشەن بولغايكى، «قابۇسنامە» ناملىق كىتاب ھىجرىيە تۆت يۈز ئەللىك بەشتە يېزىلغانىكەن①. شۇ زاماندىن تا بۇ دەمگىچە قۇدرەتلىك پادىشاھلار ۋە نامدار ئەمىرلەر بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ، بۇ نامە سىرلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، كۆرۈپ ۋە ئىشىتىپ، پەم ـ پاراسىتى يەتكىنىچە ئەمەل قىلىپ، ئەقىل ـ ئىدراكلىرىغا بېقىپ [مەزكۇر كىتابتا قەيت قىلىنغان] پەند ـ نەسىھەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ جاھاندارلىق قىلىپ، پادىشاھلىق بىلەن مەشھۇر بولۇپ؛ نامدارلىق بىلەن نام چىقىرىپ، ۋۇجۇدلىرىنى ئالەم شەھرىستانىدىن زامانە سەھىپىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆتكەنىكەن.

---

① «قابۇسنامە»دە ھىجرىيە 473 ـ، (مىلادىيە1080 ـ يىلى) دېيىلگەن. «قابۇسنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى. 5 ـ بەتكە قارالسۇن.

زامانە شۇنداق پۈتكەنكى: كىشى تارىخ كىتابلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىدىن ئاگاھ بولۇپ، كىتاب مەزمۇنىچە پادىشاھلىق، ۋەزىرلىك ۋە ئەمىرلىك قىلماقنى ئىزدەيدىغان ۋە خېرىدارلىق قىلىدىغان بولۇشى لازىم. [چۈنكى، ھەرقانداق] زېرەك كىشىمۇ ئىلىمدىن بەھرى ئالمايدىكەن، ئىلىم ئۆگەنمەيدىكەن مەنە دۇردانىلىرىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ، ئىلىم مەنىلىرىنى چۈشەنمەيدۇ.

بۇ ئون سەككىز شەھەر موغۇلىيە مەملىكىتىدۇر. ئۇنىڭ ئىستىلاھاتى (تىل - يېزىق بىلەن بولىدىغان ئەمىر - پەرمان ۋە ھۆكۈمدارلىق) تۈركىي تىل (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى) بىلەن جارى بولغاندۇر. ئىلىم گۆھەرىدىن نېسىۋە قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ، ئەرەبچە - پارسچە كىتابلارنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئىلگىرى ئۆلىمالار ۋە ئىلىمدىن نېسىۋە ئالغان پادىشاھلار، ۋەزىر ۋە ئەمىرلەر بۇ كىتاب ئىلىمدىن [پايدىلىنىپ]، پادىشاھلار خانلىق قىلىپ، ۋەزىرلەر ۋەزىرلىك ئىشىنى بىلىپ، ئەمىرلەر ئەمىرلىك مەنسىپىدە كامالەت تېپىپ، ھەر تائىپە (گۇرۇھ) ئۆز مەرتىۋىلىرىنى كۆتىرىش دەرىجىسىگە يېتىپ [ئالەمدىن] ئۆتكەنىكەن. ھالا ئالەمنىڭ ئۆمرى بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ. زامانە تەقەززاسى ئىلىم ھاسىلاتلىرىنى تونۇتۇش مەزمۇنىغا ئۆلىشىپتۇ. ۋەھالەنكى، بىزدىن كېيىن قالسا، بۇ كىتاب ئەھۋالاتىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان ئەھلى ئىلىملەردىن كىم قالىدۇ؟ ئەمما شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، تۈگەيدۇ! [ئەمدىلىكتە بولسىمۇ] سەلتەنەت ئەھلىلىرى ئىچىدە بۇ كىتابتىن خەۋەردار قىلىش ھېچ كىشىنىڭ كۆڭلىگە يەتمىدى. بۇ نەپىس جاۋاھىرنى ئالەم بازىرىغا سېلىپ، ئامۇخاسلارنى بەھرىمەن قىلىش پىكرى دۇنيادارلاردىن ھېچبىرىنىڭ خاتىرىسىگە كەچمىدى.

مەن دۇنيانىڭ مال - ماتالىرىدىن تۇرلۇك - تۈمەن ۋە ھېسابسىز يىغدىم، لېكىن [ئۇلار] پانى ۋە باقاسىزدۇر. شۇڭا مەن بىر «گۆھەر» نى قولغا كەلتۈرمەكچى. ئۇنىڭ ئەبەدىيلىك سەررىشتەسى (تۇتىشىش ئۇچى) باقىي ئالەمگە باغلىق، ۋۇجۇدى ئىسلام تورىغا ئۇلاقلىق بولغاي! ئۈمىدىم شۇكى، جاھاندارچىلىق سەھىپىسىگە قارىغانلارنىڭ كۆزى مېنىڭ ئىسمىمغا چۈشسە، رەھمەت بىلەن ياد قىلغاي. ئالەم دەپتىرىنى مۇلاھىزە قىلغانلار مېنىڭ سەرگۈزەشتىمنى كۆرگەندە مەرھەمەت ۋە دوستلۇققا نىشان، ئاخىرەتلىكىمنىڭ نەتىجىسىگە ۋاستە، ئالەم ۋە ئەھلى ئالەم ئارا ياخشى تەرىپلىرىمنىڭ قېلىشىغا سەۋەب بولغاي!...

مەلۇمكى، پادىشاھلار، ۋەزىرلەر ۋە نامدار ئەھلى دۇنيادارلاردىن ھېچبىرى بىخەستىلىك قىلىپ، بۇ مەيداندا ئات چاپتۇرۇشقا [يەنى «قابۇسنامە» دەك بىرەر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا] ھەرىكەت قىلىشمىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇل ئېسىللىق سەدىپىنىڭ يېگانە گۆھىرى، قەدىمىي خاندانلىقنىڭ سۆيۈملۈك ئەۋلادى مۇھەممەد ئىبراھىم كۆك بەگ ئىبنى خوجە كەفەك كۆك بەگ بەگ ئىبنى ئەۋەز بەگ ئىبنى مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ (ئۇنىڭغا ئاللاھ رەھمەت قىلغاي) ھىممەت كەمەرىنى بېلىگە باغلاپ، تەۋپىق تاجىنى بېشىغا تاقاپ، ھىدايەت تونى بىلەن قورشىنىپ، بۇ ئۇلۇغ مەرىكىگە كىرىپ، نامدارلىق چېكىسىگە ئۆزىنى ئوراپ، بۇ مۇھەببەتلىك ئىشقا كىرىشىپ ۋە بۇ ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىم، مۇشكۈللۈكىنى بىلىپ، چىن ۋىلايىتىدىن ماچىن دىيارىغا كېلىپ پېقىرنىڭ خانىسىنى، يەنى كەمىنە ساداقەتمەن كىشىنىڭ قەدىمىنى بوسە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ ئالەم ئىچىدە مەخپىي، ئەھلى ئالەم ئارا يوشۇرۇن قالغان نەسىھەت گۆھەرلىرى، پەند - ساۋاق جاۋاھىرلى-

رىنىڭ ئاچقۇچى يوقلۇقىدىن ۋە ياكى ھېچ كىشىنىڭ ئاچقۇسى يوقلۇقىدىن، بۇ خەزىنىلەر ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى ئەلھال ئىمكانىم ئىلكىگە چۈشتى. ئاخىر خەزىنە ئىشىكىنى ئېچىپ، [بۇ دۇرر - جاۋاھىرلارنى] ئەتىراپ ئالەمگە چېچىپ، جاھان ئەھلى ئىچىدە ئامۇخاسقا مەنپەئەت يەتكۈزمەك ئۈچۈن «دالالىتى سەندىن، سەئيى (تىرىشىش) ۋە ئىستىقامەت مەندىن» مەزمۇنىچە قۇۋۋەت تېپىپ، «يادىكارى مەندىن قالغاي، تۆھپىسى خانىدان خەزىنىسىدىن يەتكەي» دېگەن ئۈمىدتە، بۇ دەرگاھنىڭ خېرىدارى، ئەرزىمەس كەمىنە ۋە ئېتىقاد قىلغۇچى، يەنى ساداقەتمەن، كەمتەر، ئەھلى تەسدىق مۇھەممەد سىددىق ئەل - مۇلەققەب بەر - رەشىدى شۇبۇ كىتابنى يېشىم يەتمىش بەشكە يەتكەندە - نەزمە:

*قارىيغاندا كۆرەشتىمەم تاغ بىرلە،*
*قازىدىم تاغنى تىرناغ بىرلە.*

ھىجرىيە مىڭ ئىككى يۈز (مىلادىيە 1785 - 1786 - يىلى) دە باشلاپ ئىككى يۈز بىر (مىلادىيە 1786 - 1787 - يىلى) دە زۇلقەئدە (11 - ئاي) ئېيىنىڭ ئون بەشى، ئازنا كۈنى تامامىغا يەتكۈزدۇم. (ئاللاھ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر. ئاللاھ ناھايىتى مېھرىبان، ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر.)

**مۇندەرىجە:**

بۇ كىتابنى مۇقەددىمىسىدىن باشقا قىرىق تۆت باب بويىچە بىنا قىلدىم. بابلارنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۆۋەندىكىچە تۈزۈپ چىقتىم[1]:

بىرىنچى باب ھەقتائالانى تونۇماقنىڭ بايانى؛ ئىككىنچى باب پەيغەمبەرلەرنىڭ يارىتىلىشىنىڭ بايانى؛ ئۈچىنچى باب نېمەت ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماقنىڭ بايانى؛ تۆتىنچى باب قۇۋۋەت بارىدا تائەتنى زىيادە قىلماقنىڭ بايانى؛ بەشىنچى باب ئاتا - ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇماقنىڭ بايانى؛ ئالتىنچى باب ھۈنەرنىڭ قىممىتى گۆھەردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنىڭ بايانى؛ يەتتىنچى باب سۆزلىمەك ۋە سۆزنىڭ ياخشى - يامىنىنىڭ بايانى؛ سەككىزىنچى باب نۇشىرۋان ئادىلنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىنىڭ بايانى؛ توققۇزىنچى باب يىگىتلىك ۋە قېرىلىقنىڭ بايانى؛ ئونىنچى باب تائام يېيىش تەرتىپىنىڭ بايانى؛ ئون بىرىنچى باب شاراب ئىچمەكنىڭ بايانى؛ ئون ئىككىنچى باب مېھمان بولماق، مېھمان قىلماق ۋە ئەيش - ئىشرەت قىلماقنىڭ بايانى؛ ئون ئۈچىنچى باب نەرد، شاھمات ئويناماقنىڭ بايانى؛ ئون تۆتىنچى باب ئاشىق بولماق ۋە ئىشقتا بىرىلمەكنىڭ بايانى؛ ئون بەشىنچى باب جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماق ۋە خوتۇن كىشىدىن مەنپەئەت ئالماقنىڭ بايانى؛ ئون ئالتىنچى باب ھاممامغا بارماقنىڭ بايانى؛ ئون يەتتىنچى باب ئۇخلىماق ۋە ئارام ئالماقنىڭ بايانى؛ ئون سەككىزىنچى باب شىكار قىلماق ۋە ئوۋ ئوۋلىماقنىڭ بايانى؛ ئون توققۇزىنچى باب چەۋگان ئويناماقنىڭ بايانى؛ يىگىرمىنچى باب جەڭ قىلماق ۋە دۈشمەن بىلەن خۇسۇمەت قىلماقنىڭ بايانى؛ يىگىرمە بىرىنچى باب مال يىغماق ۋە دۇنيا تاپماقنىڭ بايانى؛ يىگىرمە ئىككىنچى باب ئامانەتنى

[1] مۇندەرىجە ھەربىر باب ۋە ماۋزۇلارغا سېلىشتۇرۇلۇپ، پەرقلىق ئىمكان قەدەر تۈزىتىلىپ تەييارلاندى. تېكىست ئىچىدىكى ھەربىر باب ۋە ماۋزۇلارمۇ شۇنداق.

ساقلىماقنىڭ بايانى؛ يىگىرمە ئۈچىنچى باب خىزمەتچى ۋە دىدەك ئالماقنىڭ بايانى؛ يىگىرمە تۆتىنچى باب يەر ـ سۇ، ھويلا ئالماقنىڭ بايانى؛ يىگىرمە بەشىنچى باب ئات ئالماقنىڭ بايانى؛ يىگىرمە ئالتىنچى باب خوتۇن ئالماقنىڭ بايانى؛ يىگىرمە يەتتىنچى باب پەرزەنتنىي پەرۋىش قىلماقنىڭ بايانى؛ يىگىرمە سەككىزىنچى باب دوست تۇتماقنىڭ بايانى؛ يىگىرمە توققۇزىنچى باب دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلماقنىڭ بايانى؛ ئوتتۇزىنچى باب گۇناھكارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلماقنىڭ بايانى؛ ئوتتۇز بىرىنچى باب ئىلىم تەلەپ قىلماق ۋە قازى بولماقنىڭ بايانى؛ ئوتتۇز ئىككىنچى باب تىجارەت قىلماقنىڭ بايانى؛ ئوتتۇز ئۈچىنچى باب تىببابەت ئىلمى تەلەپ قىلماقنىڭ بايانى؛ ئوتتۇز تۆتىنچى باب ئىلمي نۇجۇم (ئاسترونومىيە ئىلمى) بىلمەكنىڭ بايانى؛ ئوتتۇز بەشىنچى باب شېئىر ئېيتماق ۋە شائىرلىق قائىدىلىرىنىڭ بايانى؛ ئوتتۇز ئالتىنچى باب ساز چالماق، يەنى نەغمە ـ ناۋا قىلماقنىڭ بايانى؛ ئوتتۇز يەتتىنچى باب پادىشاھلار خىزمىتىدە بولماقنىڭ بايانى؛ ئوتتۇز سەككىزىنچى باب پادىشاھلارغا كاتىپ بولماقنىڭ بايانى، يەنى مەخپىيەتلىكلەرنى پۈتمەك ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا بايان؛ ئوتتۇز توققۇزىنچى باب ۋەزىر بولماقنىڭ بايانى؛ قىرىقىنچى باب ھەربىي ئەمەلدار بولماق، يەنى لەشكەر باشلىماقنىڭ بايانى؛ قىرىق بىرىنچى باب پادىشاھ بولماقنىڭ بايانى؛ قىرىق ئىككىنچى باب پادىشاھلىقنىڭ بايانى؛ قىرىق ئۈچىنچى باب دېھقانچىلىقنىڭ بايانى؛ قىرىق تۆتىنچى باب مەردلىك ۋە سېخىيلىقنىڭ بايانى.

## بىرىنچى باب ھەقتائالانى تونۇماقنىڭ بايانى

بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىن، ئەي ئوغۇل، بۇ ئالەمدە [مەۋجۇد] بولغان ۋە بولىدىغان نەرسىلەردىن ئىنسان تونۇيالايدىغان ۋە بىلەلەيدىغان ھېچنەرسە يوقتۇر. ئەمما، ھەقتائالانى تونۇشتا ئاجىزسەن. ناۋادا خۇدادىن ئۆزگىنى ئىلاھ دەپ تونۇساڭ، ئۇنى، يەنى ھەقتائالانى تونۇشتا يول قالمايدۇ. سەندە خۇدانى تونۇغىدەك قابىلىيەت بولغاندىلا، ئاندىن خۇدانى تونۇغۇچى بولالايسەن.

قابىلىيەت — تونۇماقنىڭ ۋە تونۇلماقنىڭ مىسالى نەقىش ئىشلىنىدىغان تاشنىڭ نەقشىنى قوبۇل قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە ئوخشايدۇ. قوبۇل قىلغۇچى ئۆزىگە نەقشنى قوبۇل قىلمىغۇچە، ھېچ نەققاش ئۇنىڭغا نەقىش ئويالمايدۇ. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش مىسال شۇكى، مومنى كۆرمەمسەن، موم ئۆزىگە نەقشنى تاشتىن ياخشىراق قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭغا موھۇر باسقىلى بولىدۇ. ئەمما تاشقا موھۇر، يەنى تامغا باسقىلى بولمايدۇ.

خوش، ھەممىنى تونۇيدىغان ئاپىرىدە نەرسىلەرنى، يەنى ئادەملەرنى يارىتىشتىكى مەقسەت، ئۇلارغا، يەنى ئىنسانلارغا خۇدانى تونۇتۇشتۇر. ئالەمنىڭ يارىتقۇچىسى ـ تەڭرىم سېنى قوبۇل قىلغۇچى قىلىپ ياراتقانىكەن، سەن ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت جەھەتتە ئۆزۈڭگە تايان. ئالەمنىڭ يارىتقۇچىسى، يەنى تەڭرىگە تايىنىۋالما. قۇدرەت ۋە سۈپەت بىلەن قىلىنغان ئىشتىن قىلغۇچىنى، يەنى تەڭرىنى تونۇۋال. چۈنكى تېخى قىلىنمىغان ئىشنى قىلىش ئۈچۈن بىر قىلغۇچى كېرەك بولىدۇ. ھەم شۇ قىلىنماي قالغان ئىشلار ۋاقتى ـ سائىتى يەتكەندە ھامان قىلىنىدۇ. بەرھەقكى، بۇ زامان كەلگۈچى ۋە كەتكۈچىدۇر. ئۇنىڭ، يەنى شۇ كەلگۈچى ۋە كەتكۈچى زاماننىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى بولىدۇ. شۇڭا سەن بۇ جاھاننىڭ مۇنتىزىم

كونترول قىلغۇچىسى بار ئىكەنلىكىنى بىلگىن. دائىم ئېسىڭدە بولسۇنكى، بۇ جاھاننىڭ سىرلىرىنى ئېچىلماس ۋە بۇزۇلماس دەپ گۇمان قىلما، يەنى بۇ جاھان داۋاملىق مۇشۇ ھالەتتە تۇرىدۇ، دەپ ئويلاپ قالما. خۇدايىتائالانىڭ ياخشىلىقلىرىنى، قۇدرىتىنى ۋە بەرگەن نېمەتلە- رىنى ئويلا. لېكىن ۋۇجۇدى توغرىسىدا ئويلاپ يۈرمە، يەنى ۋۇجۇدى - بارلىقى توغرىسىدا گۇماندا بولما. چۈنكى، بۇنداق ئويدا بولۇش پۈتۈنلەي گۇناھتۇر. بۇ ھەقتە دېيىلىدۇكى: ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسىنى، يەنى تەڭرىنى ئويلاش شەرتتۇر. ئەمما ئاللاھنىڭ زاتى، يەنى جىسمى توغرىسىدا ئويلاش — ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى تەڭرىنىڭ زاتى — جىسمى توغرىسىدا خىيالغا يول بېرىش گۇناھتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ( ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى ئۇنىڭغا بولسۇن) : «ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ھەققىدە ئويلىنىڭلار» دېگەن.

خوش، ھەر ئىسىم ۋە ھەر سۈپەت بىلەن خۇدايىتائالانى ياد قىلغان ۋاقتىڭدا، خۇدايىتائا- لانىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى؛ ئۆزۈڭنىڭ بولسا، ئاجىز ۋە بىچارە ئىكەنلىكىڭنى ئىزھار قىلغىن. بولمىسا، سەن خۇدايىتائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايسەن. خۇدايىتائالانى بىرلىك ۋە يېگانىلىق بىلەن تونۇساڭ، شېرىكىدىن، يەنى شېرىك كەلتۈرۈشتىن قۇتۇلالايسەن. چۈنكى بىر ۋە يېگانىلىق، دەرھەقىقەت، خۇدايىتائالاغىلا خاستۇر. خۇدادىن ئۆزگىسىنىڭ ھەممىسى ئىككىدۇر. چۈنكى ئۇلار، يەنى تەڭرىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە ئىككىلىك سۈپەتتە مەۋجۇد بولىدۇ. مەسىلەن، جىسىمغا ئوخشاش مۇرەككەپ تەركىبلەرنىڭ ئۆزئارا ئايرىلىشى ئارقىلىق ئىككى بولۇشى ياكى بۆلۈنىشى ئارقىلىق ئىككى بولۇشى ۋە ياكى بىر - بىرىگە قوشۇلۇش ئارقىلىق ئىككى بولۇشى؛ مالىكۇلا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ بىر بىرىگە ئۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىككى بولۇشى ( بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار «شەرھىي ئەقائىد» تا بايان قىلىنغان) ياكى ئاتا - ئانىلارغا ئوخشاش تۇغۇلماق بىلەن ئىككى بولۇش ياكى شەيئى - ماددىغا ئوخشاش بىر نەرسىدىن بىر نەرسە ھاسىل بولۇش ياكى ماكانغا ئوخشاش سان جەھەتتىن ئىككى بولۇش ياكى زامانغا ئوخشاش ۋاقىت جەھەتتىن ئىككى بولۇش ياكى خۇسۇسىيەت، يەنى خاراكتېرغا ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىنى قوبۇل قىلىشى ئارقىلىق ئىككى بولۇشى ياكى بارلىق - يوقلۇق بىلەن ئىككى بولۇش ياكى چۈشەنچە — بىلىش جەھەتتىن ئىككى بولۇش قاتارلىقلار.

يۇقىرىدا ئىككىلىكنىڭ ئالامىتى ۋە نىشانلىرىنى بايان قىلدۇق. دېمەك، تەڭرىملا ھەمتەڭدىن مۇستەسنا يەككە - يېگانىدۇر. بۇنىڭ ھەقىقىتى شۇكى، خۇدادىن بۆلەك ھەرقان- داق نەرسىنى سەن تەسەۋۋۇر قىلالايسەن. چۈنكى ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى تەڭرى شەكسىز ۋە شۈبھىسىز ئۇنى كۆڭلۈڭگە پەيدا قىلغان!

## ئىككىنچى باب پەيغەمبەرلەرنىڭ يارىتىلىشىنىڭ بايانى

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ھەقسۇبھانەۋەتائالا بۇ جاھاننى ھاجەتمەن بولۇپ ئاپىرىدە قىلمى- دى، نە ئويۇن ئۈچۈن ۋە نە جەبىر - زۇلۇم ئۈچۈن ياراتمىدى. بەلكى ئادالەت ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلدى ھەمدە ھېكمەت بىلەن ياسىدى ۋە زىننەتلىدى. دانالىقى، ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن بارلىقىنىڭ يوقلۇقتىن ئوبدان، ياخشىلىقىنىڭ يامانلىق، يەنى بۇزۇقچىلىقتىن بەلەن ئىكەنلى-

uyghurkitap.com



كىنى بىلدۈردى. ھەرقانداق نەرسىنى پەيدا قىلغان بولسا، شۇنىڭغا ياندىش ئادالەتنى پەيدا قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنسىز قىلمىدى. بەلكى بىلىپ تۇرۇپ ھېكمەت يۈسۈنى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقاردى. قايسىسى لايىق ۋە ئوبدان بولسا، شۇنى قىلدى. قۇياشسىز ئالەمنى يورۇتالايدىغان، بۇلۇتسىز يامغۇر ياغدۇرالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. ئەمما ھەرقانداق ئىشنى ھېكمەت تەقەززاسى بويىچە قىلىشنى خالىدى. شۇڭا ۋاستىسىز ھېچنېمىنى پەيدا قىلمىدى، يەنى بارلىق يارالمىشنى ۋاستە ئارقىلىق ياراتتى. ھەتتا ۋاستە-نى ياخشىلىق ۋە يامانلىق، يەنى پىتنە - پاسات، بۇزۇقچىلىقتا سەۋەب قىلدى. چۈنكى، ۋاستە ئارىدىن كۆتۈرۈلسە، يەنى ۋاستە بولمىسا، تەرتىپ - نىزامنىڭ مۇۋاپىقلىقى، شاراپەت ۋە ئۇلۇغلۇقى ھەم ئارىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەر ئىدى. ئىش - ھەرىكەت ۋە يارالمىشنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەرتىپ قانداق لازىم بولسا، شۇ تەرتىپكە مۇۋاپىق ۋاستىنى ھەم پەيدا قىلدى. شۇنىڭدەك، بىر غەزەب قىلغۇچى، يەنى تەرتىپ - نىزام ئىگىسى ۋە غەزەب قىلىنغۇچى، بىر رىزىق بەرگۈچى ۋە رىزىق يەتكۈزگۈچى لازىم بولدى. چۈنكى بۇ ھەر ئىككى ئىش خۇدايىتائالانىڭ بىرلىككە گۇۋاھتۇر. شۇنداق ئىكەن، سەن ھەرقانداق ئىشتا ۋاستە-نىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشەن. ئەمما ۋاستىگە ئېسىلىۋالما. يەنى ئىشنىڭ نەتىجىلىك ياكى نەتىجىسىز، ھوسۇلنىڭ كۆپ ياكى كەم بولۇشى قاتارلىقلارنى ۋاستىدىن كۆرمە. بەلكى ۋاستىنى پەيدا قىلغان ئاللاھتائالادىن دەپ بىلگىن. مەسىلەن، ئەگەر زېمىن ھوسۇل بەرمە-سە، ئۇنى يەردىن كۆرمە؛ يۇلتۇز دەردىگە يەتمىسە، ئۇنى يۇلتۇزدىن كۆرمە. چۈنكى يۇلتۇزنىڭ دەردۇ ئەھۋالىدىن قانداقمۇ خەۋىرى بولسۇن؟! ئوخشاشلا زېمىننىڭ كۆپ ياكى ئاز ھوسۇل بېرىشىدە قانداقمۇ قۇدرىتى بولسۇن؟! بىراق يەرگە زەھەرلىك دورا ئۇسۇملۈكى تېرىساڭ، ئۇ ئەلۋەتتە زەھەرلىك ھوسۇل بېرىشكە قادىردۇر. ئەمما ياخشىلىق ياكى يامانلىق بىلەن يۇلتۇزنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق (كىشىلەر يۇلتۇزغا قاراپ ياخشىلىقنىڭ ياكى يامانلىقنىڭ بېشارىتىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ خاتا قاراش، چۈنكى ئۇمۇ يارالمىش جۈملىسىدىندۇر).

تەڭرىم بۇ جاھاننى ھېكمەت بىلەن بەرپا قىلدى ۋە ھەر تۈرى بويىچە ئۆز لايىقى ۋە سىياقى بىلەن ياسىدى. جاھاننىڭ زىننىتى ئۈچۈن ھايۋاناتنى، يېمەك - ئىچمەكنى، كىيىم - كېچەكنى ۋە تۈرلۈك ياخشى نەرسىلەرنى — لازىملىقلارنى ياراتتى.

ئاللاھتائالا قۇرئاندا: «ئاسمان - زېمىننى ھەق بىلەن ياراتتۇق» دېگەن.

ھەقسۇبھانەۋەتائالا جاھاندا ھېچبىر نېمەتنى بىھۇدە ئاپىرىدە قىلمىدى. ئەگەر «بىھۇدە» دېيىلسە، دەل بەرگەن نېمەتنىڭ ۋە رىزىقنىڭ قەدرىنى بىلمەسلىكتۇر. چۈنكى تەڭرىم ئىنسانىنى ئاپىرىدە قىلىش بىلەن تەڭ، يېيىش ئۈچۈن تۈرلۈك نېمەتنى پەيدا قىلدى ۋە ئىنسانلارغا ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەرتىپسىز - قالايمىقان بولمىسۇن ئۈچۈن ئىنسانلارغا يەنە سىياسەت، ئۇلارنى تەرتىپلەش ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچى ۋە يول باشلىغۇچى لازىم بولدى. ئەسلىدە ھەربىر رىزىق يېگۈچى رىزىقنى ئۆز تەرتىپى ۋە ئادالەت بىلەن يېيىشى لازىم ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا رىزىق بەرگۈچى قەدرىنى بىلمىگەن ۋە شۈكرى قىلمىغانلارغا رىزىق بەرگەن بولۇپ قالىدۇ - دە، ئۇنىڭ مۇكاپاتى، يەنى جازاسى رىزىق بەرگۈچىگە يېتىدۇ. ۋاھالەنكى، رىزىق بەرگۈچى نۇقسانسىز ئىدى. شۇڭا رىزىق يېگۈچىلەرنى ھېچنېمە بىلمەسلىك سەۋەبىدىن گۇناھلىق بولۇپ قالسىمۇ تاشلىۋەتمىدى. بەلكى ئۇلار ئۈچۈن، يەنى رىزىق يېگۈچىلەرنى تونۇتۇش، رىزىق يېمەكنىڭ تەرتىپىنى بىلدۈرۈش ۋە رىزىق بەرگۈچىگە شۈكرى

— قانائەت قىلىشنى ئۆگىنىش ۋە ئالەم ئىشلىرىنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتتى. بۇ هالدا ئادالەت هېكمەت بىلەن نەتىجە بېرىدۇ؛ هېكمەت نېمەت بىلەن نەتىجە بېرىدۇ؛ نېمەت رىزىق يېگۈچى (ئاۋام) بىلەن نەتىجە بېرىدۇ؛ رىزىق يول باشلىغۇچى پەيغەمبەرلەر بىلەن نەتىجە بېرىدۇ. ئەگەر هەممە ئىش مۇشۇ تەرتىپتىن تاشقىرى بولمىسىلا، هەقىقەت ئۈچۈن يول ئوچۇقتۇر. ئۆزۈڭگە قىياس قىل. سەن، يەنى رىزىق يېگۈچى رىزىق بەرگۈچى تەرىپىدىن پەزىلەت ۋە هۆرمەت بىلەن بېرىلگەن نېمەتلەرنى قوبۇل قىلغان ئىكەنسەن، ئەلۋەتتە، يول باشلىغۇچىلارنىڭ هەققىنى تونۇشۇڭ؛ رىزىق بەرگۈچى ئۈچۈن رەهمەت ئېيتىشىڭ ۋە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەرهەق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارغا تەۋە بولۇشۇڭ، يەنى ئۇلارغا ئەگىشىشىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرنى هەق ۋە راست ئېيتقۇچى، دەپ بىلىشىڭ لازىمدۇر. شۇڭا ئادەمدىن، يەنى ئادەم ئەلەيهىسسالامدىن تاكى ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامغىچە هەممىسىنىڭ پەرمانلىرىدا بولغايسەن ۋە دىنىي ئىسلام ئىشىدا هەمدە بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش يولىدا قىلچە سەهۋەنلىك سادىر قىلمىغايسەن. دىنىي ئىسلامغا ئائىت پەرزلەرنى ئوبدان بەجا كەلتۈرگەيسەن. تا ئالەمدە ياخشى نامغا ۋە هۆرمەتكە سازاۋەر بولاي دېسەڭ، كىتابلارنى، يەنى قۇرئان كەرىم ۋە هەدىسلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى هەق ۋە راست بىل. ئۇلار توغرىسىدا هېچقانداق شەك كەلتۈرمە. شۇندىلا ئىككى جاهاندا، يەنى بۇ ئالەم ۋە ئۇ ئالەمدە گۇناهتىن خالاس بولىسەن!

## ئۈچىنچى باب نېمەت ئىگىسىنىڭ هەققىنى ئادا قىلماقنىڭ بايانى

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، بەرگەن نېمىتى ئۈچۈن نېمەت ئىگىسىگە شۈكرى ئېيتىش هەممە ئادەمگە ۋاجىبتۇر، يەنى باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەتتۇر. هەقسۇبهانەۋەتائالا: «بەرگەن نېمەتلىرىمگە شۈكرى قىلىڭلار» دەپ پەرمان قىلغان. شۇڭا بىز شۇ نېمەت ئىگىسىگە ئۇشبۇ پەرمان يۈزىسىدىن، يەنى پەرمان قىلغانلىقى سەۋەبىدىنلا ئەمەس، بەلكى نېمەت ئاتا قىلغانلىقى سەۋەبلىك شۈكرى قىلىشىمىز شەرتتۇر. چۈنكى، ئادىمىزات ئۆز ۋۇجۇدىنى پۈتۈن ئۆمرىدە پەقەت شۈكرى ئۈچۈنلا سەرپ قىلسىمۇ، نېمەت ئىگىسى ئاتا قىلغان نېمەتنىڭ مىڭدىن بىرىنىڭ شۈكرىسىنىمۇ ئادا قىلىپ بولالمايدۇ. دىنىي ئىسلامدا تائەتنىڭ سانى بەشتۇر. بۇنىڭدىن ئىككىسى پەيغەمبەرلەرگە خاستۇر؛ ئۈچى خالايىققا، يەنى ئاۋامغا خاستۇر. بۇ ئۈچىنىڭ بىرى، تىل بىلەن ئىقرار قىلماق ۋە كۆڭلى بىلەن ئېتىراپ قىلماق؛ ئىككىنچىسى، بەش ۋاق نامازنى ئادا قىلماق؛ ئۈچىنچىسى، ئوتتۇز كۈن روزا تۇتماق.

«ئەشهەدۇئەن لائىلاهە ئىللەللاهۇ مۇهەممەدۇن رەسۇلىللاه» دېمەك ئاللاهتائالادىن ئۆزگە هېچ ئىلاهنىڭ يوقلۇقىغا دەلىل ئېيتقانلىق بولىدۇ. ناماز ئۆتىمەك، تىلىدا ئېيتقانغا تەستىق قىلىپ، بەندىلىككە ئىقرار قىلغانلىق بولىدۇ. روزا تۇتماق، دېگىنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، خۇدايىتائالانىڭ خۇدالىقىغا ئىقرار قىلغانلىق بولىدۇ. ناۋادا سەن «مەن خۇدانىڭ بەندىسى» دېگەن ئىكەنسەن، ئۇ هالدا بەندىلىك هالىتىدە بولۇپ، ئۆزۈڭنى بەندىلىك يوسۇنىدا تۇتۇشۇڭ كېرەك. مىسالەن، ساڭا بەندە بولغان كىشى، ئەلۋەتتە ساڭا تائەت قىلىشى لازىم. ئوخشاشلا سەن خۇدانىڭ بەندىسى ئىكەنسەن، سېنىمۇ هەم خۇدانىڭ بەندىلىكىدە بولۇپ، خۇداغا

www.uyghurkitap.com

تائەت قىلىشتىن باش تارتماسلىقنىڭ شەرتتۇر. «ئىتائەتسىز بەندە» بولما. ئىتائەتسىز بەندىدە ئېتىقاد بولمايدۇ. ئېتىقادسىز بەندىنىڭ ئۆمرى كۆتاھ بولىدۇ، يەنى ئېتىقادسىز بەندىدە ئىنسانىي خىسلەت كەم بولىدۇ. نەزمە:

*كىشى تۇتسە ئۆزىنى ساھىب كۆڭلۈ،*
*خۇدالىقنى قىلغان بولۇر ئارزۇ.*

— ئاگاھ بول، ئەي ئوغۇل، ناماز ۋە روزا خاس خۇدايىتائالانىڭ ئىبادىتىدۇر، يەنى خاس خۇدايىتائالاغا قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر. شۇڭا بۇ توغرىدا سەھۋەنلىك سادىر قىلما. چۈنكى خاس خۇدايىتائالاغا بولغان ئىبادەتتە سەھۋەنلىك ئۆتكۈزسەڭ، باشقا تائەتتە توختاپ قالىسەن. شۇنى بىلگىنكى، شەرىئەت ئىگىلىرى نامازنى ھەممە دىنغا باراۋەر بۇيرۇغان. شۇڭا ھەرقانداق بىر كىشى نامازدىن قول يىغسا، ھەممە دىنىدىن يۈز ئۆرىگەن بولىدۇ.

ئەي ئوغۇل، نامازنى تەرك قىلىشنى كۆڭلۈڭگە ۋە ياكى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمە. ئەگەر دىيانەت يۈزىسىدىن ۋە ياكى ئەقىل يۈزىسىدىن تەسەۋۋۇر قىلساڭ، نامازنىڭ كۆپلىگەن پايدىسى بارلىقىنى بىلىسەن. بىرىنچى پايدىسى شۇكى، ھەرقانداق كىشى بەش ۋاق نامازنى بەجا كەلتۈرسە، ئالدى بىلەن ئىگىنىنى (كىيىمىنى) پاك تۇتمىقى لازىم بولىدۇ. ھېچ بولمىغاندا، پاكلىق، يەنى پاكىزىلىق — ئىرىغسىزلىقتىن ئوبدانىدۇر؛ يەنە بىرى، ناماز ئۆتىسەڭ، تەكەببۇرلۇقتىن خالىي بولىسەن. چۈنكى نامازنىڭ ھەقىقىتى كەمتەرلىك، يەنى ئۆزىنى ئەدەب بىلەن تۇتۇشتۇر. ئەگەر سەن تەبىئىتىڭنى كەمتەرلىك - كىچىك پېئىللىق بىلەن بېزىسەڭ، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭ — ئەزالىرىڭ شۇ يوسۇنلۇق زىننەتلىنىدۇ. ئۇلار قول، پۇت، كۆز، تىل، قۇلاق، قورساق ۋە ئەۋرەتلىرىڭدۇر. بۇلارنى تىزگىنلىمەك ۋە پاك تۇتماق شەرتتۇر. بەدەن ئەزالىرىڭنى ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقچىلىق ۋە ناشايىستە ئىشلاردىن يىراق تۇت. تا روزىنىڭ ھەقىقىنى ئادا قىلغان بولىسەن. بىلىپ قوي، روزا تۇتۇشنىڭ پايدىسى شۇكى، كىچىلىك ۋە كۈندۈزلۈك نىيىتىڭ بولسا، كۈندۈزى يەيدىغان نىسىۋىنى مۇھتاجلارغا بەرگىن. تا ئاچلىق تارتقانلارنىڭ ساۋابى ساڭا بولىدۇ. قىلغان ئىشىڭنىڭ شەپقەت ۋە مەنپەئىتىنى كۆرىسەن. ئومۇمەن، بۇ ئۈچ تائەتكە ئەمەل قىلىش جاھان خەلقىنىڭ ئىشىدۇر. شۇڭا بۇنىڭدا سەھۋەنلىكنى، يەنى سەھۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمە. بۇ ئۈچ تائەتنى ھەرگىز تەرك قىلما. ناۋادا تەرك قىلساڭ، بۇنىڭغا ھېچبىر ئۆزرە يوقتۇر. ئەمما بۇ ئىككى تائەتنى، يەنى پەيغەمبەرلەرگە خاس تائەتنى ئۆزرە بولسا، تەرك قىلماق راۋادۇر.

بۇ بابتا سۆز كۆپ ئىدى، ئەمما زۆرۈرلىرىنىلا بايان قىلدۇق.

## تۆتىنچى باب قۇۋۋەت باردا تائەتنى زىيادە قىلماقنىڭ بايانى

— بىلگىن، ئەي ئوغۇل، خۇدايىتائالا باي ۋە كۈچ - قۇدرىتى بارلارغا خاس ئىككى ئىشنى پەرز قىلدى. بىرى زاكات، بىرى ھەج. كىمىكى دۇنياسى ۋە قۇدرىتى بولسا، زاكات

بەرسە، خانەئى كەئبەنى زىيارەت قىلسا بولىدۇ. قۇدرىتى بولمىسا، پەرز ئەمەس. ھەجنى دۇنيادار- لار، پۇل - مېلى بار بايلار ئادا قىلسا بولىدۇ. چۈنكى ھەج قىلماقنىڭ ئالدىنقى شەرتى سەپەردۇر. نامرات ۋە ئاجىزلارغا سەپەر بۇيرۇماق تولىمۇ ئەقىلسىزلىقتۇر. كۆرمىگەننى كۆرۈش، يېمىگەننى يېيىش، تاپمىغاننى تېپىش — سەپەرنىڭ لەززىتى. بىلگىنكى، لەززە- تىنىڭ ھەممىسىنى سەپەردە كۆرسەن. كۆرمىگەننى كۆرسەن، يېمىگەننى يەيسەن، تاپمىغاننى تاپىسەن. ئەمما بۇ ئىشلارغا سەپەر قىلماي تۇرۇپ مۇيەسسەر بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا سەپەر ئەھلى جاھان كۆرگەن بولغاچقا، تەجرىبىلىك ۋە دانا كېلىدۇ. ئۇلار باشقىلار كۆرمىگەننى كۆرگەن، باشقىلار ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىغان. بۇ ھەقتە دانالار: «ئاڭلىغان كۆرگەندەك ئەمەس» دېگەن.

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ئەگەر دەرۋىش ۋە نامرات كىشى ھەج قىلسا، ئۆزىنى ھالاكەتكە سالغان بولىدۇ، چۈنكى دەرۋىشلەر دۇنيادارلارنىڭ قىلىقىنى قىلسا، گويا ساقلارنىڭ ئىشىنى قىلغان ئافىرىقلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ خۇددى ھاجىنىڭ قىسسىسىغا ئوخشاشتۇر.

**ھېكايەت:**

*ئاڭلىشىمچە، بىر ۋاقىتلاردا بۇخارانىڭ ھاكىمى ھەج قىلىشنى ئىرادە قىلدى. ئۇ نېمەتكە باي، دۇنيادار كىشى ئىدى. شۇ قېتىم سەپەرگە چىققانلار ئىچىدە ئۇنىڭدىن بايراق كىشى يوق ئىدى. ھەممىگە ئۇ ھەمدەمدە بولاتتى. يۈزدىن ئارتۇق تۆگە ئۇنىڭ يۈكىنى تارتاتتى. ئۆزى ھارۋىدا ئولتۇرۇپ خىرامان يول يۈرەتتى. دەرۋىش ۋە پۇلدار بايلار ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى. ۋاقىتىكى، ئۇلار ئەرافاتقا يېقىن كەلگەندە ئاچ ۋە ئۇسسۇز، يالاڭ ئاياغ بىر دەرۋىش كىشى ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. دەرۋىش ھاكىمنى بۇ قاتارلىق نازۇ نېمەت، راھەت - پاراغەت ئىچىدە كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قاراپ:*

*— ئۇ ئالەمگە بارغاندا مۇكاپاتمۇ، جازامۇ ھەر ئىككىمىز ئوچۇن تەڭ باراۋەردۇر. سەن بۇ قاتارلىق راھەت - پاراغەت ئىچىدە يول يۈرۈپسەن، مەن بولسام بۇ قاتارلىق جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە كۈن كەچۈرۈۋاتىمەن، — دېدى. ھاكىم:*

*— مۇكاپات كۈنىدە ئەلۋەتتە، خۇدايىتائالا ماڭىمۇ ساڭا ئوخشاشلا جازا بېرىدۇ. ئەمما، مېنىڭ مەرتىۋەم، يەنى ھال - كۈنۈم سېنىڭ ئۈشىبۇ مەرتىۋەڭ، يەنى ھال - كۈنۈڭ بىلەن ئوخشاش بولغان بولسا، ھەرگىزمۇ دەشت - باياۋانلارنى كېزىپ بۇ يەرگە كەلمەسىدىم، — دېدى. دەرۋىش:*

*— نېمە ئۈچۈن كەلمەسىدىڭ؟ — دېدى.*

*ھاكىم دېدىكى:*

*— مەن خۇدانىڭ پەرمانى بىلەن كەلدىم. سەن بولساڭ خۇدانىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلدىڭ. مېنى بولسا خۇدا چىللاپ كەلدى. شۇڭا مەن مېھماندۇرمەن. سەن بولساڭ تېخى بىر بالا ئىكەنسەن. بالىنىڭ ھۆرمىتى نەدىمۇ مېھماننىڭ ھۆرمىتى بىلەن تەڭ بولالىسۇن؟! خۇدايە- تائالا ھەج قىلماقنى دۇنيادارلارغا بۇيرۇغان ۋە: «ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە سالماڭلار» دېگەن. ئەمما سەن خۇدايىتائالانىڭ پەرمانىغا خىلاپ ھالدا ئاچ، ئۇسسۇز ۋە بىچارىلىك بىلەن چۆل كېزىپ ئۆزۈڭنى ھالاكەتكە تاشلاپسەن. شۇڭا پەرمان تۇتقانلار، يەنى پەرمان بويىچە ئىش قىلغانلار بىلەن ئۆزۈڭنى قانداقمۇ باراۋەر ئورۇندا قويالايسەن؟! ھەر كىشى ئۆز ھالىغا بېقىپ ھەج ئادا قىلسا، خۇدايىتائالانىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ، بەرگەن*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



*ئىمتىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ؛*

— ئەي ئوغۇل، ۋاقتىكى، سەندە ھەم ھەجنىڭ سەرەمجانلىرى، يەنى تەييارلىقلىرى تولۇق پۈتكەن بولسا، تائەتتە سەھۋەنلىك سادىر قىلما. ھەجنىڭ سەرەمجانلىرى بەش تۈرلۈك بولىدۇ، ئۇلار: بايلىق (مال ـ بىسات)، مۇددەت (ۋاقىت)، ھۆرمەت، خاتىرجەملىك ۋە راھەت. ناۋادا بۇ بەش تۈرلۈك شەرتنى ھازىرلىغان بولساڭ، تىرىشىپ ھەجنى تامام قىل. شۇنى بىلگىنكى، ھەج قۇدرەتلىك، يەنى ئىمكانىيەتلىك بولغاندا سەندىن ھېچ ۋاقىتتا ساقىت بولمايدىغان، يەنى ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان تائەتتۇر.

بىلگىنكى، خۇدايىتائالا زاكات بەرگۈچىنى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى ھېسابلايدۇ. زاكات بەرگۈچى ئۆزگە قوۋمنىڭ ئارىسىدا پادىشاھ مەسەللىكتۇر. چۈنكى ئۇ ئۆزگىلەرگە (پۇقرالارغا) تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، پۇقرالار قولىغا تەگكەن شۇ زاكات ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدۇ.

خۇدايىتائالا ھەممىگە قادىردۇر. ئۇنىڭ قولى ھەمىشە بايلار ئۈچۈن ئوچۇقتۇر. شۇڭا مۇشۇ ھېكمەت بويىچە بەزىلەر باي بولىدۇ، بەزىلەر كەمبەغەل. بۇ سەۋەبلىك كىشىلەر ئارا مەرتىۋە ۋە شاراپەتتە بىر بىرىدىن كەم ـ ئارتۇق ياكى يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك جەھەتتىن پەرق كېلىپ چىققان.

ئادەتتە زاكاتنى يىلدا بىر قېتىم بەرگەن تۈزۈك. ئەمما سەدىقە ئۆزگىچە ۋە ئالاھىدە تائەتتۇر، ئۇ پەرز ئەمەس.

سەدىقىنى ساخاۋەت ۋە ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن قانچىلىك بەرگىڭ كەلسە، شۇنچىلىك بەرگىن. ئۇنى سەھۋەنلىك دەپ بىلمە، سەدىقە بەرگۈچىلەرنى تەڭرىم دائىم پاناھىدا ساقلايدۇ.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «سەدىقە بالانى رەت قىلىپ ئۆمۈرنى زىيادە قىلىدۇ» دېگەن.

ئەي ئوغۇل، ھەجنىڭ، زاكاتنىڭ ۋە سەدىقىنىڭ ھەققىدە كۆڭلۈڭدە شەك بولمىسۇن. بۇ ھەقتە «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەندەك ناباپ سوئاللارنى سورىما. يىگىرمە مىسقال ئالتۇندىن يېرىم مىسقالنى، كالا، قوي ۋە تۆگىلەرنى نېمە دەپ بەرگۈدەكمىز؟ نېمە دەپ قۇربانلىق قىلىمىز؟ دېگەندەك سۆزلەردىن كۆڭلۈڭنى پاك تۇت. گۇمان قىلما. بىلمىسەڭ كېرەك يوق. پەقەت خۇدايىتائالانىڭ پەرمانىنى تۇتساڭ بولىدى. چۈنكى سەن بەندە. «نېمە ئۈچۈن مۇنداق ۋە نېمە ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس؟» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش بەندىنىڭ ئىشى ئەمەس.

ھەرقاچان خۇدايىتائالانىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرگەن ۋاقتىڭدا ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ھەققىنى ھەم تونۇ. چۈنكى، ئۇمۇ، يەنى ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇش خۇدانىڭ پەرمانىدۇر.

(داۋامى بار)

(ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، دوتسېنت)

# تارىخى رەشىدى[1]

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

**مولla مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى**

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت**

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەنسۇرخان بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە كۆڭۈللىرىدىكى كىر - غۇبارلارنىڭ يوقالغانلىقى

بىلمەك كېرەككى، شۇ قىشتا خان موغۇلىستاندىن يېنىپ، ياركەنتكە قايتىپ كەلدى. بۇ قىشنى ياركەنتتە ئەيش - ئىشرەت ۋە خۇرسەنتلىك بىلەن ئۆتكۈزدى. قەشقەر بىلەن تۇرپاننىڭ ئارىلىقى ئوتتۇرا ھال مېڭىشتا ئىككى ئايلىق يول بولغاچقا، ئاردا ئەلچىلەر بېرىپ - كېلىپ، ئۆچرىشىدىغان ئورۇننى بېكىتىپ بولغۇچە بىر يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. تاكى تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە ئىككى بولۇپ، مۇھەررەم ئېيى[2] يېتىپ كەلگەندىلا، ئاندىن سۇلتان سەئىدخان ئاقسۇغا قاراپ يۈزلەندى. نەزم:

*چۇ بەھرى گىنايەتغە يۈزلەندى جۇش،*
*سىپەھ جابى گىنئامنى قىلدى نۇش،*
*سىپەھدارلارغە ساچىپ سىمۇ زەر،*
*بېرىپ خىلقەتى خاسۇ زەررىن كەمەر.*

ئەلقىسسە، خان ياركەنتتىن يېتۈك ئۇلۇغۋارلىق ۋە تولۇق ھەيۋەت - ھەشەمەت بىلەن ئاتلىنىپ قەشقەرگە يۈردى.

خان قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن چاغدا پېقىر ئاتتىن يىقىپ، قولۇم جەينىكىمدىن چىقىپ كېتىپ ئېغىر يارىدار بولدۇم. خان قەشقەردە مەن ئۇچۇن نەچچە كۈن توختاپ ساقلىدى. قولۇمنىڭ ئاغرىقى خېلىلا پەسەيگەندىن كېيىن خان ئاتلاندى. پېقىر قەشقەردە قالدىم. بىر

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.
② ھىجرىيىنىڭ 922 - يىلى مۇھەررەم ئېيى مىلادىيىنىڭ 1516 - يىلى 2 - ئايغا توغرا كېلىدۇ.

uyghurkitap.com



نەچچە كۈندىن كېيىن قولۇم ساقايدى، شۇ هامان تېزلىكتە يۈرۈپ، جايدۆبە① دېگەن يەردە خانغا يېتىشتىم. خان مەزىلمۇ مەنزىل يۈرۈپ ئۈچقا يەتتى. نەزم:

*قايۇ مەنزىلكى قىلساڭ يولنى مۇئشكىن،*
*مۇنەۋۋەر بولغاي ئول خۇرشىد ئايىن.*
*قايۇ جانىبغە يۈز قويساڭ بەتەقدىر،*
*رىكابىڭ سۈبھىدەك بولغاي جەھانگىر.*

ۋاقتىكى، خان ئۈچقا يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنلەردە ئەممىنخاجە سۇلتان ئۈچتا ئىدى. چۈنكى تېخىچە ئاقسۇ ئاۋاتلاشمىغانىدى. ئەممىنخاجە سۇلتان خاننىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەت كەبى خاننىڭ ئىستىقبالىغا كەلدى ۋە پىشكەشلەرنى خاننىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. نەزم:

*قىلىپ قۇتلۇق تىلى بىرلە دۇئاسىن،*
*دېدى مىڭ تىل بىلە مەدھو سەناسىن.*
*كى دائىم يارىڭ ئولسۇن بەختىۇ ئىقبال،*
*ئەدۇۋۇ بولسۇن ھەمە مەنكۇبۇ پامال.*

ئەممىنخاجە سۇلتان خاننى قۇتلۇق ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، خانمۇ قوبۇل قىلىپ، ئەممىنخاجە سۇلتاننىڭ ئۆيىگە بەخت - ئامەت كەبى كىرىپ كەلدى. خان ئۇ يەردە خۇسرەۋلەرچە ئولتۇرۇش ۋە شاھانە تويلارنى تۈزۈپ، بەزمىدىن بوشىغاندىن كېيىن، نەزم:

*چىقىپ ئاندىن رەۋانە بولدى شادان،*
*غۇبارى قىلدى ئەلنى ئەنبەر ئەفشان.*

ئاقسۇدىن يۈرۈپ، جام ئاتلىق ئورۇندا چۈشكۈن قىلدى. مەنسۇرخانمۇ تۇرفاندىن يۈرۈپ، ئارباتقا يېتىپ كەلگەنىدى. جام بىلەن ئارباتنىڭ ئارىلىقى يەتتە فەرسەڭ يولدۇر. شۇ چاغدا مەنسۇرخان تەرەپتىن مىر جەبباربەردى كېلىپ خاننىڭ مۇلازىمىتى شەرىپىگە ئېرىشتى ۋە ئىككى خاننىڭ كۆرۈشۈش تەرتىپىنى مۇنداق بېكىتىشتى: ئىككىلا تەرەپتىن لەشكەرلەر سەپ تۈزۈپ، تەق بولۇپ تۇرسۇن، ئىككىلا تەرەپ بىر - بىرىگە گۆرۈ ئۈچۈن كىشى ئەۋەتسۇن، ئۇنى لەشكەرلەر ئىچىدە ساقلىسۇن. ئىككى خانغا ھەربىرىگە ئوتتۇزدىن كىشى ھەمراھ بولسۇن ۋە ئىككى سەپ ئوتتۇرىسىدا ئىككى خان بىر - بىرلىرى بىلەن كۆرۈشسۇن.

ئۈچرىشىش تەرتىپى ئەنە شۇنداق قارار قىلىنغاندىن كېيىن، خان پېقىر مۇھەممەد ھەيدەرنى ئۆزى تەرەپتىن گۆرۈ ئۈچۈن مەنسۇرخانغا ئەۋەتتى، مەنسۇرخان بىلەن بىللە كېلىندىغان ئوتتۇز كىشىنى ساناشقا ئەزىزبەردى ئاغانى تەيىنلىدى.

① بۇ ئىسىم مۇللامۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، پارىسچە پىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «جايتۆبە» دېيىلگەن.

يېقىن مەنسۇرخاننىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ بارغىنىمدا، مېنى تۈرلۈك مېھىر - شەپقەت، ئىلتىپاتلار ۋە مەرھەمەتلەر بىلەن ئەزىزلىدى ۋە ئەتىۋالىدى، يۇقىرى ئىززەت - ئېكراملار بىلەن ھۆرمەتلىدى. نەزم:

*چۇ سۇبھ گۇلدى مەشرىق سارىدىن ئەيان،*
*زۇھۇر ئەيلەدى شاھى گىتى سىنان.*
*ئالىپ تىغى زەر بىرلە زەررىن سۇپەر،*
*جەھان مۇلكىن ئالدى ھەمە سەر بەسەر.*

ۋاقتىكى، مەشرىق شاھى پەلەك تەختى ئۈستىگە چىقىپ، شەۋكەتلىك قەدەملىرى بىلەن پۈتكۈل ئالەمنى ئۆز نۇرلىرىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرگۈزدى ۋە ئالاچىپار پەلەكنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك ئىختىلاپىنى تۈگەتتى، [كېچە بىلەن] يۈلتۈزنىڭ قارىمۇ - قارشىلىقىنى يوق قىلدى. مەنسۇرخان سەپەر ئايىغىنى يارىشىش ئۈزەڭگىسىگە قويۇپ، خان تەرەپكە راۋان بولدى. لېكىن، مەنسۇرخاننىڭ كۆڭلىدە تېخىچە ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىمكان بار ئېھتىيات قىلىشنى زۆرۈر تېپىپ، لەشكەر بىلەن بىللە يۈردى. باباجاق سۇلتان ۋە شاھ شەيخمۇھەممەد سۇلتان ئىككىسى مەنسۇرخان بىلەن ئاتا بىر ئانىمۇ بىر قان - قېرىنداش ئىدى. يېقىنلاشقاندا مەنسۇرخان ئۇلارنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئېھتىيات بىلەن بولۇش، ھوشيار تۇرۇش ھەققىدە كۆپ تەكىتلەپ، ئاندىن يەنە راۋان بولدى. لېكىن، ئەزىزبەردى ئاغا يول ئۈستىدە تۇرۇپ، ئوتتۇز كىشىنى ساناپ ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىر كىشىنىمۇ ئۆتكۈزمەي، ھەممىسىنى ياندۇردى.

مەنسۇرخان تەرەپتىنمۇ مەنسۇرخاننىڭ ئانىسى ساھىبدەۋلەت بېگىم — ئۇ مىر جەبباربەر-دىنىڭ ھەمشىرىسى ئىدى — ۋە مەنسۇرخاننىڭ ھەمشىرىسى ماھىم خېنىم ئىككىسىنى گۆرۈ ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. خانمۇ ئوتتۇز كىشى بىلەن كەلدى. ئىككى لەشكەر قارارگاھلىرىدا سەپ تۈزۈپ تۇرۇشتى. ئىككى سەپ ئوتتۇرىسىدا سايىۋەنلەر تىكىلدى. مەنسۇرخان ئىلگىرى كېلىپ، زېمىن ۋە زامانغا دۆلەت سايىسىنى سالغۇچى ھۇمايغا ئوخشاش يۈرۈپ، سايىۋەن ئىچىگە كىردى - دە، خانلىق مەجلىسىنىڭ تۆرىدە ۋە جاھاندارلىق تەختى ئۈستىدە ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى. نەزم:

*ئاياغ چۇن قويدى زەررىن تەخت ئۈزرە گۇل،*
*جەھانى تەختىگە باش قويدى بىلكۈل.*

مەنسۇرخان كەلگەندىن كېيىن، خان يېتىپ كېلىپ، تۆۋەن مەرتىۋىدىكى ئەمىرلەر ئاتتىن چۈشىدىغان يەردە ئاتتىن چۈشۈپ، نەزم:

*بەس رەۋان بولدى نەخلى سەرۋى رەۋان،*
*باشىدىن تا ئاياغى رۇھى رەۋان.*

مەنسۇرخاننىڭ ھۇزۇرىغا يېقىن يېتىپ كەلدى، موغۇل قائىدىسى بويىچە تىزلىنىپ تەزىم

www.uyghurkitap.com

قىلىدىغان جايغا كەلگەندە، خان تەزىم قىلىشقا مەشغۇل بولدى. گەرچە مەنسۇرخان خاننىڭ چوڭ ئاكىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىززەت - ئېكرام يولىنى تۇتۇپ، قامىتىنى رۇسلاپ، خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. نەزم:

*تۇتۇپ تۇھفە دۇررۇ گۆھەر تاجى زەر،*
*بەسى خىلئەتى خاسۇ زەررىن كەمەر.*
*نەچە ئەسبى تازىيۇ سىيمىن لىجام،*
*نەچە تىغى ھىندىيۇ زەررىن بەنام.*

دېمەك، بۇنداق پادىشاھتىن بۇ مەرتىۋىدىكى سۇلتانغا قانچىلىك مىقداردا تۇھپە ۋە پىشكەش لايىق ۋە مۇۋاپىق بولسا، خان ئۇنىڭدىن زىيادىرەك پىشكەشلەرنى مەنسۇرخاننىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزدى، مىرزا جەببارىبەردى پاساھەتلىك تىل بىلەن تۆرىلەر قائىدىسىدە خاننىڭ پىشكەشلىرىنى مەنسۇرخانغا مەلۇم قىلدى. مەنسۇرخانمۇ ئۇ تۇھپە ۋە پىشكەشلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىپ ئالدى. خان تەزىم قىلىپ، ئېھتىرام قوللىرىنى ئەدەب كۆكسى ئۈستىگە قويۇپ، ئۆرە تۇردى. مەنسۇرخان خاننى تەكلىپ قىلىپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ: «گەرچە مەن سىزدىن ياشتا چوڭ بولساممۇ، لېكىن مەرتىۋە جەھەتتىن سىز ئاتامنىڭ ئورنىدىسىز. بۇنچىۋالا تاۋازۇ قىلىشىڭىزنىڭ نىمە كېرىكى؟» دېدى. خان يەنە تەزىم قىلىپ تاۋازۇ بىلەن ئۆرە تۇردى، مەنسۇرخان يەنە تەكلىپ قىلىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. نەزم:

*قەرىن بولدى ئىككى شەھى دىن پەناھ،*
*قىران ئەيلەگەندەك قۇياش بىرلە ماھ.*

مەنسۇرخان سۆز باشلاپ:

— تۇراقسىز پەلەكنىڭ قايناملىرىدا جەڭ ۋە ئىنقىلاب كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. خان يەنە تەزىم قىلىدىغان يەرگە بېرىپ، تاۋازۇ بىلەن تىزلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ھەرقانداق بەختسىزلىكنىڭ ئاخىرى ئىستىقبال بولسا ۋە جۇدالىق ئازابىنىڭ ئاخىرى ۋىسالغا ئۇرۇلسە، ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى ھالاۋىتى ئىلگىرىكى ئازابلىرىنى يوق قىلىۋېتىدۇ، نەزم:

*ئگول تەلخكى ھەجر ئىچرە كۆردۈك،*
*يۈز زەھر ھەرارەتىن سۈمۈردۈك.*
*چۈن ئاقىبەتى ۋىسال بولغاي،*
*ئگول بادە ھەمە ۋىسال بولغاي.*

پاك ۋە بۈيۈك تەڭرىگە تەشەككۈرلار بولسۇنكى، نەچچە يىللاردىن بىرى تارتقان غېرىپلىق، كۈلپەت ۋە رەنج - مۇشەققەتلەر بۇ بىردەملىك شەرەپلىك سۆھبەتلىرى نېمىتىنىڭ ھالاۋىتى ۋە خۇرسەنلىكى بىلەن ئۇنتۇلدى. زامان ئىنقىلابلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن كۆڭۈل

ئەينىكىگە ئولتۇرۇپ قالغان رەنج ۋە مالاللىق چاڭ - توزاڭلىرىنىڭ ھەممىسى يوقالدى.

ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن سەلتەنەت ئىنتىزامى ۋە مەملىكەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەرنى ئارىغا سېلىشتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بىرلىشىش، مۇھەببەت ئالاقىسىنى خالىس داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشنى ئەھدۇ پەيمانلار بىلەن تەكرار تەكىتلىشىپ، پۈتۈشتى. دېمەك، بۇ سۆھبەت ئاخىرلاشقىچە كۈنمۇ شامغا يېقىنلاشتى. مەنسۇرخانمۇ خانغا، نەزم:

*نەچە ئەسىبى نىكۇ شەكلۇ خۇش ئەندام،*
*ئاڭا سەرسەر يېتىشمەي ئۇرسە گەر گام.*
*چۇ سالسە سايەسىنى تازيانە،*
*كېلىپ تەڭ سەھنى مەيدانى زەمانە.*
*بەرابەر ئالدىدا تاغ ئىلە ھامۇن،*
*ئىنان ئەمرىدىن ئولماي لەھزە بىرۇن.*

دېمەك، قانچىلىغان شاش ئاتلارنى، نەپىس زەر توقۇلمىلارنى، كۆمۈش ئەسۋابلارنى ۋە شاھانە لىباسلارنى ئىلتىپات قىلدى. ئۇلار خوشلىشىدىغان چاغدا بىر - بىرلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، ھەربىرلىرى ئۆز ئىگىنلىرىنى بىر - بىرلىرىگە كىيدۈرۈشتى. ئاتلىرىنىمۇ ئۆزئارا مىندۈرۈشۈپ، مۇرادلىرى كۆلگەن، ئارزۇلىرىغا يەتكەن ھالدا بىر - بىرلىرىدىن ئايرىلىپ، ھەر بىرلىرى ئۆز لەشكەر گاھلىرىغا قاراپ راۋان بولدى.

مەنسۇرخان ئۆز لەشكەرگاھىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن پېقىر مۇھەممەد ھەيدەرنى چاقىردى. مەنسۇرخان ياسالگاھتىن تاكى ئالىي ئوردىغا بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا پېقىر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، خان بىلەن كۆرۈشكەندىن باشلاپ تاكى خوشلاشقانغىچە بولغان ئارىلىقتا بولغان ۋەقەلەرنى خۇددى يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك پېقىرغا بايان قىلىپ، ۋىسال ئابىھاياتىنىڭ لەززىتىنى تەرىپلىدى. «ئىشتىياق تەشنالىقى ۋە پىراق ئاچلىقى بۇنچىلىك ۋىسال شەربىتى ۋە مۇشۇنچىلىك نېسۋە بىلەن پەسەيمىدى» دېدى. نەزم:

*نەچە دەم ئالاي دەپ ئىدىم كام ئىلە،*
*ئۈتۈلدى، دەرىغاكى، رامى نەفەس.*
*دەرىغاكى، خانى ۋىسالىدا ھەم،*
*يېدىم لۇقمەئى، دېدىلەر: ئەمدى بەس.*

ئۇ تاكى ئالىي ئوردىغا يەتكۈچە ئاشۇ ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ بەردى. ئالىي ئوردىغا چۈشكەندىن كېيىن كېچىنىڭ بىرىنچى قىسمىدىن يېرىم ھەسسە ئۆتكەندى، مەنسۇرخاننىڭ ھوزۇرىدىن پېقىرنى قىچقىرغىلى كىشى كەلدى. بېرىپ مۇلازىمىتىگە مۇشەررەپ بولدۇم. بۇنداق ئۇلۇغ خاندىن سادىر بولۇشقا مۇناسىپ ۋە لايىق بولغان تۈرلۈك ئىلتىپات، ھەرخىل ئىنئاملارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، پېقىرغا چەكسىز مەرھەمەت ۋە ئىنايەتلەرنى كۆرسىتىپ، ئاندىن رۇخسەت ئىلتىپات قىلدى.

مەنسۇرخاننىڭ ھوزۇرىدىن چىقىپ، خاننىڭ بارگاھىغا يەتتىم. خانمۇ مەنسۇرخاننىڭ

دېگەن سۆزلىرىنى ۋە ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. بۆلۈنۈش تەسرى بىلەن تارتقان قىيىنچىلىقلارنى ئىزهار قىلىپ ئۆتتى. بۇ ئىككى خاننىڭ ئارىسىدا هاسىل بولغان سۇلهى ۋە بىرلىك ئۈچۈن بارلىق لەشكەر هەم پۇقرالار، بەلكى پۈتكۈل خالايىق خۇشال ۋە خاتىرجەم بولدى. ئۇلار تولۇق ئەمنىيەت ۋە پاراۋانلىق ئىچىدە ئىككىلا خاننىڭ دۆلىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا مەشغۇل بولدى. خاننىڭ مۇلازىمىتىدىكى پازىل كىشىلەر بۇ سۇلهى ئۈچۈن تارىخلار-نى ئېيتىشتى. شۇلاردىن بىرى بۇ تارىخنى «دۇ لەشكەر بە-نىشات» (ئىككى قوشۇن شادلاندى)[1]دېگەن سۆزدىن چىقاردى. پېقىرنىڭ خاتىرەمدە مۇشۇ تارىخ ساقلىنىپ قاپتۇ. باشقىلىرى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ.

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ سۇلهى ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ يانغانلىقى، بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن باباجاق سۇلتاننىڭ خاننىڭ مۇلازىمىتىگە كەلگەنلىكى

بىلمەك كېرەككى، خان سۇلهىدىن پارىغ بولۇپ، ياركەنتكە يۈزلەندى. سوڭتاش دېگەن جاي ئۈچتىن قەشقەر تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يەر. خان ئاشۇ يەرگە كەلگەندە قوشۇندىن ئايرىلىپ، ئىلغار قىسىم بىلەن بىللە ئىلگىرىلەپ يۈرۈپ، ئالتە كۈندە ياركەنتكە يەتتى. بەزمە ئەهلى ۋە نەغمە ئەربابلىرى يېڭىۋاشتىن ئىشرەت ئاهاڭلىرىنى تۈزدى. ئەيش - ئىشرەت ناۋالىرىنى پاراغەت مۇقاملىرىغا توغرىلىدى. نەزم:

*ساقىيا، بادە كەتۈرگىل [قەدەهۇ] پەيمانە،*
*چۈن كېلىپ شاه مەقام ئەيلەدى دەۋلەتخانە.*

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، هەر كىشى ئۆز هالىغا يارىشا ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى، مىسرا:

*گۇشەئى باغدا دۇر مەئۇسۇمى گۇلدا هەركىم.*

خاننىڭ سەپەردىن يېنىپ ياركەنتكە قايتقان مەزگىلى شۇنداق مەهەل ئىدىكى، تۆرتىنچى پەلەك شاهى سەلتەنەت تەختىنى سەۋر[2]ئۆيىدە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. گۈل كېلىنچەكلىرى زېمىن خىلۋەتخانىسىدىن باش چىقارغانىدى. بۇلبۇللار گۈل ئىشتىياقىدا سايراشماقتا ئىدى. نەزم:

*چۈن بەردى لالەلەرغە لەبى جويبار بار.*
*بولدى كەمالى شەۋقدە بۇلبۇل هەزار زار.*
*شەمئى جەمالى شاهىدى گۈل سۇبهى ۋەقتىدە،*

---

① بۇ سۆزدىكى هەرپلەرنىڭ ئەبجەد هېسابىدىكى سانلىرىنى جەملىگەندە 922 بولىدۇ، يەنى هىجرىيە 922 (مىلادىيە 1516) - يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

② قەدىمكى ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئىككىنچىسى، تۆتىنچى ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

*بۇلبۇلنى كۆيدۈرەرگە ئىدى ھەر كەنار نار.*

گۈل پەسلى تولۇق يېتىپ كەلدى. خاننىڭ ياركەنتتە سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغىنىدىن تاكى بۇ مەزگىلگىچە ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەنىدى. بۇ مۇددەت ئىچىدە خان قىش ـ ياز ياركەنت ئەركى ئىچىدە ئولتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇ يىل خاننىڭ مۇبارەك كۆڭلى ھەممە ئەتراپلاردىن ۋە يېقىن ـ يىراقتىكى ھەممە جايلاردىن خاتىرجەم بولدى. شۇڭا، بۇ بېيىتنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ، نەزم:

*لالەگە خۇدرويى گەر كۆرسەتسە يۈز،*
*سەھنى بوستانۇ لەبى جۇيى ئىستەگىل.*
*بەزم قىل بىر مەھۋەشى گۈلرۇيى ئىلە،*
*بىر لەبى ئىسرىن بىلە زارلىق دېگىل.*

خان شەھەردىن گۈلباغقا يۆردى. چۈنكى، گۈلباغ مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يېقىملىق ئىمارىتى ئىدى. نەزم:

*قىلدى چەمەندە فاختەلەر زەمزەمە ئەدا،*
*قۇمرى تۈزەتتى پەردەگى ئۇششاقدا نەۋا.*

چۈنكى، باھار كۈنلىرىنىڭ مۆتىدىل مىزاجى تومۇز ھارارىتىنىڭ تەسىرىدىن ئىسسىققا ئۆزگەردى. بۇ ھارارەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن دەرەخ سايىلىرىنىڭ شىپاخانىلىرىغا بارماقتىن باشقا چارە قالمىدى. شۇ سەۋەبتىن خان گۈلباغقا بېرىپ، باغۇ ـ بوستانلاردا سايىدىن بەھرە ئېلىپ لەززەتلىنىۋاتاتتى.

لەشكەرلەر ۋە پۇقرالارنىڭ ھەممىسى تىنچلىق ئاسايىشلىق ۋە پاراۋانلىقتا ئىدى. ئوردا ئەئيانلىرى ۋە دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغۋارلىق ۋە شان ـ شەۋكەت ئىچىدە ئىدى. شۇڭا ھەر باشتا بىر سەۋدا، ھەر سەۋداغا بىر باش پەيدا بولدى. پۈتكۈل ئەمىرلەر كېچەش ئۈچۈن خاننىڭ بارگاھىغا يىغىلىپ، مۇنداق ئەرز قىلدى:

ـــ ئەي ئالىي مەرتىۋىلىك سۇلتان، ئەي پەلەكتەك قۇدرەتلىك خان، ھالا بۈگۈنكى كۈنلەردە بۈيۈك ۋە ئەزىز تەڭرىنىڭ ئىنايىتى ۋە ياردىمى بىلەن دۆلەت بېلىكىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى دۈشمەنلەرنى جازالاشقا يېتەرلىك، لەشكەر ۋە ھەربىي ئەسلىھەلىرىمىز رەقىبلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشقا تەق ۋە تەييار. ھەزرىتىڭىز مۇشۇنداق پەيتتە دۈشمەندىن ئىنتىقام ئالمىسىڭىز، قاچان ئالىسىز؟ ئەگەر مۇشۇنداق چاغدا رەقىبلەرنى يوقاتمىسىڭىز، قاچان يوقىتىسىز؟ نەزم:

*مىفتاھى تەفەززۇل بىلە گەر فەتھ ئېشىكىنى،*
*بۇ ۋەقتدە سىز ئاچماساڭىز، كىم ئاچا ئالغاي؟*

ھەممە ئەمىرلەر شۇنداق دەپ، بۇ ئەرزنى ئىزھار قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ، خاننىڭ

www.uyghurkitap.com

كونا ئارزۇ ـ ئىستىكى يېڭىلاندى. خاننىڭ «قوشۇن يىغىلسۇن، ئەسكەرلەر تەق بولسۇن دېگەن» مەزمۇندىكى بويسۇنۇش زۆرۈر بولغان ئالىي يارلىقى چۈشۈرۈلدى. خاننىڭ بېجىرىش شەرت بولغان ئالىي پەرمانى بىلەن قوشۇن يىغىلدى، يازنىڭ ئاخىرىدا سەپەر تىزگىنىنى ئەندىجان تەرەپكە قاراپ تارتىپ، سۈيۈنچەكخان بىلەن تازا بىر جەڭ قىلىش ئاھاڭىنى تۈزدى. پۈتكۈل قوشۇننىڭ ئالدى ـ ئارقىسىنى قەشقەردە جەملەپ، قەشقەردىن ھەممە قوشۇن بىلەن بىراقلا يۈرۈش قىلدى.

تويۇنباشى دېگەن يەرگە كەلگەندە خاننىڭ شىكار قىلىش ھەۋىسى قوزغالدى. شۇ كۈنى يارلىق يەتكۈزۈلدى. ئەتىسى جەرگە تۈزۈپ، شىكارغا قەدەم قويدى. نەزم:

*كىرىپ بىشەگە مىسلى غەررەندە شىر،*
*قىلىپ جۇستىجۇ چۈن ھۇنەرۋەر دەلىر.*
*چۇ ئول سەيدگاھغە گۈزەر قىلدى شاھ،*
*مۇئەنبەر بولۇپ گەردىدىن سەيدگاھ.*
*شىكار ئىچرە بولغاچ زەفەرگە قەرىن،*
*بولۇپ سەيدىدىن خالىي ئول سەر زەمىن.*

شىكاردىن قول يىغقاندىن كېيىن ئۇ يەردىن كۆچۈپ، چادىر كۆلنىڭ جەنۇپ تەرىپىگە كېلىپ، لەشكەرگاھ قۇردى، ئۇ يەرگە «باباجاق سۇلتان خاننىڭ خىزمىتىگە كېلەرمىش» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى.

بىلمەك كېرەككى، باباجاق سۇلتان مەنسۇرخان بىلەن ئاتا بىر، ئانىمۇ بىر قان ـ قېرىنداش ئىدى. مەنسۇرخاننىڭ قوشۇنىغا سەردار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن خاننىڭ مۇلازىمەت شەرىپىگە ئېرىشەلمىگەنىدى، كۆز ۋاقتىدا مەنسۇرخانغا: «ئاغامنىڭ مۇلازىمىتىگە بارمىسام، ئەدەبسىزلىك بولىدۇ» دەپ ئەرز قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەنسۇرخان رۇخسەت بەرگەنىدى. باباجاق سۇلتاننىڭ پايتەختى باي ۋە كۇسەندە ئىدى. ئۇ يەردىن يۈرۈپ، قەشقەرگە كەلگەندە، خاننىڭ ئەندىجانغا يۈرۈش قىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، تېزلىكتە يۈرۈپ، چادىر كۆلدە يېتىشىۋالدى.

خان باباجاق سۇلتاننىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بىر تۇغقانلىق مېھىر ـ مۇھەببىتى جۇش ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تېزرەك كۆرۈشۈش تەشنالىقى قوزغالدى؛ گەرچە باباجاق سۇلتان خاندىن ياشتا كىچىك بولسىمۇ، كۈچلۈك مېھىر ـ مۇھەببەت تۈپەيلىدىن ئىستىقبالىغا چىقىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، قېرىنداشلارچە ئىلتىپاتلار ۋە ئاتىلارچە تاپشۇرۇقلار بىلەن باباجاق سۇلتاننى ئەزىزلىدى. خاننىڭ گۆھەر چاچقۇچى تىللىرى بۇ بېيىت مەزمۇنىنى سۆزلىمەكتە ئىدى. نەزم:

*ئەي قەدەمىڭ يېتىپ دېدى دەۋلەتۇ بەخت: مەرھابا،*
*گۈل يۈزۈڭ ئىشتىياقىدىن پىرەھەن ئەيلەدى قەبا.*

— بۇ مەھەلدە كۆڭلۈم دۈشمەندىن ئىنتىقام ئېلىشقا يۈزلەندى. ئەمما، بۇ ئىشقا قېرىندىشىمنى تەلەپ قىلىش تولىمۇ قىيىن ئىدى. خۇداغا شۈكرى، ئارىمىزدىكى ئىخلاس

ۋە ئېتىقادىنىڭ مۇستەھكەملىكى شاراپىتىدىن، شۇنچە ئارزۇ ۋە مۇددىئالىرىمىز جاپا ـ مۇشەققەتسىزلا مۇيەسسەر بولدى. ھازىر بۇ قېرىنداشىمنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى غەلىبە ۋە نۇسرەتنىڭ باشلىنىشىدۇر، ــ دېدى خان.

ئاغا ـ ئىنى ئىككۆيلەن گويا غەلىبە ـ نۇسرەت كەبى يانمۇ يان بولۇپ ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى. ئۇلار ئارپەيازىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە قۇلۇن ئوۋلاشقا مەشغۇل بولدى. شۇ قەدەر كۆپ قولۇن ۋە بۇغىلارنى ئوۋلىدىكى، ئۇلارنىڭ قان ۋە ئىچباغىرلىرى بىلەن سەھرا يىرتقۇچ- لىرى ۋە ھاۋا قۇشلىرى بىر ـ بىرلىرىگە تويي بېرىشتى، جەڭسىز، جېدەلسىز نەچچە ۋاقىتقىچە مېھماندارلىق قىلىشتى. نەزم:

*قۇلانۇ بۇغى چەرمىكىم سەر بەسەر،*
*كى ئالتۇن باشاقدىن بولۇپ مىسلى زەر.*
*شەھەنشەھ قىلىپ سەيدكە ئوق رەۋان،*
*خەتا كەتمەيىن ئاتغان ئوق بىگۇمان.*

بىر خۇش ھاۋالىق جاي بار ئىدى. ئۇنىڭ پاكىزلىقى ئالدىدا بېھىش بېغى خىرە ئىدى. ھاۋاسىنىڭ يېقىملىقلىقى تۈپەيلىدىن گوياكى جەننەت قۇشلىرى تۈرلۈك نەغمە ـ ناۋالار بىلەن مەستۇ مۇستەغرەق ئىدى. شىكار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاشۇ يەردە بىر ئالىي بەزمە تۈزۈل- دى. باباجاق سۇلتان ۋە ئەمىنخاجە سۇلتاندىن ئىبارەت بۇ ئىككى قېرىنداش خاننىڭ مۇلازىمى- تىگە يىغىلىپ، شۇنداق بىر ئولتۇرۇش تۈزدىكى، نەزم:

*تۈزۈلدى ئەجەب جەشنى فەرخۇندە پەي،*
*مۇھەييا مۇغەننى، سۇراھىيۇ مەي.*
*زىھى جەشنى ئالىيكى خۇرشىدۇ ماھ،*
*تەماشا قىلۇر ئېردى ئول جەشنگاھ.*

ۋاقىتىكى، بۇ خۇسرەۋلەرچە بەزمە ۋە شاھانە ئولتۇرۇش ئاخىرلاشتى. باباجاق سۇلتان تاغامنى ۋاستە قىلىپ مۇنداق ئەرزنى يەتكۈزدى: «ئاشۇ باھاردا پېقىر بىر ئۆزۈرلۈك ئىش تۈپەيلىدىن ئامالسىز ئىدىم. يىل ـ يىللاردىن بېرى ئارزۇ ئارمان قىلىپ كەلگەن مۇلازىمەت دۆلىتىگە شۇ سەۋەبتىن مۇيەسسەر بولالمىدىم. ئۇ پۇرسەت ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى دۆلەتنىڭ تايانچى بولغان پايتەخت ياركەنتكە بېرىشىم ئەدەب يوسۇنىدا مۇۋاپىق كۆرۈندى. شۇ يەردە خاننىڭ مۇلازىمىتىگە مۇشەررەپ بولاي، دەرگاھىنىڭ تۇپرىقىنىڭ سۈرمىسى بىلەن قاراڭغۇ كۆزۈمگە روشەنلىك يەتكۈزەي دېگەن ئارزۇ بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلگىنىمدە، ئەندىجان تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىڭىزلارنى ئاڭلاپ، دەرھال تېز سۈرئەتتە يېتىپ كەلدىم. لەشكەر ۋە جەڭ ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلماي كەلگەنىدىم. ئەرزىم شۇكى، بۇ قېتىم ئەندىجانغا لەشكەر تارتىشنى كېيىنگە سۈرگەي. كېلەر يىلى ئەسكەرلەر ۋە ئەسلىھەلەرنى تولۇقلاپ، ئۇ تەرەپتى- كى سۇلتانلار ۋە لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى خاننىڭ مۇلازىمىتىگە ئېلىپ كېلىمەن. ئۆزۈممۇ خىزمەتتە شۇنداق جان پىدالىق قىلىمەنكى، خاننىڭ پەلەكتەك يۈكسەك ئاستانىسىدا جاھان شاھلىرى ۋە زامان خانلىرى بىلەن تەڭلىشىشنى ئۆزىگە ئار بىلگۈدەك خىزمەتكارلىرىنىڭ

بار ئىكەنلىكى دوست ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوچۇق ئاشكارا بولغۇسى. بۇ ئەرزىم قوبۇل قىلىنسا، كۆڭۈلدىكىدەك بولغىنى. ئەگەر خان غالىپ ئۆزەڭگۈسىنىڭ تىزگىنىنى ئەندىجان تەرەپتىن ياندۇرمىسىمۇ يېقىر خانىنىڭ نۇسرەتلىك ئۆزەڭگۈسى يېنىدا پەرمان بەردارلىق ۋە جان پىدالىق كەمىرىنى بېلىمگە قۇللار كەبى مەھكەم باغلىدىم.»

باباجاق سۇلتانىنىڭ بۇ ئەرزى خانىنىڭ مۇبارەك سەمئىگە يەتتى. خان پەرمان قىلىپ:

— نەچچە يىللاردىن بېرى بۇ ئەزىز قېرىندىشىم بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا بىقارار ئىدىم. تەڭرىگە تەشەككۇرلار بولسۇنكى، مانا ھازىر پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بۇ ئارزۇ - ئارمىنىمغا يەتكۈزدى. بۇ ئۇلۇغ نېمەتنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ئەلڭ ياخشىسى بۇ قېتىم مۇشۇ يەردىن قايتايلى. بىر نەچچە كۈن ۋىسال شارابىنى راھەتلىنىپ سۈمۈرۈپ، ئەزىز ئۆمرىمىزنى ئۇلپەتلىشىپ، سۆھبەت بىلەن خۇشال ئۆتكۈزەيلى. كېلەر يىلى بۇ ئەزىز قېرىندىشىم ئېيتقان يوسۇندا قوشۇن ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەرنى تولۇق تەييار قىلىپ، ئاندىن يۈرۈش قىلايلى. چۈنكى، بۇ شەرەپلىك پۇرسەت شۇنداق ئەزىز ۋە غەنىمەتتۇركى، ھازىر ئۇنى زايا قىلىۋەتسەك، ھېچقانداق چارە بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئەندىجانغا ھازىر بارمىساق، بۇنىڭ ھېچبىر خاتاسى يوق، چۈنكى دۈشمەن ئۆز ھالى بىلەن تۇرۇپ تۇرىدۇ. خۇدا خالىسا، قاچانلا يۈرۈش قىلساق بولىۋېرىدۇ، — دېدى ۋە ئارپەيازىدىن سەپەر تىزگىنىنى قەشقەر تەرەپكە ياندۇردى.

باباجاق سۇلتان خانىنىڭ مۇلازىمىتىدە ياركەنتكە كەلدى. نەچچە كۈن شاھانە بەزمىلەر ۋە خۇسرەۋانە مەشرەپلەر تۈزۈلدى. باباجاق سۇلتانغا كۆپ ئىنئام، نۇرغۇن تارتۇقلارنى ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنى شاھانە ئىنايەتلەر بىلەن مۇمتاز ۋە ئەزىز قىلدى. ھەممە ئەمىرلەر ئۆز ھالىغا يارىشا خىزمەت رەسىملىرى ۋە پىشكەش قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈردى. نەزم:

*زىھى جەشنى ئالىي يازىپ پەر،*
*كېلىپ بەخت خىزمەتكە باغلاپ كەمەر.*
*فەزايى زەمان جۈملە تاجۇ كۇلاھ،*
*بەسى زەمىن پۇر ئەمىرۇ سىپاھ.*
*جەھان ئەرسەسى خەيلى ئەشرافىدىن،*
*بولۇپ ئېبردى پۇر جۈملە ئەترافىدىن.*

دېمەك، مېھماندارچىلىقتىن پارىغ بولغاندىن كېيىن، باباجاق سۇلتان ئۆز ئورنىغا قايتىشقا رۇخسەت ئېلىپ، سەپەر تىزگىنىنى شۇ تەرەپكە قايتۇردى. بۇ ۋەقە مەزكۇر تارىخ [ھىجرىيە 922 (مىلادىيە 1516) - يىلى]دە، كۈز ۋاقتىدا بولۇپ ئۆتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

# ئافاق خوجا مازىرى ۋەخپىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم، ئابلا سايىت ھاجى

تۇرپان ۋاڭلىرىدىن پەرىدۇن (؟ - 1815) ۋاڭنىڭ ئوغلى مۇھەممەت سەئىد (؟ - 1826) ۋاڭ 1816 - يىلى جۇنۋاڭلىق مەنسىپىگە ئولتۇرۇپ، 1819 - يىلى قەشقەرگە ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىدۇ. بۇ قەشقەرنىڭ ئىچكى - تاشقى جەھەتتە داۋالغۇش بولىۋاتقان ئىنتايىن مۇرەككەپ مەزگىلى بولۇپ، مۇھەممەد سەئىد ئەشۇ مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئاستىدا بىر قاتار ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ پائالىيەتلىرى ئىچىدە «ئافاق خوجا مازىرى» غا يەر، مال - مۈلۈك ۋەخپە قىلىشى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. «ئافاق خوجا مازىرى ۋەخپىسى» دىن ئۇنىڭ بۇ ھەقتە قانداق رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇ ۋەخپە پەقەت مۇھەممەد سەئىد توغرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىكى تارىخى، ئىجتىمائىي ئەھۋالدىن ئۇچۇر بېرىدىغان مۇھىم ھۆججەت. بۇ ھۆججەت قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋرىدىكى ھۆكۈمدارى مۇھەممەد سەئىد ھاكىمبەگ تەرىپىدىن شۇ دەۋرنىڭ دىنىي ۋە مىللىي يوسۇنى بويىچە ھىجرىيە 1241 - يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 15 - كۈنى (مىلادىيە 1825 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى) يازدۇرۇلغان.

مەزكۇر ۋەخپىنامە ئېسىل خوتەن قەغىزىگە خەتتە تەئلىق نۇسخىسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭلىكى 46 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 230 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ كەڭلىكى 34 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 222 سانتىمېتىر، ۋەخپىنامىنىڭ باش قىسمىدىكى 15 قۇر ئەرەب، پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، قالغان قىسمى ئاساسەن چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان. مۇھىم يەر ناملىرى قىزىل رەڭدە يېزىلغان. ۋەخپىنامىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ھەرخىل شەكىلدە چوڭ - كىچىك 35 مۆھۈر بېسىلغان.

بۇ ۋەخپىنامە گەرچە مۇكەممەل بىر ئەسەر بولمىسىمۇ، مەزمۇنىنىڭ ئېنىقلىقى، رەتلىكلىكى، تىلىنىڭ ئاددىي ۋە گۈزەللىكى ھەمدە مول تارىخىي، ئىجتىمائىي، جۇغراپىيىۋى ئۇچۇرلارنى ئۆزىگە سىغدۇرغانلىقى بىلەن بىزنى سۆيۈندۈرسە، ھۆسنىخېتىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، «ئافاق خوجا مازىرى ۋەخپىسى» دىيارىمىزنىڭ ئەينى زامان تارىخىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىنى چۈشىنىشتە، شۇ زامان تىلىنى، خەتتاتلىقىنى، يەر - جاي ناملىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاخىردا بۇ قىممەتلىك ھۆججەتنى زامانىمىزغىچە ساقلاپ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشتىن دەم ئېلىشقا چىققان مەرتىۋىلىك زات، مەرھۇم ئابلا سايىت ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈرىمىز.

www.uyghurkitap.com

# بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشكەن خاس دوستلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلغان ئاللاھ-قا كۆپ ھەمدۇ - سانالار بولسۇن.

ئاللاھ ۋەخپە، مەدرىسە، مەسجىد، قەبرىلەرنى بىنا قىلغان يېقىن دوستلىرىغا تەۋپىق بەردى. ئەۋلىيالارنىڭ، ئەزىزلەرنىڭ سۈننىتىنى ۋە ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىپ، سەدىقىنى، ۋەخپىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلغان ئەھلى تەۋپىقلەرگە كۆپ ئەجىر بېرىشنى ئەھدە قىلدى.

دۇئا ۋە رەھمەت ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ( ئۇ پاك شەرىئەت ئىگىسى بولۇپ، ئاسمان - زېمىن ئارىلىقىدىكى ئالەملەرگە رەھمەتتۇر)، ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە، ئىقتىدانىڭ يۇلتۇزى، ھىدايەتنىڭ قۇياشى بولغان ساھابىلىرىگە بولسۇن.

مەقسەتكە كەلسەك، ئۇلۇغ ئۆلىمالارنىڭ، ياخشى، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئۇچۇق - يورۇق خاتىرىسىگە، ھوقۇق ئىگىلىرى ئەمىرلەرنىڭ ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۆلىمالار، شەرىئەت فازىللىرىنىڭ دىلىگە نەقىش بولسۇن؛ ياخشى ئەخلاقلىق، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ قولاقلى-رىغا يەتسۇن؛ مەخپىي قالمىسۇن؛ پاك شەھەر، سەلتەنەتنىڭ ئورنى - قەشقەرنى ئاللاھتائالا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. بۇ سەھىپە پۈتۈن ئۆلىمالار، يۇرت كاتتىلىرى ۋە بارلىق پۇقرالارنىڭ ھوزۇرىدا مۇشۇ تەرتىپتە ۋۇجۇدقا كەلدى.

بۇ مۇبارەك زامان ۋە ئۇلۇغ ۋاقىت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت تارىخىنىڭ 1214 - يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 15 - كۈنى ( مىلادىيە 1825 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى) ئىدى.

ئۇ سۇلتانلارنىڭ ياخشىسى، ئادالەتپەرۋەر خاقانلارنىڭ خاقانى، ئۆلىمالارنى، تەقۋادارلار-نى دوست تۇتقۇچى، پېقىر - مىسكىنلەرنى تەربىيىلىگۈچى، كاشغەر مەملىكىتىنىڭ، تەخت ئىگىلىرىنىڭ سەرۋەرى - مۇھەممەد سەئىد جاساق جۇن ۋاڭ ھاكىم بەگنىڭ ( ئاللاھ ئۇنىڭ مۈلكى، سەلتەنەتىنى ھەمىشە قىلسۇن! ) بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ بۇ جاھاندىكى مال - مۈلكى ھېسابلاپ كۆرۈلدى. ئۇ ئىبرەتلىك ئىشلارنى كۆرىدىغان كۆزى بىلەن بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ، مۇلاھىزە قىلدى. ئۇ بۇ چەكلىك ئالەمنىڭ، مەككار، پايدىسىز دۇنيانىڭ مۇقىم جاي ئەمەسلىكىنى بىلدى. ھەرقانچە كۆپ مۈلۈكلەر، ماللار، جانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ زاۋالىنىڭ ھارپىسىدا، يۈتكىلىپ كېتىشىنىڭ سەھنىسىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. پەقەت بۇ جاھاندا خۇداغا يېقىنچىلىق ئىزدەش، كۆپ تەر تۆكۈش ۋە ئەجىرنىڭلا يوقالمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. تۈگىمەيدىغان نەرسە - ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدىغان سەدىقە ۋە ۋەخپە ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

( «بىر ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئۇن ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ» ، قۇرئان كەرىم، «سۈرە ئەنئام» ، 160 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

مەسنەۋى:

« ھەر نەرسە تاپساڭ خۇدا يولىدا سەرپ قىل . »

( « ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسە-لەر» ، قۇرئان كەرىم، «سۈرە ئال ئىمران» ، 92 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئۇنىڭ ئۈزۈلمەي داۋاملاشقىنىدۇر . »

بۇ ئايەت، ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنلىرىغا ھەمدەم بولۇپ (ئاللاھ سەلتەنەتنىڭ ئورنى قەشقەردە مۇشكۇللەرنى ئاسان قىلسۇن) بۇ يەردىكى ئۇلۇغلارنىڭ مازىرىدىكى (ئاللاھ ئۇلارنىڭ روھىنى پاك قىلسۇن) كارخانىلارنىڭ ۋەخپە، مال - مۈلۈكلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ، بۇ ھەزرەتلەرنىڭ ئاستانىلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى زۆرۈر ۋە ۋاجىپ بىلىپ، تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئىلھاملىرىغا ئاگاھ بولغۇچى، ئۇلۇغلۇق ئەسەرلىرىنىڭ كانى، ئاللاھنىڭ نۇرلىرىغا تەشنا بولغان مەشھۇر ھەزرەتلەرنىڭ مازىرىغا ئاللاھنىڭ نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرسۇن. ئۇ ئاشۇ تەۋەررۈك مازارغا ئۆزىنىڭ خاس ماللىرىدىن، پاكىز مۈلۈكلىرىدىن ئاجرىتىپ، ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدەش ئۈچۈن، كۆپ ساۋابلارنى تەلەپ قىلىپ، چىرايلىق ۋەدىلەرگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن: ئاللاھنىڭ «ئۆزۈڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) قايسى بىر ئىشنى قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىسىلەر»[1] دېگەن ھۆكۈمى بىلەن دائىملىق ھىدايەتنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىش ئۈچۈن ئافاق خوجا مازارىغا ۋەخپە ئىنئام قىلدى.

مازارغا قارا قىرغا تەۋە ياندارمىدىكى بايرىن شور ئېرىقلىق بورياچىلاردىن ئالتۇن - كۆمۈشكە سېتىپ ئالغان تەخمىنەن ئاتمىش ئالتە پاتمانلىق يەرنى، بىنامغا تەۋە يۈز پاتمانلىق يەرنى قوشۇپ جەمئىي بىر يۈز ئاتمىش ئالتە پاتمانلىق يەرنى ئۆز مۈلكى تەسەررۇپلىرىدىن چىقىرىپ ۋەخپە مۇتلەق ۋە مەڭگۈلۈك تەسەددۇق قىلدى ۋە بۇ مەزكۇر يەرلەرگە ۋەخپە پۈتۈش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ھەزرەتلەر مازارىنىڭ ئىلگىرى پۈتۈلگەن ۋەخپىنامىسىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۆلىما ۋە ئۆمەرالارنى دىۋانخانىگە جەم قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ھۇزۇرلىرىدا ئوقۇتۇپ، پۈتۈلگەن ۋەخپىنامىلەرنى كېڭەش ۋە مۇلاھىزە قىلىپ، سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن ۋاقىتتا، بەزى ئەھلى تەۋپىقلەر ۋەخپە قىلىپ بەرگەن نەچچە پارچە مۆھۈرلۈك خەت ئىچىدىكى بەزى پارچە يەرلەر بۇ ھۆججەتلەردە پۈتۈلمەي قالغانىكەن. ھەمدە كارخانىدا ئۇماچقا سەرىپ قىلىنىدىغان ۋە يەنە شەيخ، مۇتەۋەللى، ئىمام، مۇئەززىن، سىپارە ئوقۇغۇچى، ئۇماچچى، يانتاقچى قاتارلىق بۇزرۇكۋارلارنىڭ خادىملىرىغا ۋەخپە قىلىنغان مۈلۈك يەرلەردىن بولغان مەھسۇلاتنى تەقسىم قىلىش ئۇسۇلى زىكىر قىلىنمىغان جەھەتتىن يېڭى باشتىن ئالاھىدە بىر مەزمۇندا ئۈچ پارچە ۋەخپىنامە تەھرىر قىلىنىپ، ئىلگىرى - كېيىنكى بارلىق ۋەخپە، مال - مۈلۈك يەرلەر بۇ ۋەخپىنامىگە ئېنىق، تولۇق پۈتۈلۈپ، بىر ۋەخپىنامىنى ئۆلىمالارغا، بىرىنى ئەمىرلەرگە، بىرىنى مازار شەيخىگە تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ ۋەخپىنامە مەخپىي قالمىغايكى، ھەر يىلى بولىدىغان مەھسۇلاتنى ئونغا بۆلۈپ، تۆت بۆلىكىنى ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىدە، ھېيت ۋە ئايەم كۈنلىرىدە كارخانىدا نان، ئۇماچ پىشۇرۇپ، چىراغ يېقىپ، ھەززەت بۇزرۇكۋارلارنىڭ روھلىرىغا دۇئا - تەكبىر قىلىپ بەخش قىلىشقا سەرىپ قىلسۇن ۋە يەنە ئۈچ بۆلىكىنى شەيخ ئاخۇنۇم ئېلىپ، غېرىب - مۇساپىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسۇن. ۋە يەنە يېرىم بۆلىكىنى مۇتەۋەللى باشقۇرۇش ھەققى قىلىپ ئالسۇن ۋە يەنە يېرىم بۆلىكىنى ئىمام، مۇئەززىن ئۆزىگە تېگىشلىك ھەق قىلىپ ئالسۇن ۋە يەنە بىر بۆلىكىنى ئۇماچچى، يانتاقچى، جارۇپكەش قاتارلىق خادىملار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ھەق قىلىپ ئالسۇن.

مۇشۇ شەرت بىلەن ۋاقىت سەۋەبىدىن ھەزرەت بۇزرۇكۋارلارغا تەۋە مۈلۈكلەردىن قايسى بىرىگە زىيان يېتىدىغان ۋەقە بولغان بولسا ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ ئىچىدىن تېگىشلىك ھەققى

---

① قۇرئان كەرىم، «سۈرە مۇززەممىل»، 20 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com

چىقىرىپ قويۇپ، قالغان مەھسۇلاتلارنى مەزكۇر تەقسىمات بويىچە ئالسۇن.
كېيىنكى كۈنلەردە مەندىن باشقا بىرى بۇ ۋەخپىنامىگە تۈزىتىش ۋە ئۆزگەرتىش بەرمەسۇن. مۇبادا كىمدە كىم مال - مۈلۈك ۋە ۋەخپە قىلىنغان يەرلەرگە ۋە بۇ تەيىن قىلىنغان ۋەخپىنامىگە خىلاپلىق قىلىپ تۈزىتىش ۋە ئۆزگەرتىشنى راۋا كۆرۈپ، بۇ سەۋەبتىن بۇزرۇكۋارلارنىڭ كارخانىلىرىنىڭ تېگىشلىك خىراجىتى توختاپ قېلىپ، چىراق يېقىش، ئۇماچ قايىنىتىش ئىشلىرى توختاپ قالىدىغان ۋەقە بولۇپ، پېقىر - مىسكىنلەرنىڭ ھەققى زايە بولسا، شۇنداق قىلغۇچى بۇ ئالەمدە خار - زار، قەدىرسىز ۋە ئاخىرەتتە ھەزرەت پەرۋەردىگار قاھھارنىڭ غەزىپىگە گىرىپتار بولسۇن.

رۇبائى:

بۇ ۋەخپەكى تارتىلدى بەسى زەھمەت ئاڭا،
تا بولدى شەرايىت خەتىدىن زىينەت ئاڭا.
مەشرۇت ئىلە كىم قىلسە ئەمەل رەھمەت ئاڭا.
ئۇلكىم مۇڭا تەغيىيۇر[1] بېرۇر لەئنەت ئاڭا.

«ئۆز نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن، ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئاللاھ ساقلىسۇن.»
قارا قىرغا تەۋە ياندارمىدا ۋەخپە قىلىنغان بىر يۈز ئاتمىش ئالتە پاتمانلىق يەرنىڭ چەك - چېگرىسى:
شەرقىي چېگرىسى — يامان يارغا ۋە بەزىسى قارا كۆلگە تۇتاش.
شىمالىي چېگرىسى — سېغىزلىق يەرگە، بەزىسى ھىمىتنىڭ بېگى، سامۇ خوجە، قاسىم تۇڭچىلارغا بەرگەن يەرگە ۋە بەزىسى ئايرىلىپ قالغان يىگىرمە پاتمانلىق بىنام يەرگە ۋە بەزىسى ئايىقى لوڭ نىنىڭ قوۋمىنىڭ بۇتخانىسىگە چىقىپ، ئۇشبۇ ۋەخپە يەرگە سۇ كىرىدىغان ئۆستەڭگىچە.
جەنۇبىي چېگرىسى — ھەم ئابدۇل باقى بەگنىڭ لەنگىرىنىڭ يېرىگە تۇتاش پاسىل بويىرچى يولى. بەزىسى جىلغا ۋە بەزىسى ياندارمىنىڭ شۇبۇ ۋەخپە يەرگە سۇ كىرىدىغان ئۆستەڭ، كالا قوتىنىدىن باشلاپ يامان يارغىچە جىلغا.
بۇ مازار تەۋەسىدىكى مەھەللە - كەنتلەردىكى ۋە يەنە ھەممە سەھرا - كەنتلەردىكى ۋەخپە يەر، مال - مۈلۈك، باغ، زېمىن ۋە تۈگمەنلەر تۆۋەندىكىچە:
توغراقلىق باغدا تۆت پاتمانلىق، ئارا باغدا ئۈچ پاتمانلىق، يېڭى باغدا بەش پاتمانلىق، ئۇلۇغ باغدا ئالتە پاتمانلىق يەر. تار بوغۇزدا ئۈچ پاتمانلىق يەر. يۇمۇلاقدا بىر پارچە بەش غەلبىرلىك يەر. ۋە يەنە بىر پارچە ئىككى غەلبىرلىك قۇرۇق يەر ۋە يەنە بىر پارچە ئىككى غەلبىرلىك يەر. ۋە يەنە بىر ھويلا، باغ، يىرىم پاتمانلىق يەر. ۋە يەنە دۆلەتباغ ئۆستىڭىنىڭ بويىدىكى ئۈچ پاتمانلىق يەر. سەير چاقتىن چاھار باغقىچە ئونبىر پاتمانلىق يەر، تۇمۇر چىلەدە بىر پاتمانلىق يەر، مۇھىسىندە ئۈچ پاتمانلىق يەر. دانىڭ خوجىدا ئۈچ پاتمانلىق يەر. ئوتياشچىدا ئون. . .[2]يەر ۋە يەنە ئون چارەكلىك يەر. ۋە يەنە بىر غەلبىرلىك يەر. بۇنىڭ ھەممىسى جەمئىي قىرىق ئالتە پاتمان تۆت چارەكلىك يەر.

---

① بۇ سۆز ئۆچۈپ كەتكەن، تەخمىنى ئېلىندى.
② بۇ جاي پەرسۇدە بولغان.

سەرمەندكە تەۋە تۇغ. . . . . .[1] شافى خوجە ۋەخپە قىلغان ئۈچ يېرىم پاتمانلىق يەر. سوللۇققە تەۋە بۆلەمدە ئىككى پاتمانلىق يەر. ۋە يەنە يېرىم پاتمانلىق يەر. قىزىل قۇيرۇقدا ئون غەلبىرلىك يەر. دۆلەتباغ ئۆستىڭىنىڭ بويىدا ئۈچ پاتمانلىق بىنام يەر. كۆكلە تومىسىدا توختە باي، توختىلاق خوجە ۋەخپە قىلغان ئون ئىككى غەلبىرلىك يەر. ئۆستەڭنىڭ تۆۋەن يېنىدا ئۈچ غەلبىرلىك يەر، ئۆستەڭدىن ئايرىلىپ قالغان بىر چارەكلىك يەر. يەرلىك كەنتىدە، جىلغە ئارىلىقىدا شاھ ئادىل ۋەخپە قىلغان ئون ئىككى چارەكلىك يەر. بۇ جەمئىي يەتتە پاتمان ئالتە غەلبىر تۆت چارەكلىك يەر.

توققۇزاقتا تەۋە سوغۇلۇقدا، قاقچى ئېرىقىدا بارات سۇپى ۋەخپە قىلغان يىگىرمە چارەكلىك يەر. ئاينەساق كەنتىدە تەركىن بۇۋى ۋەخپە قىلغان يېرىم پاتمانلىق يەر. مۇراد سوپى ۋەخپە قىلغان يېرىم پاتمانلىق يەر، مىۋەجان بۇۋى ۋەخپە قىلغان ئون غەلبىرلىك يەر. موللا نىياز ۋەخپە قىلغان ئون ئىككى چارەكلىك يەر. ناغىرخانىدا موللا خوجە ۋەخپە قىلغان بىر پاتمانلىق يەر. ئوي باغدا، سامساقلادا ھاجى ئابدۇرەھىم ۋەخپە قىلغان ئون غەلبىرلىك يەر. يەنە بىر پارچە يەتتە غەلبىرلىك يەر. يەنە بىر پارچە يەتتە غەلبىرلىك يەرگە تەۋە جەمئىي دەرەخلىرى، ئويچۇق ئېرىقى بويىدا بەش غەلبىرلىك يەر. ئوغرى ساقدا نىياز خوجە ۋەخپە قىلغان ئۈچ پاتمانلىق يەر. ئاق باغدا ئۈچ غەلبىرلىك يەر، مۇسامۇردا ھىبىت خوجە ۋەخپە قىلغان بىر ھويلا ۋە ئۇنىڭغا تەۋە دەرەخلىرى بىلەن ئۈچ غەلبىرلىك يەر. قوش جىرا ئېرىقىنىڭ بويىدا تۇختى باي ۋەخپە قىلغان يېرىم پاتمانلىق يەر. سەيدلادا كەفەك خوجە ۋەخپە قىلغان ئىككى غەلبىرلىك يەر. يارماشلا كەنتىدە، دارخانلادا يېرىم پاتمانلىق يەر. جىغاندا پوستەك ئېرىقى بويىدا يېرىم پاتمانلىق يەر. قۇربان خوجە ۋەخپە قىلغان ئالتە چارەكلىك يەر. زەرمىندە، شەۋسى ئېرىقى، باغ ئېرىقىدىن سۇ كىرىدىغان موللا دوست، ئۇستا غىياسلار ۋەخپە قىلغان ئىككى غەلبىرلىك يەر. قۇتلۇغمەت باي ۋەخپە قىلغان بىر غەلبىرلىك يەر. كۇدى مەسجىدە ئالتە غەلبىرلىك يەر. سېرىق يەردە بىر غەلبىرلىك يەر. مازار ئالدىدا، قوگرۇ غولۇقدا ئون ئىككى چارەكلىك يەر. ئۆرۈ كىچىكىدە، يېڭىلىقدا تۆت پاتمانلىق يەر. قوشچىدا خوجەش باي ۋەخپە قىلغان ئىككى غەلبىرلىك يەر ۋە ئۇنىڭغا تەۋە دەرەخلىرى. ئەشرەف باي ۋەخپە قىلغان تۆت غەلبىرلىك يەر. قىراۋۇل كەنتىدە، مەنكىن ئۆستىڭى بويىدىكى ئىبراھىم سۇپى ۋەخپە قىلغان بەش غەلبىرلىك يەر. شىيلانچى كەنتىدە، مازار ئېرىقىدا ئۈچ غەلبىرلىك يەر. تاشدا ئىككى غەلبىرلىك يەر. بۇ جەمئىي يىگىرمە بىر پاتمان ئۈچ غەلبىر ئالتە چارەكلىك يەر.

ۋە يەنە قورغان زېمىنىدا ئاياقچى كەنتىدە مەلىكە بۇۋى ۋەخپە قىلغان ئىككى چارەكلىك باغ يېرى.

تازغۇنغە تەۋە باۋەرچى كەنتىدە بەش غەلبىرلىك يەر، يەنە ئون چارەكلىك يەر، يەنە يېرىم پاتمانلىق يەر، يەنە ئالتە چارەكلىك يەر. مازار ئالدىدا ئون ئىككى غەلبىرلىك يەر. ئاق مەسجىدە ئىككى پاتمانلىق يەر. لايلاتقىدا ئېگىز ئېرىق بويىدا ھېيترەھىم باي ۋەخپە قىلغان ئون ئىككى غەلبىرلىك يەر. ۋە يەنە ئابدۇرەھىم باي، ھۇسەيىن باي ئاغا ـ ئىنى ئىككىسى ۋەخپە قىلغان يەتتە ئىشكلىك ھويلا ۋە باغ ـ بوستانىغا تەۋە دەرەخلىرى بىلەن سالىھ ۋە غەيرى سالىھ يەتتە پاتمانلىق يەر. قاخما كەنتىدە يەتتە پاتمانلىق يەر. بۇرلەدە ئابدۇرەھمان باي ۋەخپە قىلغان ئون ئىككى چارەكلىك يەر ۋە يەنە قادىر خوجە ۋەخپە قىلغان

[1] كۆپ چېكىت كورىنىدىكى سۆزلەر ئۆچكەن.

ئون تۆت غەلبىرلىك يەر. ئالتە ئىشكىلىك ھويلىغا تەۋە دەرەخلىرى بىلەن، بۇ جەمئىي يىگىرمە ئالتە پاتمان بىر غەلبىرلىك يەر.

قىزىل بويىغا تەۋە چەقار كەنتىدە تۇردۇمەت باي ۋەخپە قىلغان يېرىم پاتمانلىق يەر. توختى سوپى تۈگمىنىدە ۋەخپە قىلغان بىر پاتمانلىق يەر. مۇھەممەد يار خوجە ۋەخپە قىلغان يېرىم پاتمانلىق يەر. كونا قىزىل كەنتىنىڭ ئارا مەھەللىسىدە بىر باغ، ئۈچ غەلبىرلىك يېرى بىلەن ئۆرۈك، ئۈجمە، تېرەك، سۆگەت بولۇپ يەتمىش بىر تۈپ دەرەخ. ئۈستەڭ بويىدا ئالتە تۈپ ئۈجمە، يەنە بىر غەلبىرلىك يەر. بەش تۈپ ئۈجمىسى بىلەن، توختى بۇۋى ۋەخپە قىلغان تۆت چارەكلىك يەر، توختى باي ۋەخپە قىلغان بىر غەلبىرلىك يەر بىلەن تەۋە دەرەخلىرى. ئارائونغا تەۋە بۇرداماللدىكى روزۇمەت ئۇستا ۋەخپە قىلغان ئۈچ غەلبىرلىك يەر. نىياز سالتاڭ ۋەخپە قىلغان يېرىم پاتمانلىق يەر. ئابدۇرەھىم مىكبىشى ۋەخپە قىلغان ئۈچ غەلبىرلىك يەر. جالىيادا مىرلەتىق خوجە ئابدۇ جەببار تېرىپ تۇرغان ئالتە غەلبىرلىك يەر، ھويلا بىلەن تەۋە دەرەخلىرى، شاھ سوپى، موللا ئابدۇرەھىم تېرىپ تۇرغان ئۈچ پاتمانلىق يەر. تۇردى خوجە بىلەن ئەزىز يار تېرىپ تۇرغان ئالتە غەلبىرلىك يەر. غەلتىر ئادا بۇۋى، جان بۇۋى ۋەخپە قىلغان تۆت چارەكلىك يەر. يەنە چالىيادا ئاخۇن خوجە بىلەن خۇدايار خوجە تېرىپ تۇرغان ئىككى پاتمانلىق يەر. سەقۇركى ئۇشۇرلار تېرىپ تۇرغان ئالتە غەلبىرلىك يەر. قان تامماستا، قوقتالىق ھويلىدىكى تۇردى سوپى، ئوبۇل سوپىلار تېرىپ تۇرغان ئون ئىككى غەلبىرلىك يەر. كەھالدا موللا ئابدۇرازاق ۋەخپە قىلغان ئون ئىككى چارەكلىك يەر. مۇلۇكدار يەشاردا جانان سوپى ۋەخپە قىلغان ئىككى غەلبىرلىك يەر. بۇ جەمئىي ئون ئۈچ پاتمان بىر غەلبىر تۆت چارەكلىك يەر.

پەيزئاۋادقا تەۋە تۈگمەن بېشىدىكى نىياز كارساڭ ۋەخپە قىلغان ئون غەلبىرلىك يەر، تۆۋەن يار يېنىدىكى مىرزا غېرىب ۋەخپە قىلغان ئون ئىككى چارەكلىك يەر، مىڭ قىشلاقتا ئايۇپ باي ۋەخپە قىلغان بىر غەلبىرلىك يەر، ئەگرى تېرەكتە ئەۋەز باي ۋەخپە قىلغان ئىككى چارەكلىك يەر ۋە شۇ يەرگە تەۋە دەرەخلىرى بىلەن، غىياس باي ۋەخپە قىلغان ئۈچ غەلبىرلىك يەر، توختى توپى ۋەخپە قىلغان ئالتە غەلبىرلىك يەر ۋە ئىككى تۈپ ئۈجمە دەرىخى بىلەن، مۇھەممەد شېرىپ باي ۋەخپە قىلغان بىر يېرىم چارەكلىك باغ ۋە ئۇنىڭغا تەۋە دەرەخلىرى بىلەن، بۇلار جەمئىي ئىككى پاتمان بەش غەلبىر ئالتە چارەكلىك يەر.

خان ئېرىقىغا تەۋە چەقار كەنتىدە يەتتە غەلبىرلىك يەر.

بەشكېرەمگە تەۋە سەدىر كەنتىدە، يەقىل ئېرىقىنىڭ بويىدا خوجامقۇلى خوجە، ئەۋەز خوجىلار ۋەخپە قىلغان ئون ئىككى غەلبىرلىك يەر. بەش توغراقدا، توغرا ئۆرۈكدە ھەبىبە خوجە، نەزەر خوجە ۋەخپە قىلغان يەتتە غەلبىرلىك يەر. كالتە ياقۇپ ۋەخپە قىلغان تۆت چارەكلىك يەر. بۇ جەمئىي ئىككى پاتمان ئىككى غەلبىر تۆت چارەكلىك يەر.

ئابادنىڭ قېچىر ئۆي كەنتىدە نىياز بۇۋى ۋەخپە قىلغان تۆت چارەكلىك يەر. ۋە يەنە توققۇزاققا تەۋە مۇسامۇر كەنتىدە باۋدۇن ۋەخپە قىلغان ئون ئىككى چارەكلىك يەر.

ئاستىن ئارتۇچقا تەۋە باي ئەھمەد ۋە ھەبىبە ئاغىچە ۋەخپە قىلغان يەتتە غەلبىرلىك يەر، يەنە ئون ئىككى غەلبىرلىك يەر. بۇ جەمئىي ئىككى پاتمان بىر غەلبىرلىك يەر.

ئۈستۈن ئارتۇچقا تەۋە رەساق كەنتىدە ئۈچ غەلبىرلىك يەر.

يېڭىسار زېمىنىدا بويىرا كەنتىگە تەۋە دۆكدادىكى سالىھ ۋە غەيرى سالىھ قىرىق پاتمانلىق يەر. يەنە سۆيۈكلۈكتە نىياز سوپى ۋەخپە قىلغان ئالتە غەلبىرلىك يەر. ياپچان

كەنتىدە تۇراممەت باي ۋەخپە قىلغان ئون ئىككى چارەكلىك يەر، ۋە يەنە ياپچان كەنتىدە، ياپىلاق تېرەكتە سالىھ ۋە غەيرىي سالىھ ئەللىك پاتمانلىق يەر، ۋە يەنە تازغۇندىكى ياپىلاق تېرەككە تەۋە قەدىم جايدىكى سالىھ ۋە غەيرى سالىھ ئوتتۇز سەككىز پاتمانلىق يەر.

قورغان زېمىنىدا ۋەخپە كەنتىگە تەۋە قىزىل دەرياسىنىڭ بويىدىكى مەسجىد جامەگە ھوسۇل تاپشۇرىدىغان ئون پاتمانلىق يەر بىلەن تۆت تاش تۈگمەن.

تازغۇنغە تەۋە جىگدە ئېرىق كەنتىدە يەتتە يېرىم پاتمانلىق يەر. ۋە يەنە ئون ئىككى چارەكلىك باغ يېرى بىلەن تەۋە دەرەخلىرى، قۇلچى كەنتىدە بەگيار خوجە ۋەخپە قىلغان يەتتە غەلبىرلىك يەر. تۆت ئىشىكلىك ھويلا بىلەن تەۋە دەرەخلىرى، ۋە يەنە خاملادا بورىلە ئۆستىڭى بويىدىكى شەھەرلىك يۈسۈف خوجە ۋەخپە قىلغان ئۈچ يېرىم پاتمانلىق يەر.

ۋە يەنە قارا قىرغا تەۋە بايرىن كەنتىدە غۇجەك لەنگىرىنىڭ ئالدىدىكى يار ئاغىچە ۋەخپە قىلغان ئالتە غەلبىرلىك يەر.

ۋەيەنە ئابادقا تەۋە قېچىر ئۆيىدا، سۈزۈتمە ئېرىقنىڭ بويىدا موللا نىياز ۋەخپە قىلغان بىر پاتمانلىق يەر بىلەن تەۋە دەرەخلىرى.

ۋەيەنە بەشكېرەمگە تەۋە بادۆرچى كەنتىدە، قاراخان پادىشاھدىكى بابا خوجە ۋەخپە قىلغان ئىككى پاتمانلىق يەر.

يەنە قىزىل بويىغە تەۋە كەمال كەنتىدە موللازادە ۋەخپە قىلغان ئۈچ غەلبىرلىك يەر ۋە يەنە يېرىم پاتمانلىق ۋە يىگىرمە چارەكلىك يەر. جاي ئېرىقىدا سىدىق سوپى ۋەخپە قىلغان ئالتە چارەكلىك باغ يېرى، ئارا ئۈندا چولاق جىلغىسىنىڭ بويىدا روزى خوجە، دۆۋان سوپى، تائۇسۇق بۆۋىلەر ۋەخپە قىلغان بىر پاتمانلىق يەر.

ۋە يەنە پەيزىئابادقا تەۋە قوم ئېرىق كەنتىدە موللا ئىسمائىل ۋەخپە قىلغان يەتتە غەلبىرلىك يەر. ئاق تۇرا مەھەللىسىدە ئەيدەمەت ۋەخپە قىلغان بىر ھويلا، ئون غەلبىرلىك يەر، باغ بىلەن تەۋە دەرەخلىرى.

سەرمەندكە تەۋە ئوقچى كەنتىدە ئوسمان بۆۋى ۋەخپە قىلغان بىر چارەكلىك يەر بىلەن يىگىرمە توپ ئۈجمىسى.

ۋە يەنە مەخپىي قالمىسۇن، بۇ ھۆججەتنىڭ ئىچىدە يېزىلغان مال ـ مۈلۈك، ۋەخپە قىلىنغان يەرلەرنىڭ چېگرىلىرى كونا ھۆججەتلەردە مەزكۇر بولغان جەھەتتىن بۇنىڭدا زىكرى قىلىنمىدى. ئەگەر چېگرىغا ئېھتىياجلىق ۋەقە بولسا كونا ھۆججەتلەرگە قاراپ ئەمەل قىلىنسۇن. بۇ سەۋەبتىن مۇشۇ ئۈچ ھۆججەتنىڭ ھەر بىرىگە كونا ھۆججەتلەردىن بىرىنى قوشۇپ ئىككى ھۆججەتنى ئەئلەم ئاخۇنغا، ئىككى ھۆججەتنى ئىشكاغا بەگكە، ئىككى ھۆججەتنى شەيخ ئاخۇنغا تاپشۇردۇق.

مەندىن كېيىنكى كۈنلەردە بىر سائادەتمەن ۋە بەختلىك بىرى بۇ مال ـ مۈلۈك، زېمىن، ۋەخپىنىڭ راۋاج تېپىشىغا ۋە گۈللىنىشىگە ياردەم قىلىپ كۈچ چىقىرىپ، تىرىشچانلىق كۆرسەتسە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىنىڭ ياخشىلىقىغا كۈچ چىقارغان بولىدۇ. ۋە بىرەر ئەقىلسىز، نادان، يامان ئىش قىلغۇچى بۇ مال ـ مۈلۈك، ۋەخپىلەرنىڭ خاراب ۋە ۋەيران بولۇشىغا سەۋەبچى بولسا ئۆزىنىڭ خارابلىقى ۋە رەسۋالىقىغا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولىدۇ. ئۆز نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن، ئۆز ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىرىدىن ئاللاھ ساقلىسۇن، كىشىگە ئاللاھ ھىدايەت قىلسا ئۇ كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوق. ئاللاھ ئازدۇرسا ئۇ كىشىگە ھىدايەت قىلغۇچى يوق. سالام ھىدايەتكە ئەگەشكۈچىلەرگە بولسۇن، ئاللاھ رەھمەت بەرسۇن.

www.uyghurkitap.com



ئۆز بەندىلىرىنىڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا، ساھابىلىرىگە، ئۇممەتلىرىگە كۆپتىن ـ كۆپ سالاملار بولسۇن. ئۆزۈڭ رەھمىتىڭ بىلەن ئەي رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسى بولغان ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك ئاللاھ!

ۋە يەنە ئارا ئۇندا توققۇز يېرىم غەلبىرلىك يەر، ھەلالدا بىر پاتمانلىق يەر، ئارا قىشلاقتا ئالتە پاتمانلىق يەر، تۆت ھويلا بىلەن تەۋە دەرەخلىرى.

مىيشاردا موللا ئابدۇل ۋەخپە قىلغان ئىككى غەلبىرلىك يەر. ھەمشىرىسى ۋەخپە قىلغان تۆت چارەكلىك يەر. مەستۇرە بۇۋى ۋەخپە قىلغان يېرىم پاتمانلىق يەر بىلەن تەۋە دەرەخلىرى. توختى باي ۋەخپە قىلغان بىر غەلبىرلىك، شاپتۇللۇقتا موللا پولات ۋەخپە قىلغان ئون ئىككى چارەكلىك، ئارائۇندا موللا مۇسا ۋەخپە قىلغان ئون ئىككى چارەكلىك يەر.

قازى ئېرىقىدا سىرلىق ھويلىدا موللا سىدىق ۋەخپە قىلغان ئىككى غەلبىرلىك يەر. يېڭى ئۇندا ھەبىبۇللاھ ۋەخپە قىلغان بىر يېرىم پاتمانلىق يەر.

قارا يانتاقتا موللا نىياز ۋەخپە قىلغان ئون چارەكلىك يەر، ۋە يەنە مىيشاردا پاتىمە ئاغىچە ۋەخپە قىلغان ئىككى غەلبىرلىك يەر.

غولتۇرا كەنتىدە ھېيت خوراز ۋەخپە قىلغان بىر غەلبىرلىك يەر. بۇ يەرلەرنىڭ چېگرىسى ئەسلى خەتتە بار.

جاي ئېرىقىدا موللا سىدىق ۋەخپە قىلغان ئالتە چارەكلىك يەر. چولاق جىلغىسى بويىدىكى ئوسمان سېلىملار ۋەخپە قىلغان بىر تاش تۈگمەن. ئاق تازغۇندىكى نىياز خوجە ۋەخپە قىلغان يېرىم پاتمانلىق يەر. قورغان قازى ئېرىقىدىكى موللا يۈسۈف ۋەخپە قىلغان يىگىرمە چارەكلىك يەر. قۇم پېتىقتىكى ھاجەر ئاغىچە ۋەخپە قىلغان ئىككى غەلبىرلىك يەر. تازغۇننىڭ تار تۇرىدا توختى ئاغىچە ۋەخپە قىلغان يېرىم تاش تۈگمەن.

ئۇستۇن ئارتۇچ تارقۇقتا مۇھەممەد خوجە ۋەخپە قىلغان بىر پاتمانلىق يەر. قايىراقدا تاھىر تېرىپ تۇرغان ئالتە چارەكلىك يەر. خانلاردا شەيخ تېرىۋاتقان يىگىرمە چارەكلىك يەر، بۇرساقدا ئالتە غەلبىرلىك يەر. ياندامىدا غۇنچە بۇۋى ۋەخپە قىلغان بىر غەلبىرلىك يەر. قاراقىر بارىندا ئالتە غەلبىرلىك يەر. يېڭىھىساردا، بۇ دەرگاھقا تەۋە مۇھەممەت سىدىق خوجە ۋەخپە قىلغان يىگىرمە چارەكلىك يەر. دانگالچىدا شەھەرلىك سالىھ بۇۋى ۋەخپە قىلغان يىگىرمە چارەكلىك يەر. تازغۇنغە تەۋە قاراجدا يېرىم پاتمانلىق يەر. جان تومۇردا ئون چارەكلىك يەر، توققۇزاقنىڭ قىزاقلادا تۇردى تۇڭچى ۋەخپە قىلغان ئىككى غەلبىرلىك يەر. يەنە قىزاقلادا قۇتلۇق سۇپى ۋەخپە قىلغان ئىككى پاتمانلىق يەر، ھويلا، باغ، تېرەك، ئۈجمىلىك، قورۇق يەر. بۇ يەرلەرنىڭ چېگرىسى ئەسلى خەتتە بار.

بەش كېرەمنىڭ قالۇق كەنتىدا قۇتلۇق تېھران ۋەخپە قىلغان بىر پارچە، كورالىقتىكى ئالتە غەلبىرلىك يەر ۋە يەنە مازار ئالدىدىكى بەش غەلبىرلىك يەر. قىزىل بويىنىڭ ئېرىقىدا شاھدا موللا تۆلەندى ۋەخپە قىلغان ئون سەككىز چارەكلىك يەر. تازغۇننىڭ ئاغۇت كەنتىدە مۇھەممەت باي ۋەخپە قىلغان ئون ئىككى چارەكلىك يەر. تۇغچىدا نىياز بارداڭ ۋەخپە قىلغان يىگىرمە غەلبىرلىك يەر. سولۇكدىكى توختى قاسساپ ۋەخپە قىلغان تۆت پاتمانلىق يەر. پەيزئاباتدا، قۇم ئېرىقدا روزىلاق دورغە ئوغلانلىرى بىلەن ۋەخپە قىلغان ھويلا، دەرەخلىرى بىلەن بەش چارەكلىك يەر. تازغۇننىڭ بورلەدە ئەۋەز بۇۋى مۇھەممەد ئەمىن ۋەخپە قىلغان ئون چارەكلىك يەر. ۋە يەنە كالتە قۇم ئېرىقىدا تۇردى خوجە ۋەخپە

قىلغان بەش چارەكلىك يەر. ۋە يەنە قاشقا بۇغرا رەھمەت سوپى بەش غەلبىرلىك يەر ۋەخپە قىلغان. ۋە يەنە موللا رەھىم ۋەخپە قىلغان تۆت چارەكلىك يەر.

قورغانغا تەۋە قازى ئېرىقىدا نىياز سوپى ئون ئىككى چارەكلىك يەر ۋەخپە قىلغان. بۇ يەرلەرنىڭ چېگرىسى ئەسلى خەتتە بار.

ھەزرەت بىلەن دەبىيددىن بىرگە كەلگەن خۇدا نەزەر بوۋا، چورۇق بوۋا، مۇھەممەد ھەسەنخاننىڭ مەقبەرىلىرى خوجام پادىشاھنىڭ ۋاقتىدا چوڭ گۈمبەزگە ئېلىنىپ قورشالغان.

ۋە يەنە مەخپى قالمىغايكى، دۆڭ دارادىكى قىرىق پاتمانلىق ۋەخپە يەرگە قەدىم زاماندىن تارتىپ ئۆز ئېقىنى بويىچە جىلغىدىن ئېقىپ چىقىدىغان بۇلاقنىڭ ئىككى تاشلىق سۈيى، پاراج ئۆستىڭىدىن شال تېرىيدىغان چوڭ بىر ئېرىق سۈيىگە ھېچ بىر دەخلى - تەرۇز قىلماس. ۋە يەنە ئاتا - ئانىسى ۋە بۇرادەرلىرى ۋە ئۆز ئىختىيارى ۋە ئىخلاسى بىلەن كىچىك ۋاقتىدا كارخانىغا يانتاقچى بولسۇن، دەپ تەقدىم قىلىپ دۇئا ئالغان سۇپى باللارنىڭ ئىسمىلىكى:

تۆلەندى، ئەبدۇسسائىد، ئۇشۇر، نىياز روزى، سامساق كەۋنە، خۇدا بەردى، كەشمىر، تۆلەندى توقۇم، توختى كوركۇت، موللا نىياز.

ئاستىن ئارتۇچتىن ئەسەل، ئوڭ ئېرىقتىن موللا ھەسەننىڭ ئوغلى موللا ئابدۇروسۇل.

ئۈستۈن ئارتۇچتىن ئەيسا ۋە ئىسمائىل.

شەھەردىن مىرئەۋەز، مىرنىياز ۋە موللا خۇدا بەردى، موللا قاسىم، ياقۇپ، مۇھەممەد ئەمىن، موللا شەرىپ، مۇھەممەد نىياز، ئابدۇررەھمان ئاخۇن، سۇپى مۇھەممەد تۇردى.

پەيزئاباتدىن موللا ئىسلام، ھەبىب سۇپى، غەرىب مىكيان، ئىبراھىم سۇپى ئاخۇن، سۇپى سەرىغ، سۇپى سامساق، نىياز سۇپى، بەختىيار، موللا نىياز تۆمۈر، ئەنۋەر.

ئوپالدىن بۇباق ئابدۇرەھىم كۆچەك.

خان ئېرىقتىن ئىسمائىل ئاشپەز، موللا زاھىد ۋە ئابىد.

تاشمالىقدىن موللا توختاش.

تازغۇندىن مۇھەممەد ئەمىن، شەرىف، بوباق ئۆتۈك، توختاش ئابدۇرەھىم، مۇھەممەد نىياز، مۇھەممەد تۇردى.

بەشكېرەمدىن موللا نىياز، سۇپى روزى، مۇھەممەد ئارابە. مۇھەممەد نىياز.

خۇششاباتدىن قۇتلۇق ئەلى.

توققۇزاقتىن ئاخۇن موللا تۆلەندى، چورۇق، مۇھەممەد غالى.

قورغاندىن مۇھەممەد تۇردى، موللا تۇردى، مۇھەممەد مۇسا.

يېڭىھسارنىڭ قارا باغ دۆڭ دارادىكى سۇپىلار - ئابدۇللا باقى، مۇھەممەد ئىيسا، ھۇسەيىن بۇدۇك، ئەلى تالىب، ئۇشۇر ئەمىن، مۇسا . . . ، توختى دۇنبە، موللا ئاشىق، مۇھەممەد سىدىق شاھ، تاھىر يۇسۇف، قاسىم تالىپ، يۇسۇف خوجە، باھاۋۇددىن، روزى سامساق، سۇپى تاغار، ئايۇپ خوجامقۇلى، شاھ خوجە، نىياز سۇپى.

ئۇشبۇ مەزكۇر خادىم، سۇپىلار تىزىملىنىپ پۈتۈلدى.

( راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم: تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن. ئابلا سايىت ھاجى : بايىنغۇلىن ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىدىن)

# «قۇتادغۇبىلىك» ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ كىرىش سۆزى

روبېرت. دانكوف (ئامېرىكا)

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەكبەر ئەمەت

## ھۆكۈمرانغا مۇراجىئەت

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، ھۆكۈمرانلارغا مۇراجىئەت قىلىش ئىسلامچە «ھۆكۈمدارلار ئەينىكى» ئۇچۇن خاراكتېرلىكتۇر، «قۇتادغۇبىلىك»تە بۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۈركىي ئىچكى ئاسىيا ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئېلىنغان. بىز خاقان (theKhaqan) (3126 ـ بېيت)، تۈرك خانى (the khan ofthe Turks) (3817 ـ بېيت)، تۈرك بۇيرۇقى (the Buyruq of the Turks) (1163 ـ بېيت)، ئۆگە بۇيرۇقى (the Buyruq of the counselo) (2941 ـ بېيت)، ئۆتۈكەن بېگى (the Begof Otuken) (1962 ـ، 2682 ـ بېيت)، ياغما بېگى (thE Beg of Yaghma) (1758 ـ، 4947 ـ بېيت)، ئۈچ ئوردا بېگى (Beg of the throe camp3) (1594 ـ بېيت)، ئۈچ ئوردا خانى (the khan of the three Camps) (2966 ـ، 3815 ـ، 5569 ـ بېيت)، ئىلى بېگى (the Beg of the Ili) (1779 ـ بېيت)، ئىلى ئاتلىقى (the Chief of the Ili) (841 ـ، 1629 ـ، 2319 ـ بېيت)، ئىلى ئەركىنى (the Irkin of the Ili) (4752 ـ بېيت)، ئىلى سىر تېگى (the Sir Tengi of the Ili) (2696 ـ بېيت)، بۆكە يابغۇسى (the Yavghu of Boke) (Boke yavghusi ?) (5043 ـ، 5523 ـ بېيت)، چىگىل (the chigil) (3491 ـ بېيت)، كۆك ئايۇق (the kok Ayuq) (2644 ـ بېيت) ۋە توڭا ئالپ ئەر (Tonga Alp Er) (5861 ـ بېيت) قاتارلىقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ئۈچى تارىخىي ۋە ئەپسانىۋىي ئەنئەنە بىلەن باغلىنىشلىق؛ قالغانلىرى بولسا روشەنكى، پەقەتلا بەزىدە جۇغراپىيىلىك جايلار ۋە قەبىلە ناملىرى: ئىلى دەريا ۋادىسى، ئۆتۈكەن (Otuken) [مەسىلەن، تاننۇ ئولا (? Tannu—ola) تاغ رايونى]، ياغما، چىگىل قەبىلىلىرى قاتارلىقلار بىلەن چېتىشلىق ئەمەللەردۇر. بەگلەر بېگى (the Beg of Begs) (893 ـ بېيت)، خەلقلەر بېگى (the Beg of the people) (6138 ـ بېيت)، ئەل ۋە كەنت بېگى (the Beg of the realm and the City) (126 ـ بېيت)، ئۇلۇغ كەنت بېگى (the Beg of the Great city) (5354 ـ بېيت) قاتارلىقلار تېخىمۇ ئادەتتىكى ناملاردۇر.

بۇ نوپۇزلۇق شەخسلەردىن ئېلىنغان نەقىللەرنىڭ ھېچقانداق روشەن قۇرۇلمىسى يوق، گەرچە سودىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ھېكمەتلەر سودىگەرلەر بېشىنىڭ (the chief of the merchants) ئېغىزىدىن بېرىلگەن بولسىمۇ (2745 ـ، 3002 ـ، 5754 ـ بېيت)، ھەرقانداق بىرىگە تەۋە قىلىنغان ھېكمەتلەر دائىم غوۋا ياكى ئادەتتىكىچە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، باشقا ھەرقانداق بىرىگە تەۋە قىلىنىشقىمۇ، ياكى ئەمەلىيەتتە دائىم دېگۈدەك

---

• بېشى ئۆتكەن ساندا.

تىلغا ئېلىنغان نوپۇزلۇق دانىشمەن (stsndad Wisesage) نىڭ دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.
يۇقىرىقى نوپۇزلۇق شەخسلەرگە تەۋە قىلىنغان ھېكمەتلەرنى مەسەللەر (110 ـ، 1623 ـ،
3514 ـ بېيت) ياكى تۈركىي ماقال ـ تەمسىللەر (273 ـ، 319 ـ، 880 ـ، 1798
ـ، 1826 ـ بېيت) لەرگە مۇجەسسەملەنگەن ھېكمەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ھېچقاند-
داق نەرسە يوق. بۇ ئەھۋال ئەسەرگە تارقالغان نامەلۇم ئاپتورلارغا تەۋە قىلىنغان تۆت
مىسرالىق شېئىرلارغىمۇ ئوخشاش كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ قىسقا ھەم گۆڭگا بولۇشتەك ئالاھىدىلى-
كىنى ھەم ئالاھىدە قاپىيە شەكلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنى ئەتراپىدىكى تېكىستتىن
پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان باشقا ئالاھىدىلىكلەر يوق. بۇنىڭ سەۋەبى روشەن. مۇشۇنداق ماتېرى-
ياللارنىڭ ھەممىسىنى، تۆت مىسرالىق شېئىرلار، ماقال ـ تەمسىللەر، ھەم ئوخشاشلا
ھېكمەتلىك سۆزلەرنى يۇسۇپ ئۆزى پارس ـ ئىسلام ھېكمىتى ۋە ئېتىكا ئەنئەنىسىنى ئۇلگە
قىلىش ئارقىلىق تۈزۈپ چىققان.

ھۆكۈمرانلارغا مۇراجىئەتلەرنىڭ ئارىسىدىن بىز ھەقىقەتەن بىر ئەرەبچە نەقىلنىڭ ئېلىن-
غانلىقى (5809 ـ بېيت)، ھەم قارىماققا بىر ئىرانلىق دانىشمەننىڭ ئېيتقانلىرىنى نەقىل
ئالغاندەك كۆرۈنىدىغان يەنە بىرىنى (3265 ـ بېيت) بايقايمىز، ئەمەلىيەتتە، ئەسەرنىڭ
كىرىش قىسىملىرىدا يۇسۇپ سەمىمىي ھالدا ئۆزىنىڭ قەرزىنى ئېتىراپ قىلغان. بىر قاتار
ماقال ـ تەمسىل خاراكتېرىدىكى ھېكمەتلىك ۋەز ـ نەسىھەتلەردىن سەللا ئۇزۇن بولغان
«بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ پەزىلەت ۋە پايدىلىرى بايانىدا» دېگەن بابنىڭ باشلىنىشىدا ئۇ نوشىرۋان
ئادىلنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىدۇ (290 ـ بېيت)، ئۇنىڭ ئالدىدىكى بابتا ئۇ تۈركىي
خانلىقنىڭ شان ـ شەرىپى (ئالپ ئەرتوڭا نامايەن قىلغان) بولغان مەدھىيە بىلەن ئەدەبىياتتا
مۇجەسسەملەنگەن (276 ـ 82 ـ بېيت) ئىران خانلىق ئەنئەنىسىگە بولغان مەدھىيىنى
بىرلەشتۈرىدۇ. ماۋزۇدىكى ئىككى ئاچقۇچلۇق سۆز بۇ خىل قەرزنى ئىسپاتلايدۇ. «بىلىك»
ئەرەبچە «ھىكما» (hikma) گە ئوخشاش ھەم ھېكمەت (Wisdom) نى ھەم ھېكمەتلىك سۆز
(wisdom saying) نى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز پارسچە خىرەد (Khirad) ۋە ئاندارز (
andarz) (2698 ـ بېيىتتا «بىلىك» بىلەن «ھېكمەت» جۈپ سۆزدە ئۇچرايدۇ) غا تەڭ
كېلىدۇ. پارسچە فەر (farr) گە ماس كېلىدىغان «قۇت» بولسا مەنىداش سۆزى «دەۋلەت»
(devlet) (ئەرەبچە دەۋلە، davla) بىلەن بىللە ئەسەرنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇچرايدۇ.

## پارسچىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنغان سۆزلەر

يۇسۇپنىڭ پارس ـ ئىسلام ئەنئەنىسىگە بولغان قەرزىنى ئەڭ روشەن ئىپادىلەپ بېرىدىغى-
نى ئۇنىڭ تىلىدۇر. مەن بۇ يەردە ناھايىتى ئاز ساندىكى قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر (ھېكمەت
hikmet، دەۋلەت devlet قاتارلىقلار) نى ئەمەس، بەلكى روشەن ھالدا پارسچىدىن (بەزىدە
ئەرەبچە باش سۆز بىلەن كېلىدۇ) قوبۇل قىلىنغان تەرجىمە سۆزلەر (loan
translations) ياكى بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنغان سۆزلەر (Calqnus) نى كۆرسىتىدىغان
تۈركىي سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق* قىممىتىنى كۆزدە تۇتتۇم. شۇنداق بىۋاسىتە تەرجىمە
قىلىنغان نۇرغۇن سۆزلەر 4 ـ قوشۇمچە ماتېرىيالدا بېرىلدى.

11 ـ ئەسىر تۈركىي تىلىدا سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى (مەسىلەن، «ئۇزۇن قول» نىڭ

---

* سېمانتىكا — سۆزلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى تەتقىقات.

www.uyghurkitap.com

ھوقۇق ياكى مۇستەبىتلىكنى ئىپادىلىشى) دىكى ئىدىيوملۇق تۈس 20 - ئەسىر ئىنگلىز تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىدىكى ئىدىيوملۇق تۈستىن قېلىشمايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن تەرجىمەمدە ئۇدۇل تەرجىمىنى ساقلاپ قالدىم. چۈنكى بۇ بايانلار ئەسلى ئەسەرنىڭ ئوقۇرمەنلىرىگە بەرگەن ئۇنۇمىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئوخشاش ھالدا ئۆزىمىزنىڭ كۆزىتىش نۇقتىدىن قارىغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» كە ئوخشاش بۇنداق ئەسەرنىڭ تىلىدا تولا ئىشلىتىلىپ كونىراپ كەتكەن سۆزلەر (cliches) ھەددىدىن زىيادە كۆپ. شۇڭا ئۆلۈم «ئاتلىق ئادەم» (horseman) (ئاتچى، atqi، 6035 -، 6055 -، 56 - بېيت؛ كۆچۈتچى Koqutqi 3788 -، 6112 - بېيت)؛ كېسەللىك بولسا «ئۆلۈمنىڭ سەركەردىسى» (Deaths vanguard)؛ مېھماندوستلۇق بولسا دائىم «نان ۋە تۇز» (bread and salt) بىلەن؛ يېمەكلىك ۋە كىيىم بولسا «كاناي ۋە مۇرە» بىلەن؛ ئۆزىنىڭكى بىلەن قانائەتلەنگەن ئادەم «كۆزى توق» (full—eyed) بىلەن؛ ئاچكۆز ۋە نەپسانىيەتچى ئادەم بولسا «ئاچكۆز» (hungry—eyed) بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ «قىزىل يۈز» (red cheeks) ساغلاملىق ۋە باياشاتلىقنى بىلدۈرسە، «سېرىق مەڭىز» (yellow cheeks) كېسەللىكنى؛ «كۆتۈرۈلگەن قاش» (open Brow) خۇشاللىقنى، «تۈرۈلگەن قاش» (Knit brow) ئەندىشە قاتارلىقلارنى بىلدۈرگەن ۋەھاكازا. بۇ ئىشلىتىلىپ كونىراپ كەتكەن سۆزلەر يەنە تەڭداش پارسچە ئىپادىلەرگە تايانغان. ئەسەرنىڭ كۆپ قىسمىدا مەن مەنەن تەرجىمە قىلىشتىن ساقلاندىم ھەم بۇ سۆزلەرنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى شەكلىدە قالدۇردۇم.

ئىنتايىن قىزىقارلىق بولغىنى «ئاژۇن» (World) دېگەن سۆزگە قوشۇلغان مەنىدۇر. بىر تەرەپتىن «ئاژۇن» ھەرقانداق بىر ھۆكۈمران كونترول قىلىدىغان خانلىق (realm) [مەسىلەن، 2034 - بېيت؛ (ئاژۇن) ajun = ئەل]نى بىلدۈرىدۇ. بۇ يېقىن شەرقچە پادىشاھلىق ئىدىئولوگىيىسىگە، بولۇپمۇ پارسچە ئىشلىتىلىش (usage) كە ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا، «دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى» [281 - بېيت، (ئاژۇن) تۇتقۇ؛ ajun tutgu، 284 - بېيت جاھان تۇتقۇ، cihan tutgu، 445 - بېيت (ئاژۇن) تۇتمىش ئەر، ajun tutmis er قاتارلىقلار]دىن پارسچە «جاھانگىر» (jahan — gir) دېگەن مەنە چىقىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاژۇن قۇتى (Fortune) نىڭ مەنىداش سۆزى كۆپتۇر (مەسىلەن 2759 - بېيت: دۇنيا = دەۋلەت؛ 6122 -، 34 - بېيت: ئاژۇن = دۇنيا= دەۋلەت =قۇت). شۇڭا «قۇت» قا بېرىلگەن غوۋا، بىردەم ئاكتىپ، بىردەم پاسسىپ باھا ئۇنىڭغىمۇ ئورتاقتۇر. «ئاژۇن» دا يەنە «ئاخىرەت» (ahira) ۋە دىن (din) غا قارشى بولغان ئەرەبچە «دۇنيا» (Dunya) نىڭ پاسسىپ مەنىسى بار. («ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل ۋە چۈشەنچە» دېگەن تېمىنىڭ ئاستىغا قاراڭ.)

ئاخىرقى بىر گۇرۇپپا ئاتالغۇ روشەن ھالدا ئىران خانلىقىنى ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئاتالغۇلار ھۆكۈمراننىڭ ئوردىسىنى بىلدۈرىدىغان [پارسچە (دەر dar) بىلەن سىبىلىشتۇرۇڭ] «دەرۋازا» (Gate) بىلەن باشلىنىشى مۇمكىن. ئاندىن ھۆكۈمراننىڭ نوپۇزى ئۈچ جۈپ قارىمۇ - قارشى ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان. ئۇلار:

1. ئىچكى ئوردا (پارسچە ئاندارۇن) ۋە تاشقى ئوردا (پارسچە، بىرۇن birun). ئالدىنقىسى ھۆكۈمراننىڭ شەخسىي ئىشلىرى، ئۇنىڭ ھەرىمى، مۇھاپىزەتچىسى، ئوردا خىزمەتچىلىرىنى كۆرسەتسە، كېيىنكىسى دۆلەتنىڭ خەلق ئىشلىرى، ھەربىي ئىشلار ۋە

بيۇكراتىيە (bureaucracy)* سىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارغا ماس كېلىدىغان تۈركىي ئاتالغۇلار «ئىچ - تاش» (ig — tas) (425 -، 1645 -، 2500 -، 2552 -، 5495 - بېيت)؛ ھەم «ئەۋ ئىچرە - تاشتىن» (ev icre — tastin) (5848 - بېيت)؛ «ئىچ ئەلدە - تاشىرتىن» (ig elde — tagirtin) (5547 -، 3115 - بېيىتقا سېلىشتۇرۇڭ)㉞.

2. يۇقرالار ۋە خانلىق (پارسچە، رەئىييەت، raiyyet ۋە ۋەلايەت valayet، مۈلك mulk؛ تۈركچە بودۇن bodun ۋە ئەل el). بۇ يەردىكى پەرق يۇقرالار (populace) بىلەن تېررىتورىيە (territory) ئوتتۇرىسىدىدۇر. بۇ ئىككىسى دائىم جۈپ ھالەتتە كېلىپ پادىشاھنىڭ ئومۇمىي مەسئۇلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادالەت ۋە ئامانلىق بىلەن تەمىنلىسە خەلق بېيىيدۇ، زېمىن ئاۋاتلىشىدۇ (مەسىلەن: 1039 - بېيت).

3. ئادەتتىكى خەلق ۋە لەشكەرلەر (پارسچە رەئىييەت، ماردوم mardom ۋەلەشكەر laskar، سىپاھ Sipah؛ تۈركچە بودۇن ۋە ئەرئات erat). بۇ جەمئىيەتنىڭ ئاساسى بۆلىنىشىدۇر. ئالدىنقىسى بارلىق باج - سېلىق تۆلەيدىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، كېيىنكىسى بارلىق باج - سېلىق تۆلىمەيدىغانلار (ئوردا خادىملىرى، ھەر خىل ئاقسۆڭەكلەر ۋە لەشكەرلەرنىڭ ئۆزى) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقرالار پادىشاھلىقنىڭ بايلىق ئاساسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھۆكۈمران بولسا بۇنىڭغا يارىشا ئۇلارنى ئادالەت بىلەن تەمىنلەشكە مەجبۇر بولىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن قوشۇن مۇداپىئە سېپىلىنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەم ئىستېلاغا باشلامچى بولىدۇ، ھۆكۈمرانمۇ ئۇلارنى بېقىش ئۈچۈن ئۇلارنى پۇل بىلەن تەمىنلەيدۇ (مەسىلەن: 3312 - بېيت)، ئۆگدۈلمىش (Highly Praised) ئودغۇرمىش (wede awake) قا جەمئىيەتتىكى ھەر خىل تەبىقىلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەرگەندە ھەرخىل كەسىپلەر ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلار توغرۇلۇق توختىلىشتىن بۇرۇن ئۇ بىرىنچى قېتىم ئىسىلزادىلەر ياكى «لەشكەرلەر» (48 - باب) نى ئاندىن ئادەتتىكى خەلق (49 - باب) نى مۇھاكىمە قىلىدۇ㉟.

## گرېك ئەقىل - پاراستى ۋە بىلىمى
## (Greek wisdom)

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىمدە روشەن ئىران مەنبەسى بولۇش بىلەن بىرگە گرېكچە تەركىبلەرمۇ بار. بەزىدە بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۈرۈش تەس. مەسىلەن، لەشكەرلەرنى پۇل بىلەن، يۇقرالارنى ئادالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت نەسىھەت ئىسلام ئەدەبىياتىدا ئارىستوتىلنىڭ دەپ قارالغان ھالدا ئۇچرايدۇ، ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئارىستوتىلنىڭ دەپ قارالغان، «قۇتادغۇبىلىك» (2452 - بېيت) تە ئەكس ئەتكەن يەنە بىر پىكىر: «بىلىمى يوق ئادەم روھسىز ھەيكەل» دۇر㊲.

بىز ئادالەت ۋە قۇتنىڭ ئاللېگورىيىلىك تەسۋىرىنىڭ گرېك پروتوتىپى بارلىقىنى كۆرگەن. بومباچى (Bombaci) بۇ تەسۋىرلەرنىڭ ئىلاھە دايك (Dike) بىلەن تىخە (Tyxe) (يۇقىرىقى «ھۆكۈمرالار ئەينىكى»، 14 - ئىزاھاتتىكى تېكىستىنى كۆرۈڭ) توغرىسىدىكى ھېللېنىستىك تەسۋىرلەر (Hellinistic descriptions) دىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما

---

* bureaucracy — سايلانغان ۋەكىللەر تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى دۆلەت خادىملىرى تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلىدىغان ھاكىمىيەت سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇ زادى قايسىسىنىڭ يۈسۈپنىڭ ئەسىرىگە بىۋاسىتە مەنبە بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىدى. قۇت ( Fortune ) قا نىسبەتەن ئېيتساق، تەسۋىرنىڭ مەنبەسى سوقرات ( Socrates ) نىڭ شاگىرتى سېبىس ( Cebes ) نىڭ دەپ قارالغان، بىر پارچە تونۇلغان رەسىم توغرىسىدىكى تەسۋىرنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسى بولۇش مۇمكىن[38]. يۈسۈپ بۇ ۋايىغا يەتكەن ئاللىگورىيىنى هازىر بىزگە نامەلۇم بولغان ئەرەبچە ياكى پارسچە ماقالىلەردىن تاپقان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

گرېك ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە بىلىمى ( Greek wisdom ) ناهايىتى بۇرۇنلا ئەرەب پەند ـ نەسىھەت ئەدەبىياتى ۋە يۇقىرى تەبىقە مەدەنىيەت ( Polite culture ) دە بىر كىشىلىك ( ئىرانچە ئاردارز Ardarz غا سىيلىشتۇرغاندا مۇۋاپىق) ئورۇن تاپقان، شۈبھىسىزكى، يۈسۈپ بۇ شەكىلدىكى ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن تونۇش ئىدى. ئۇنىڭ ئەرەب پەلسەپىسى ( Arab falsafah ) شەكلىدىكى گرېك پەلسەپىسى بىلەن تونۇش ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا سوئال تۇغۇلىدۇ. ئوتتو ئالبېرتس ( Otto Alberts ) بۇ ھەقتە ئۇنى ئۇلۇغ ئىبن سىنا ( ۋاپاتى 1037 ـ يىلى) نىڭ ئوقۇغۇچىسى دەپ مۇبالىغىلەشكەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى[39]. ئالبېرتسنىڭ تەھلىلى ئادەمنى پەقەت قايىل قىلالمايدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئېتىكىلىق، سىياسىي، پسىخولوگىيىلىك ھەم تېئولوگىيىلىك بىلىملەر ئادەتتىكى بىلىملەر بولۇپ، پەند ـ نەسىھەت ئەدەبىياتى ۋە ھۆكۈمرانلار ئەينىكى ئەنئەنىسى ئۈچۈن خاراكتېرلىك. تۆر. بىردىنبىر پەلسەپىۋى دەپ قارىلىش ئېھتىمالى بولغان قاراش «بىلىگ» ( Wisdom ) ۋە «ئوقۇش» ( ukus ) ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، يەنى «بىلىك» نىڭ ئۆگىنىلگەن بولىدىغىنى، «ئوقۇش» نىڭ بولسا تۇغما بولىدىغانلىقىدۇر ( 1677 ـ، 1815 ـ بېيت) . ئوتتو ئالبېرتسنىڭ قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا[40]، بۇ قاراش ئىبن سىنا پەلسەپىسىدىكى يامانلىقتىن ياخشىنى ئايرىيدىغان نەزەرىيىۋى ئەقىل ( Theoretical reason ) بىلەن ياخشىنى تاللايدىغان ئەمەلىي ئەقىل ( Practical reason ) ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشايدۇ. ھەتتا ئالبېرتسنىڭ ئۆزىمۇ شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، بىز ئىبن سىنانىڭ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ شۇ پەرقنى بۇنداق ئاددىي شەكىلدە ئۇچراتمايمىز. ئۇ ھەم پەيلاسوپلارنىڭ بىلىمنى ئۆگىنىلگەن ( learned ) ، ئەقىلنى تۇغما ( innate ) — بۇ يۈسۈپنىڭ قاراشلىرىنىڭ ماھىيىتى ( يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، رول نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يوق دېيەرلىك ) — دەپ قارىمايدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرەلمىدى.

يۈسۈپنىڭ تەلىماتلىرىغا ئوخشاش تەلىماتنى ئەل مەۋەردى ( al—Mawardi ) ( ۋاپاتى 1058 ـ يىلى) نىڭ ئەسىرىدىن تاپالايمىز[41]. ئەل مەۋەردىنىڭ قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئەقىل( intellect ) ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: تۇغما( garizi ) ئەقىل ۋە ئۆگىنىلگەن( Muktasab ) ئەقىل. تۇغما ئەقىل بولسا ئادەمنى باشقا ھايۋانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ ( «قۇتادغۇبىلىك» ، 1843 ـ بېيتقا سېلىشتۇرۇڭ) . ئۆگىنىلگەن ئەقىل بولسا تەجرىبە، ئۆگىنىش جەريانىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن چېكى بولمايدۇ ( «قۇتادغۇبىلىك» ، 1839 ـ بېيتقا سېلىشتۇرۇڭ) . ئەگەر قۇرئان «ھايات» لارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ «ئەقىللىق» ( intelligent ) ( ئەقىل — «قۇتادغۇبىلىك» ، 1839 ـ بېيتقا سېلىشتۇرۇڭ) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ھەدىس ( Hadith ) كە ئاساسلانغاندا، «ئەقىل يۈرەكتىكى بىر نۇر بولۇپ، ئۇ توغرىنى خاتادىن پەرقلەندۈرىدۇ» ( «قۇتادغۇبىلىك» ، 288 ـ بېيتقا سېلىشتۇرۇڭ. ) بەزىلەر ئەقىلنى يۈرەككە جايلاشقان دېسە، بەزىلەر ئۇنى مېڭىگە جايلاشقان دەيدۇ ( «قۇتادغۇبىلىك» ، 1836 ـ بېيتقا سېلىشتۇرۇڭ) .

مەن يۈسۈپ بۇ ئالاھىدە پسىخولوگىيىلىك قاراشنى ئىبن سىنا ( Ibn sina ) دىن ئەمەس،

بەلكى ئەل مەۋردىدىن قوبۇل قىلغان دىمەكچى ئەمەسمەن. «قۇتادغۇبىلىك» تە ئەكس ئەتتۇ-
رۇلگەن بىلىم پەقەتلا «پەلسەپە» (falsafah) بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆلچەملىك، سۆزئىي
پەند ـ نەسىھەت ئەدەبىياتى (Adabstyle liteatare) بىلەن بەكرەك بىردەكلىككە ئىگە.

## بۇددىزم

ئەگەر «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ھىللىنىزم تەسىرى چەكلىك ھەم ئەرەب ئەدەبىياتى ئارقىلىق كىرگەن بولسا شەرقتىن كەلگەن تەسىر — گەرچە بۇ ھەقتىمۇ بەزى مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ— گە نىسبەتەنمۇ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. ئەسەر ئۈستىدىكى ئىلگىرىكى تەتقىقات تۈنجى تېپىلغان ۋە بېسىلغان قولىيازمىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋېنا نۇسخىسى (Vienna Ms) بولۇشتەك ئالاھىدە ئەھۋالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان㊸. ئەمەلىيەتتە بۇ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۈچ قولىيازمىنىڭ ئەڭ يېقىنقى مەزگىلىدىكىسىدۇر. ئۇ ھەم 15 ـ ئەسىردە تېمۇرىيلار ئارىسىدا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قايتا باش كۆتۈرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما «قۇتادغۇبىلىك» «ئۇيغۇر» ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دېگەن قاراش ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىدى. بىر سەممىي تەتقىقاتچى ھەتتا ئۇنى «ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئېپوسى» («the national epic of the Uighurs») دەپ ئاتىدى. ㊹ كەسكىن تەتقىقاتچىلارمۇ ئەسەردە كوڭزىچىلىق (Confucian) ياكى بۇددىزم (Buddhist) ئەقىدىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى تېپىپ چىقتى. بولۇپمۇ سائادەت چاغاتاي (Saadat cagatay) دۇنيانى تەرك ئەتكۈچى ئودغۇرمىشنىڭ بۇددىزمغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئودغۇرمىش بىلەن ئۆگدۇلمىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىدە بۇددىزم بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى ھەم سىياسىي قاتلامدىكى ھەم «ۋەيران قىلغۇچى زاھىدلىق (subversive asceticism)» دەپ ئاتىلىشى مۇمكىن بولغان قاتلامدىكى قاراخانىيلار خانلىقىغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر تەھدىت سالغان زىندىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى㊺.

بۇ خىل تەسەۋۋۇرنى ياقلايدىغان ئەڭ ياخشى مۇنازىرە شۇكى، قارىمۇ ـ قارشى بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ ئىسمى— ئودغۇرمىش (Wide awake) (مەنىسى «ئويغاق»، تۈركچە ئودغۇرمىش Odgurmis) ۋە ئۆگدۇلمىش (Highly praised) (مەنىسى «مەدھىيىلەنگەن»، تۈركچە ئۆگدۇلمىش Ogdulmis)— لىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۇددا (Buddha) ۋە مۇھەممەد (Muhammad) نىڭ ئىسىملىرىنىڭ تەرجىمىسىدۇر. بۇنىڭدىن ئودغۇرمىش بۇددىزمغا، ئۆگدۇلمىش ئىسلامغا «ۋەكىللىك» قىلىدۇ، دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ㊻. بۇ خىل دەلىللەشنىڭ بىرقانچە سەۋەنلىكى بار:

1. قۇتادغۇبىلىكتىكى باشقا ئىسىملارغا ئوخشاش، بۇ ئىسىملارمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئاللېگورىيىلىك دەپ قارالغان ئىسىملار بولۇپ، ھەرگىزمۇ تارىخى شەخسلەرنى يوشۇرۇن كۆرسەتمەيدۇ (تۆۋەندىكى «ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل ۋە چۈشەنچە» گە قاراڭ). يۇسۇپ ئۆزىمۇ بىزگە بۇ پېرسوناژلارنىڭ نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ: ئۆگدۇلمىش ئەقىل (intellect) گە ۋەكىللىك قىلىدۇ (شۈبھىسىزكى، ئۆگ «قەلب» mind سۆزى ئارقىلىق سۆز ئويۇنى قىلىنغان)، ئودغۇرمىش بولسا «ئاخىرەت» (last end) — مەسىلەن دىنىي مەسئۇلىيەتتە ئويغانغان ۋە ئۇ دۇنياغا توغرىلانغان ئاڭ ـ (تۆۋەندىكى مۇھاكىمىگە قاراڭ) كە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەگەر ئودغۇرمىشنىڭ ئىسمى ھەرقانداق بىر مەنىنى بىلدۈرسە بۇ مەنە پەقەتلا ئىبنى سىنا ئىلگىرى ئۆزىنىڭ «ئويغاقنىڭ ئوغلى ھايات» (Alive son of Awake) (ھەي ئىبنى يەقزان Hayy ibn yaqzan) ناملىق سىمۋوللۇق مەسەلىدە ئىشلەتكەن

ئاللىگورىيىلىك ئىسىم ئەرەبچە يەقزان (yaqzan) نى بىلدۈرىدۇ.

2. ئۆگدۈلمىش مۇنازىرىنىڭ يەكۈنچىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ؛ بىز كۆرەلەيمىزكى (تۆۋەندىكى «ئەسەر ئۇستىدىكى تەھلىل ۋە چۈشەنچە» 101 ـ ئىزاھاتتىكى تېكىستكە قاراڭ) ئەھۋال دەل ئەكسىچە. يۈسۈپنى بۇددىزم ئېتىكىسى (Buddhist ethic) نى شۇنچە قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسلامچە بىلىم بىلەن سۇغۇرۇلغان ئەسەرگە كىرگۈزگەن، دەپ ئويلاش ياكى ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر پېرسوناژنىڭ شۇنچە نامراتلىق ئىچىدە ياشىشىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس (كىرىش سۆزگە بېرىلگەن 42 ـ ئىزاھاتنى كۆرۈڭ). ئەمەلىيەتتە سىياسىيون (Statesman) ئۆگدۈلمىش ۋە زاھىد (ascetic) ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئىسلامنىڭ ئۆزىدىكى قەدىمكى زىددىيەت (تۆۋەندىكى «جەمئىيەت ۋە زاھىد» ماۋزۇسى ئاستىدىكى مۇھاكىمىگە قاراڭ) كە ئاساسلانغاندا ئاندىن تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

3. ئودغۇرمىشنى بىر مۇسۇلمانغا ئايلاندى دېگەن تەقدىردىمۇ، سائادەت چاغاتاي يەنىلا ئۇنى مەخپىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى دىنىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلارنىڭ ۋەكىلى، ھەم بۇ شۇ چاغدا ئىسلام زاھىدلىرىنىڭ بۇددىزمدىن ئايرىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ ⑰. بۇ خىل دەلىللەش جەريانى ئىسلام دىنىدىكى زاھىدلىق ۋە تەسەۋۋۇپ ھەرىكىتى بۇددىزمنىڭ ئەكس تەسىرى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان، دېگەن ئىنتايىن مۇنازىرە تەلەپ قىلىدىغان (ئىلگىرىكى گولدزىر Goldziher قاتارلىق تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ياقلانغان) تەسەۋۋۇرغا تايانغان. بۇ خىل دەلىللەش يەنە بۇددىزمنىڭ ئىلگىرىكى سوفى ئۆلىمالىرىغا بولغان مۇمكىن تەسىرلىرى (داڭلىق ئىبراھىم ئىبنى ئادەم) مەسىلىسى بىلەن 11 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى ئارىسىدىكى ئۆزلۈكسىز تەسىرى مەسىلىسىنى ئايرىۋېتەلمىدى. گەرچە كېيىنكى ئەھۋال مۇمكىن ئەمەس بولمىسىمۇ، ئەڭ ياخشىسى ئىسپاتلانماي قالغىنى ياخشى؛ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئودغۇرمىش ئوبرازىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بۇ توغرىلىق مۇنازىرە قىلىش يۇملاق شەكىللىك دەلىللەش (circular reasoning) بولۇپ قالىدۇ⑱.

دۇنيانى تەرك ئېتىش تەلىماتىنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە بۇددىست تەرىپى يوق. ئۇ ئىسلام دىنىدىمۇ روشەن كۆزگە تاشلىنىدۇ (تۆۋەندىكى مۇھاكىمىگە قاراڭ)، ئۇ ھەتتا ئەرەب پەند ـ نەسىھەت ئەدەبىياتىدىكى گرېك ۋە ئىراننىڭ دەپ قارالغان ئاساسىي ئەقىل ـ پاراسەت (Wisdom) نىڭ بىر قىسمى⑲.

ئەگەر بۇددىزمنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە كۆرسەتكەن بىۋاستە تەسىرى ھەققىدىكى چېكىدىن ئاشقان كۆز قاراش چۆرۈپ تاشلانسا، «بارلام ۋە يوسفەتنىڭ رومانتىك ھېكايىسى» (Borlaam and josephat romance) نى تارقىلىش ۋاستىسى قىلغان «زاھىد ۋە ھۆكۈمران» (ascetic versus prince) ئەدەبىي تېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا ۋاستىلىك تەسىر ھەققىدىكى مۇۋاپىق پىكىرنى ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ⑳. بۇددا رىۋايىتىنىڭ ئاممىباب تەسەۋۋۇرغا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن تەرىپى ئوردا ھەشەمەتچىلىكىدە چوڭ بولغان پادىشاھنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن ۋاز كېچىپ دىنىي قەھرىمان سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ نىجاتلىق (Salvation)* نى ئىزدىنىشىدۇر. رىۋايەت ئۆزىنىڭ ئەدەبىي شەكلىدە «ھۆكۈمرانلار ئەينىكى» ئەنئەنىسىگە ئورتاق بولغان تېمىلارغا تېگىش بىلەن بىرگە پادىشاھلىق ۋە دىنىي بايقاش سەپىرى ھەققىدىكى قارشى ئىدىئاللارنى ئوتتۇرىغا چۈشۈرىدىغان دىئالوگ ۋە مۇنازىرىلەر بىلەن تولغان. مەسىلەن، «بۇددا كارىتا» (Buddha carita) (مىلادىيە 3 ـ

---

* Solvation — دىنى ئاتالغۇ بولۇپ، گۇناھدىن قۇتقۇزۇلۇش، نىجاتلىق تېپىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئەسىر) دىن بىز تۆۋەندىكىلەرنى بايقايمىز:
*مۇھتەرەم جانابلىرى، ۋاقىت پادىشاھنى باغلاپ سۆرەپ كېلىپ ماڭغاندا ئۇتقانلار،*
*دوستلار، ھۆكۈمرانلىقنىڭ ھېچقايسىسى ساڭا ئەگىشىپ ماڭمايدۇ؛ ھەممە ئازابلانغان ھەم*
*بىچارە ھالەتتە كېتىپ قالىدۇ. پەقەت سېنىڭ قىلغانلىرىڭلا ساڭا خۇددى سايىدەك ئەگىشىدۇ...*
*ئەگەر سەن جەننەتتە ۋە ياخشى نامغا ئېرىشمەكچى بولساڭ پادىشاھلىقىڭنى قانۇن بىلەن قوغدا.*
*چۈنكى ئۆز مەيلىچە قانۇننى خاتا ئىشلەتكەن پادىشاھقا جەننەتتە پادىشاھلىق يوق[51].*

«بۇددا كارىتا» غا مۇناسىۋەتلىك ھىندىچە تېكىستلەرگە ئاساسلانغان بۇددا رىۋايەتلىرد-
نىڭ بىر نۇسخىسى (كونكرېت بۇددىست مەزمۇنلار چىقىرىۋېتىلگەن) بولغان مانىخەي نۇسخە-
سى (Manichean version) ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان؛ يەنە بىر مۇناسىۋەتلىك نۇسخا
— پەھلىۋىچە ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسى بولسا كېرەك — 8 - ئەسىردە ئەرەبچە «بالاۋەر ۋە
بۇداسافنىڭ كىتابى» (Book of Balawhar and budhasaf) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسلى
ئەرەبچە ئۆزگەرتىلگەن نۇسخا. ۋە ئابات ئەل - لەھىقى (Aban al—Lahiqi) (ۋاپاتى 815 -
يىلى) نىڭ قاپىيىلىك نۇسخىسى يوقالغان؛ لېكىن كېيىنكى باشقا بىرقانچە نۇسخىسى يېتىپ
كېلەلىگەن[52]. ئۇ رىۋايەت ئەرەبچىدىن گرۇزىن (Georgian)، ئىبراي (Hebrew) ۋە گرېك
تىلى ئارقىلىق لاتىن، ئەرمەن (Armenian) ۋە كونا سلاۋيان (Old slavonic) تىللىرىغا
«بارلام ۋە يوسەفەتنىڭ رومانتىك ھېكايىسى» (يوسەفەت ھەتتا خرىستىئان چېركاۋىنىڭ روھانى-
سىغا ئايلانغان) سۈپىتىدە تارقالغان. مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا بۇ كىتاب مانىخەي (
Zindiq) ۋە ئىسمائىلىيە (Ismaili) گۇرۇھلىرىدا كەڭ تارقالغان، ھەم بەلكىم شۇ سەۋەبلىك
سۈننى مەزھىپىدە كەڭ تارقالمىغان بولۇشى مۇمكىن [بۇ كىتاب توغرۇلۇق زۇھد Zuhd
«تەرك ئېتىش»، ۋە «دەمۇل دۇنيا» (dhammal—dunya)، «دۇنيانىڭ ئەيىپلىرى»
توغرىسىدىكى كىتابلاردا ئازراقمۇ توختىلىنمىغان[53]]. ئەمما بۇ تېما بەلخ (Balkh) ھۆكۈمە-
رانى ئىبراھىم ئىبنى ئادەم (Ibrahim ibn Adham) نىڭ ھېكايىسىنىڭ تەركىبىدە سۇفىزم
ئەدەبىياتى (Sufi liferature) نىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا كىرگەن بولۇپ «مىڭ بىر كېچە» (
Arabian nights) دىمۇ ئۇچرايدۇ[54]. ئەرەبچە نۇسخىلىرىدا «ھۆكۈمرانلار ئەينىكى» بىلەن
بولغان مۇناسىۋەت تۆۋەندىكى ئىبنى بابۇيا (Ibn Babuya) (ۋاپاتى 991 - يىلى) نەقىل
كەلتۈرگەن بۆلەكتىكىدەك روشەن: *ئەي پادىشاھ، نېمە ئۈچۈن پادىشاھلىقىڭنى تاشلاپ پۇقرا-*
*لىرىڭ بىلەن كارىڭ بولمايدۇ؟... ئەڭ ئالىي مۇكاپاتلارنىڭ خەلققە ياخشىلىق قىلغانلارغا*
*بېرىلىدىغانلىقىنى ھەم ئەڭ چوڭ ياخشىلىقنىڭ جامائەتتىكە ۋە خەلقىڭگە بويسۇنۇش ئىكەنلى-*
*كىنى بىلمەمسەن؟ ... ئەڭ ياخشى ئىبادەتنىڭ ياخشى ئىش قىلىش ئىكەنلىكىنى ھەم ئەڭ*
*مۇھىم ئىشنىڭ خەلقىڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈش بىلەن ھەلەك بولۇش ئىكەنلىكىنى*
*بىلمەمسەن؟ ئەي پادىشاھ، سەن پۇقرالىرىڭغا ئادىل بول، ھاكىمىيىتىڭ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ*
*پاراۋانلىقىنى قولغا كەلتۈر. ئاندىن سەنمۇ ئۆزۈڭ قىلغان ياخشى ئىشقا ئاساسەن تېگىشلىك*
*مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن... ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ خانىۋەيران بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان بولساڭ،*
*ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئېرىشكەن مۇكاپاتتىن كۆپرەك ئۆزۈڭگە گۇناھ يۈكلىۋا-*
*لىسەن... شۇنىڭدىن ساقلانغىنىكى، ئەي پادىشاھ، سەن بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيانىڭ شان -*
*شەرىپىنىڭ سەۋەبچىسى بولغان شاھانە لىباسلىرىڭنى تاشلاۋاتىسەن![55].*

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسى-
دىكى زىددىيەتنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان، ئەسلى بۇددا رىۋايىتىگە ئاساسلانغان
«زاھىد ۋە ھۆكۈمران» تېمىسىنى قىسمەن ھالدا ئۆلگە قىلغانلىقىدا ئازراقمۇ گۇمان يوق.

# قۇرئان ۋە ھەدىس

«قۇتادغۇبىلىك» ئىسلام بىلىملىرى بىلەن تولغان. شۇنداق بولسىمۇ ئەسەردە ھەرقانداق ئىسلام مەنبەسى بىۋاسىتە تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ يۇسۇپنىڭ پۈتۈن ئەسەردىكى مەقسىتى ۋە مىتودى بىلەن بىردەك. بىز يۇقىرىدا («ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكى» نامدىكى بۆلەكتە) كۆردۇقكى، ئۇ ئىران ـ ئىسلام ئەنئەنىسى ۋە ئىدىئاللىرىغا ئىچكى ئاسىيا تۈركىي ئەدەبىي مىراسىنىڭ تەركىبى سۈپىتىدە يېڭى ئورۇن ھازىرلاشقا ئۇرۇنغان؛ ھەم («ھۆكۈمرانلارغا مۇراجىئەت» ناملىق ماۋزۇدىكى بۆلەكتە) ئۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك تۈركىي ھۆكۈمرانلار ۋە شائىرلارنى نەقىل ئالغان. ئىسلامچە بىلىملەرنى ئۇلارنىڭ مەنبەسىنى تىلغا ئالماستىن تۈركىي تىلدا ئىپادىلەش تۈركلەر ھەم ئەرەب ۋە پارسلارنىڭ خۇددى سىياسىي ئەقىل ـ پاراسەت ھەقىقەتلىرىگە ئىگە بولغاندەك، دىنىي ئىلىملەرنىڭ ھەقىقەتلىرىگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئەسەر تۈركىي ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن يېزىلغان بولغانلىقتىن ئوقۇرمەنلەر بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ئىسلامچە ئاساسىنى دەرھاللا تونۇۋالىدۇ، دەپ قارىلىشى كېرەك. بۇ مەنبە ئانالىزىدا بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بۇ نەقىللەرنى ئايرىپ ئۇلارنى مۇمكىن مەنبەلىرىگە قايتۇرۇش.

قۇرئاندىن ئېلىنغان نەقىللەر ۋە قۇرئان ۋاستىلىق تىلغا ئېلىنغان يەرلەر تېكىستتە ئەسكەرتىلدى (تەرجىمىگە بېرىلگەن 1 ـ، 5 ـ، 29 ـ، 40 ـ، 42 ـ، 44 ـ، 53 ـ، 77 ـ، 91 ـ، 92 ـ، 103 ـ، 114 ـ، 133 ـ، 149 ـ، 162 ـ، 175 ـ، 179 ـ، 199 ـ ئىزاھاتلارغا قاراڭ).

ئىسلام مەنبەلىرىدە پەيغەمبەرنىڭ دەپ قارالغان ھەدىسلەر ۋە سۆزلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئادەمنى بىر قەدەر قايمۇقتۇرىدىغان ئىش. چۈنكى بۇنداق سۆزلەرنىڭ كۆپلىرىنى باشقا نوپۇزلۇق كىشىلەر (ئەلى، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر قاتارلىقلار) نىڭ دەپ قاراشمۇ مۇمكىن. بۇ سۆزلەر تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ماقال ـ تەمسىللەردىن كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن مۇتلەق كۆپ قىسىم مۇسۇلمانلار «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تۆۋەندىكى قۇرلارنى ھەدىس ياكى بۇ يەردە بېرىلگەن ئىسلام ئەنئەنىلىرى توغرىلىق توختالغان دېيىشى مۇمكىن:

3240 ـ، 3666 ـ بېيىت تىرىكچىلىك قىلىش توغرىسىدا: «تىرىكچىلىك قىلىش (talabal—halal) ھەربىر مۇسۇلمانغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە.» (56).

3975 ـ بېيىت بايلىقنىڭ ھەقىقىي قىممىتى توغرىسىدا: «ياخشى كىشىگە ياخشى بايلىق نەقەدەر ياخشى.» (57).

3344 ـ بېيىت نەفس بىر دۈشمەن، ئەڭ يامان دۈشمەن ئىچىڭدىكى نەفس (nafs) دۇر. (58).

3928 ـ بېيىت باشقىلارغا ياردەم قىلىش توغرىسىدا: «باشقىلارغا ئەڭ كېرەكلىك بار كىشى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى.» (59). «تەڭرىلىك كىشى باشقىلار بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ. باشقىلار بىلەن ياخشى ئۆتمەيدىغان كىشى ياخشى كىشى ئەمەس، ئەڭ ياخشى كىشى باشقىلارغا ئەڭ ئەسقاتىدىغان كىشىدۇر.» (60).

4201 ـ 6 ـ، 4224 ـ، 28 ـ بېيىت: «خۇدا ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش؛ خۇدا ئۈچۈن ئۆچ كۆرۈش.» (61)

4486 ـ بېيىت توي قىلىش توغرىسىدا: «تۆت خىل سەۋەب بىلەن بىر ئايالغا ئۆيلىنىش مۇمكىن: ئۇنىڭ پۇلى، كېلىپ چىقىشى، گۈزەللىكى ۋە ئېتىقادى. بىر ئېتىقادلىق ئايالغا ئۆيلەن، بولمىسا قوللىرىڭ بۇلغىنىدۇ!» (62)، «بىر ئادەم بىر ئايالغا ئۇنىڭ پۇلى ياكى

گۈزەللىكىنى دەپ ئويلىسە ئۇ ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە پۇلىنىڭ ھەر ئىككىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئەمما بىر كىشى بىر ئايالغا ئۇنىڭ ئېتىقادى سەۋەبلىك ئويلىنىسە، خۇدا ئۇنىڭغا ئۇ ئايالنىڭ پۇلى ۋە گۈزەللىكىنىمۇ بېرىدۇ.»[63]

4548 ـ بېيىت قوشنىلار توغرىسىدا: «ئۆي ئالساڭ قوشناڭغا قارا، يەر ئالساڭ سۇيىغە.» (al—jar tumma al—dar)[64].

4991 ـ، 5490 ـ بېيىت دوستلۇق توغرىسىدا: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قاياشى.»[65].

4733 ـ بېيىت: بۇ دۇنيا بىر تېرىلغۇ يەر. «بۇ دۇنيا ئۇ دۇنيا ئۈچۈن بىر تېرىلغۇ يەر» (al—dunya mazra at al—axira)[66].

4809 ـ بېيىت: بۇ دۇنيا بىر زىندان. «بۇ دۇنيا مۇسۇلمانغا بىر زىندان.»[67].

5982 ـ بېيىت كېسەللىك توغرىسىدا: «ئۇ (قىزىتما) نى قارغىما، چۈنكى ئۇ خۇددى ئوت تۆمۈرنى تاۋلىغاندەك گۇناھنى تازىلايدۇ.»[68].

4373 ـ، 6001 ـ، 3 ـ، 6021 ـ، 6038 ـ بېيىت چۈش توغرىسىدا: «چۈش بېرىلگەن تەبىرگە ئاساسەن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.» (al—ru'ya 'ala ma tu 'abbaru)[69].

5311 ـ بېيىت: بۇ دۇنيا يولى ۋە دىن يولى قارىمۇقارشى. «بۇ دۇنيا بىلەن دىن خۇددى شەرق بىلەن غەربكە ئوخشايدۇ: بىرىدىن قانچە يىراقلاشساڭ بىرىگە شۇنچە يېقىنلىشىسەن.»[70]، «بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيا چىقىشالمايدىغان دۈشمەنلەر ھەم ئاچا يوللار، ئەگەر سەن بۇ دۇنيانى ياخشى كۆرسەڭ ئۇ دۇنياغا ئۆچ بولۇپ قالىسەن. ئۇلار خۇددى شەرق ۋە غەربكە ئوخشايدۇ، بىرىگە يېقىن بولساڭ بىرىدىن يىراق بولىسەن.»[71].

6314 ـ بېيىت ئۆلۈمنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش ئىكەنلىكى توغرىسىدا: «ئۆلۈمنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئاگاھلاندۇرغۇچى» (kafa bi—l—mawt wa izan)[72].

## سۇفىزم (Sufism)

ئەسەردە ئۇدغۇرمىش تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيەلەرنىڭ بىرقانچىسى بىۋاستە سوفىزم ئەدەبىياتىدىن ئېلىنغان. مەسىلەن:

3386 ـ، 87 ـ بېيىت: «نىكاھ كېمىگە ئوخشايدۇ.» ئىبراھىم ئىبن ئادەم: «خوتۇن ئالغۇچى كېمىگە چىققۇچى، بالا تۇغۇلغاندا كېمە چۆكۈپ كېتىدۇ»[72].

3540 ـ بېيىت: «دۇنيا بىر كېلىن» يەھيا ئىبىن مۇئاد «yahya bn MU ad» : «دۇنيا بىر كېلىن ...»[74].

3600 ـ بېيىت: «نەفس خۇددى يۈگەنسىز ئاتقا ئوخشايدۇ.»[75].

4754 ـ بېيىت، (ئىلى ئىركىنىنىڭ دەپ قارالغان) ھۆكۈمرانغا خىزمەت قىلىش توغرىسىدا: سۇفيان ئەل سۋارى (Sufyan al— Thawri) : «سۇلتانغا بۇرادەر بولما، ئەگەر ئىتائەتچان بولساڭ ئۇ ساڭا ھەسسىلەپ يۈك يۈكلەيدۇ، ئەگەر ئىتائەتچان بولمىساڭ ئۇ جېنىڭنى ئالىدۇ»[76].

4786 ـ بېيىت خۇدا بىلەن ئادەمنىڭ مۇھەببىتى توغرىسىدا: بايازىد ئەل بىستامى (Bayazid al—Bistami) : «دەسلەپتە مەن تۆت تەرەپتە خاتالاشقان. مەن خۇدانى ئەسلەشكە، ئۇنى بىلىشكە ھەم ئۇنى ئىزدەشكىلا كۆڭۈل بۆلگەن. ئاخىرىغا بارغاندا مەن شۇنى بىلدىمكى، مەن ئۇنى ئەسلەشتىن بۇرۇن ئۇ مېنى ئەسلىگەن، ئۇنىڭ مېنى بىلىشى مېنىڭ ئۇنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بىلىشىمدىن بۇرۇن ئىكەن، ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمدىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىكەن. مەن ئۇنى ئىزدەشتىن بۇرۇن ئۇ مېنى ئىزدىگەن ئىكەن.»[77]

ھەتتا ئۈگدۈلمىشمۇ ئودغۇرمىش بىلەن مۇنازىرىلىشىش جەريانىدا ئوپۇزلۇق سۇفى ئەقىدىلىرىنى نەقىل ئالىدۇ:

3671 ـ بېيىت خەۋپ ۋە ئۈمىد توغرىسىدا: «خەۋپ ۋە ئۈمىد ھەرىكەتنىڭ ئىككى قانىتى، ئۇنىڭسىز ئۇچۇش مۇمكىن ئەمەس.»[78].

ئودغۇرمىش ئوبرازى، ئۇنىڭ تاغدا تەنھا ياشىشى ۋە دىنغا ئۆزىنى بېغىشلاشنى ئىستىشى ئىلگىرىكى سۇفى داھىيلىرىغا ئاساسەن يارىتىلغان، ئەل سەرراج (al—sarraj) نىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا[79]، سۇفىلار خۇدا ئۈچۈن خۇدادىن دىققىتىنى بۆلىدىغانلىكى بارلىق نەرسىلەردىن ۋاز كەچكەن ھەم ھەممە نەرسىنى قويۇپ خۇدانى خالىغانلار ... خۇدا ئۈچۈن ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلغان ھەم بۇرادەرلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى تاشلىغان. ھەم خۇدا ئۈچۈن بارلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزگەن ۋە ئىنسانلاردىن قاچقان، خۇداغا يېقىنلىشىشنى ھەم باشقا بارلىق نەرسىلەردىن ياتلىشىش (alienation) نى ئىستىگەن ... ئۇلار دۇنيانىڭ ئازراقلا مەنپەئەتى بىلەنلا رازى بولغان ھەم ئۆزلىرىنى ھايات ساقلاش ئۈچۈن ئەڭ ئاز يېمەكلىك بىلەن قانائەتلەنگەن ۋە ئۆزلىرىنى زۆرۈر كىيىم ـ كېچەك ۋە يوتقان ـ كۆرپە بىلەنلا چەكلىگەن. ئۇلار بايلىقتىن كۆرە كەمبەغەللىكنى تاللىغان، ھەممە يېتەرلىك بولۇشتىن ساقلىنىپ مۇھتاجلىقتا تۇرغان، توقلۇقتىن ئاچلىقتا، كۆپتىن ئازغا تۇرغان. ئۇلار ئابروي، شان ـ شەرەپ ۋە تەبىقىنى تاشلىغان، ئىنسانلارغا بولغان ھېسداشلىقنى ئىپادىلەپ، چوڭ ـ كىچىكنىڭ ئالدىدا تۆۋەنچىلىك قىلغان.

ئاندىن ئەل كەلەبەدى (al—kalabadi) نەقىل ئالغان شېئىردا:

«ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ھوزۇر ـ ھالاۋەتلىرى، شان ـ شەرەپلىرى، بالا ـ چاقا، بايلىق ۋە ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلەر ئۈستىدە جېدەللەشمەيدۇ، ھەممىسى ئاچكۆزلۈك ۋە نەپسى بالالىق! ئۇلار شەھەرلەردىكى راھەت ۋە خۇشال ھاياتنى قەدىرلىمەيدۇ.

يىراق ھەم تۇتۇق ئۆپۈقتا يۇزلەنگەن ھالدا ئۇلار كۈچلۈك ئىرادە بىلەن چەكسىزلىكنى ئىزدەيدۇ.

ئۇلار دائىم قۇملۇقتىكى كىچىك ئېرىقلار ئاققان يەرلەردە يۈرىدۇ، ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز تاغ چوققىلىرىدا قىستىلىشىدۇ!»[80].

ھەممە سۇفىلار بۇ خىل تەنھا ياشاشنى ياقلىغان ئەمەس. شۇڭلاشقا ئۈگدۈلمىش ئودغۇرمىشنى شەھەردە ياشاشقا قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغاندا ئۇ يەنىلا ئومۇملاشقان سۇفى تەلىماتلىرىنى مىسال كەلتۈرەلەيدۇ. مەسىلەن، سارى ئەل ساقاتى (Saria al—saqati) بىلەن مۇناسىۋەتلىك باياندا مۇنداق دېيىلگەن:

بىر كۈنى بىر ئادەم لوكام (Lokam) تېغىدىن ئۇنى ئىزدەپ كەپتى ... «لوكام تېغىدىن كەلگەن پالانى بىر شەيخ سىزگە سالام بېرىدۇ» دەپتۇ ئۇ. «ئۇ تاغدا ياشايدىكەن» دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ سارى: «شۇڭا ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى نۆلگە تەڭ. بىر ئادەم چوقۇم بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياشىيالىشى ھەم خۇدا بىلەن شۇنداق مەشغۇل بولالىشى كېرەككى، بىر دەممۇ خۇدادىن ئايرىلىپ قالمىسۇن.»[81].

ئودغۇرمىشنىڭ قېرىندىشى ئۈگدۈلمىشتىن ياتلىشىشى يەنە بىر ۋەقەلىكتە ئالدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئەتتارنىڭ ئەسىرىنىڭ كېيىنكى نۇسخىسىغا ئاساسەن قايتا نەقىل ئېلىندى:

يەھيا مۇئاد [Yahya:ibn Muad] نىڭ بىر قېرىندىشى بولۇپ مەككىگە بېرىپ كەئبىگە

يېقىن يەردە ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ، شۇ يەردىن ئۇ يەھياغا خەت يېزىپتۇ:
«مەن ئۈچ نەرسىنى ئارزۇ قىلغان، ئىككىسى ئەمەلگە ئاشتى. ھازىر بىرسى قالدى ... مەن ئۆزەمنىڭ كېيىنكى يىللىرىنى يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئېسىل جايدا ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلغان. ھازىر مەن جايلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى بولغان مۇقەددەس جايغا كەلدىم. مېنىڭ ئىككىنچى ئارزۇيۇم خىزمىتىملى قىلىدىغان ھەم تاھارەت سۇيۇمنى تەييارلايدىغان خىزمەتچىم بولۇشى ئىدى. خۇدا ماڭا يۇرۇش ـ تۇرۇشى جايىدا بىر خىزمەتكار قىز بەردى. ئۈچىنچى ئارزۇيۇم بولسا ئۆلۈشتىن بۇرۇن سېنى كۆرۈشتۇر. خۇدانىڭ بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكۈزۈشىنى تىلەيمەن.»

يەھيا قېرىندىشىغا مۇنداق جاۋاب خەت يېزىپتۇ:
«سەن ئېيتقان يەر يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى جاينى ئارزۇ قىلغانلىقىڭغا كەلسەك، ئۆزۈڭ ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ئۆزۈڭ خالىغان يەردە ياشا. بىر يەر شۇ يەردە ياشىغۇچىلار سەۋەبلىك ئېسىل بولىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئەكسىچە بولمايدۇ.»

«ئەمدى سەن ئېيتقان خىزمەتكارلىق بولۇش ئارزۇيۇڭ بارلىقى ھەم ھازىر بىر خىزمەتكارىڭ بولغانلىقىغا كەلسەك، ئەگەر راستىنلا ھەقىقىي ئەركەك بولىدىغان بولساڭ خۇدانىڭ خىزمەتكارىنى ئۆزۈڭنىڭ خىزمەتكارى قىلىۋالمىغان، ئۇنىڭ خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولۇشىغا دەخلى قىلمىغان ھەم ئۇنى ئۆزۈڭنىڭ خىزمىتىگە سېلىۋالمىغان بولاتتىڭ. سەن خوجايىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەنسەن. ئەمما خوجايىنلىق پەقەت خۇداغىلا مەنسۇپ. خىزمەتكارلىق ئادەمگە مەنسۇپ ... خۇدانىڭ قۇلى خۇداغا مەنسۇپ ئورۇننى ئارزۇ قىلسا ئۇ بىر فىرئەۋنگە ئايلىنىدۇ.»

«ئاخىرىدا سەن ئېيتقان مېنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغانلىقىڭغا كەلسەك، ئەگەر سەن خۇدانى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن بولساڭ مېنى ھەرگىز ئەسلىمىگەن بولاتتىڭ. شۇڭا خۇداغا ئۆزۈڭنى شۇنداق بېغىشلىغىنكى، قېرىندىشىڭ توغرۇلۇق ھەرقانداق ئەسلىمە يادىڭغا كەلمەسۇن. بىر ئادەم ئوغلىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك تۇرسا قېرىندىشى قانچىلىك ئىدى! ئەگەر سەن خۇدانى تاپقان بولساڭ، مەن سەن ئۈچۈن نېمە ئىدىم؟ ئەگەر سەن ئۇنى تاپمىغان بولساڭ مەندىن نېمە پايدا ئالىسەن؟»[82].

ئودغۇرمىشنىڭ مۇنازىرىسىدە شۇنچە چوڭ ئورۇننى ئىگەللىگەن (4745 -، 3747 - بېيت) خۇداغا ياكى ھۆكۈمرانغا خىزمەت قىلىش مەسىلىسى دەسلەپكى سوفىلارنىڭ بەزىلىرى ئۈچۈنمۇ قىزىق تېما ئىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا سوفىلار دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ ئۆزىنى بولغاشقا قارشى ھالدا خۇداغا ئۆزىنى بېغىشلاشنىڭ ساپلىقىدىن ئىبارەت ئومۇمى ئىسلام تېمىسىنى كېڭەيتكەنىدى. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئودغۇرمىشنىڭ ئاخىرى يېرىم كېچىدە پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىشىدەك مەنزىرە سوفى ئەدەبىياتىدىكى تۆۋەندىكى مەشھۇر ۋەقەنى ئەسلىتىدۇ[83]:

بىر كېچىسى ھارۇن رەشىد (Harun—al—Rashid) ئۆزىنىڭ ئامراق ۋەزىرىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا «بۈگۈن مېنى ئۆزۈمگە نامايەن قىلىپ بېرىدىغان بىر ئادەمنىڭ يېنىغا باشلاپ بار. يۈرىكىم ھەشەمەتچىلىك ۋە ماختىنىشتىن ھالسىراپ كەتتى» دەيدۇ. ۋەزىر ئۇنى فۇدەيل ئىبن ئىياد (Fudayl ibn Iyad) نىڭ يېنىغا ئاپىرىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ ئىشىكىنى چېكىدۇ. فۇدەيل ئۇنىڭ خەلىپە ئىكەنلىكىنى بىلگەندە «ئۇنىڭ مەندە نېمە ئىشى بار، مەن ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىش قىلىمەن؟» دەيدۇ. ۋەزىر جاۋاب قايتۇرۇپ «ھوقۇقتىكىلەرگە بويسۇنۇش مەجبۇرىيەت ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ. «مېنى ئاۋارە قىلماڭلار» دەپ ۋارقىرايدۇ فۇدەيل، لېكىن ئۇلار يەنىلا كىرىپ كېلىدۇ. خەلىپە قاراڭغۇدا قوللىرى بىلەن سۈۋاشتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ قوللىرى

www.uyghurkitap.com



ئۇچراشقاندا فۇدەيل «بۇ ئالقان نېمە دېگەن سىلىق ھەم يۇمشاق، ئۇ (ئالقان) دوزاخ ئوتىدىن قېچىپ قۇتۇلالىسىلا بولاتتى!» دەيدۇ. ھارۇن ياخشى مەسلىھەت ئىزدەيدۇ. فۇدەيلمۇ باشقا ئىشلار قاتارىدا ئۇنىڭغا ئۇنى خۇدادىن قورقۇشقا، ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە بويسۇنۇشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ: «سەگەك ھەم دانا بول؛ چۈنكى قىيامەتتە خۇدا سېنى ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن سوراق قىلىدۇ ھەم ھەربىر ئادەم ئۈچۈن سەندىن ئادالەت تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بىر كېچىسى بىر موماي ئۆيىدە يەيدىغىنى يوق ئۇخلىسا، ئۇ قىيامەتتە سېنىڭ پېشىڭنى تارتىدۇ ھەم ساڭا قارشى ئىسپات كۆرسىتىدۇ.»

كېتىدىغان چاغدا ھارۇن ئۇنىڭغا مىڭ دىنار سېلىنغان ھەميانىنى تەڭلەيدۇ، فۇدەيل بولسا مەنسىتمەسلىك بىلەن ھەميانىنى رەت قىلىدۇ: «ساڭا بەرگەن نەسىھەتلىرىمنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولماپتۇ ... مەن سېنى نىجاتلىق تېپىشقا چاقىرسام، سەن مېنى ئېزىقتۇرۇۋاتىسەن.» ئۆيدىن ئايرىلىدىغان چاغدا ھارۇن فۇدەيل «ھەقىقەتەن ئادەملەرنىڭ پادىشاھى ئىكەن، ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلىقى چېكىدىن ئاشقان ئىكەن، دۇنيا ئۇنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى ئەرزىمەس ئىكەن.» دەيدۇ.

ئوخشاشلا ئودغۇرمىشمۇ — گەرچە شۇ خىل ۋەز - نەسىھەتلەرنىڭ ئارىسىغا ئۇ تېپىك «ھۆكۈمرانلار ئەينىكى» بىلىملىرى (ئادالەت يۈرگۈز ھەم ئۇزاق ھۆكۈمرانلىقتا كاپالەتلىك قىل، 5170 -، 73 - بېيت؛ مېھرىبان بول بولمىسا يامان ئاقاقتا قالىسەن، 5220 - بېيت؛ ئىچمە ھەم زىنا قىلما، چۈنكى بۇلار پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ۋەيران قىلىدۇ، 5263 - بېيت) نى قىستۇرسىمۇ — پادىشاھقا ئەگەر ئۇنىڭ پۇقرالىرىنىڭ بىرى كەچتە ئاچ قوساق ئۇخلىسا خۇدانىڭ ئۇنىڭدىن شۇ ئىش ئۈچۈن ھېساب ئالىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ (5165 - بېيت).

ئودغۇرمىش ئۆزىنىڭ مەقسىدىنىڭ خۇداغا ئۆزىنى بېغىشلاش ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. ئۇ ئەرەبچە ئاتالغۇ تائەت (ta at) «بويسۇنۇش» ۋە تۈركچە «تاپۇغ» (tapug) «خىزمەت» (مەسىلەن 3339 - بېيت؛ ئەرەبچە خىدما Xidma، ھەم ئىبادەت ibada ئامال amal) نى ئىشلىتىدۇ. ئۇ خۇداغا ئىشىنىش ۋە ئۆزىنىڭكى بىلەن قانائەتلىنىش (ئەرەبچە تەۋەككۇل tawakkul، رىدا rida غا سېلىشتۇرۇلۇڭ)؛ ئەسلىمە remembrance (ئەرەبچە دىكىر dikir گە سېلىشتۇرۇلۇڭ)؛ پاكلىنىش (purification) (تۈركچە سۈزۈل Suzul 3522—24، 3632 -، 3752 -، 4795 - بېيت؛ ئەرەبچە سەفۋە Safwa گە سېلىشتۇرۇلۇڭ) تىن ئىبارەت سۇفىزىم تېمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئۇ كەمبەغەل تۇرمۇشنى (ئەرەبچە فەقر faqr)، تەرك ئېتىش (ئەرەبچە زۇھد Zuhd) ۋە تەنھالىق (ئەرەبچە خالۋا Xalwa، ئۆزلە Uzla) نى تاللايدۇ. ئۇ بىر زاھىد (بۇ يەردە ئەربچە ئاتالغۇ Zahid ئىشلىتىلگەن: 3441 -، 3563 -، 3915 -، 3929 -، 3976 -، 5106 - بېيت)، بىر نۇقتىدا ئۇ ئۆزىنى ئۇلۇغلار قاتارىدا سانايدۇ (ئەرەبچە abdal، 3563 - بېيت)، ئۇ ئۆزىنىڭ پەس ئۆزلۈكى ۋە نەفسى بىلەن بولغان كۆرەشتە ناھايىتى سەگەك (بىز بۇ يەردە تۈركچە ئەت et ئۆز oz 3344 -، 46 -، 3635 -، 44 - بېيت بىلەن بىللە يەنە ئەرەبچە نەفس، ھاۋا قاتارلىق ئاتالغۇلارنى ئۇچرىتىمىز). ئۇ بىر تاغدا تەنھا ياشايدۇ، پەقەتلا تېرىق ۋە ئارپا يەيدۇ ۋە يۇڭ كۆلاھ (4767 - بېيت: ئەرەبچە سۇف Suf) كىيىدۇ.

ئودغۇرمىشنىڭ تىلىدا ئوبيېكت دائىم «بۇ دۇنيا» (ئەرەبچە دۇنيا، تېخىمۇ ئاندا - ساندا تۈركچە ئاژۇن ajun دېيىلگەن)، بەزىدە دۇنياۋى نەرسىلەر (تۈركچە neng «نەرسىلەر») ياكى جەمئىيەت (تۈركچە، ئۇلۇس كەنت ulus kend «شەھەر» the city) دېيىلگەن. ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن پېئىل بولسا تەرك ئېتىش (to putaside) (كۆد - kod، 3327 -، 3347 -، 3441 -، 3563 -، 3592 -، 3652 -، 4732 -، 4737 -، 4798 -، 4805 -، 5115 -، 6050 -، 6154 -، 6334 - بېيت). بىز يەنە «يۈز ئۆرۈش»

(toturn one'sface)، (يۈز ئەۋۇر yuzevur: 3148 ـ، 3203 ـ بېيت)، «ئۆزىنى
تارتىش» (tobe seperate) (ongin bol: 3348 ـ بېيت)، «ۋاز كېچىش» (to give
up) (tungul: 4792 ـ بېيت)، «ئۈزۈلۈش» (tobecut off) (uzul:4797) «يىراقلى-
شىش» (to be didtant) (yira: 3327 ـ، 3350 ـ، 3552 ـ، 4806 ـ بېيت) ۋە
«قېچىش» (toflee) (Kac: 3502 ـ، 3695 ـ، 4797 ـ، 6050 ـ، 6334 ـ بېيت)
قاتارلىقلارنى ئۇچرىتىمىز.

مۇشۇلارغا قارشى ھەممە ئۇقۇم بولسا باشقا كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش
بولۇپ، «ئارىلىشىش» (Katil، يەنە karil، ئەرەبچە Xalata ئەكس ئەتتۈرگەن: 3340 ـ،
3363 ـ، 3405 ـ، 3502 ـ، 3922 ـ، 3994 ـ، 4686 ـ، 5750 ـ بېيت) دېگەن
ئاتالغۇ ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بىز يەنە «جەمئىيەتكە كىرىش» (kisilerara kir: 3366
ـ بېيت) دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى ئۇچرىتىمىز؛ ئۆگدۈلمىشمۇ «ساۋاپنىڭ جەمئىيەتتىن
تېپىلىدىغانلىقى» (kisiler araki muyan: 3399 ـ بېيت) ى توغرىلىق سۆزلەيدۇ.

ئودغۇرمىش توغرىسىدا ئۇنىڭ مۇتلەق يالغۇز (yalnguz: 3204 ـ، 3328 ـ،
30 ـ، 3349 ـ، 3359 ـ، 3423 ـ، 3437 ـ بېيت) ياشايدىغانلىقى قايتا ـ قايتا
تەكىتلىنىدۇ. بۇنىڭ ئاكتىپ ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ ئودغۇرمىشنى دۇنيادىكى بارلىق ئۇنى
ئېزىقتۇرىدىغان نەرسىلەردىن ئازاد قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئودغۇرمىش خاراكتېرىنىڭ ماھىيىتى
ئۇنىڭ دىنىي مەقسىتىگە يېتىشكە توسالغۇ بولىدىغان ھەرقانداق نەرسىگە ئۈزلۈكسىز ھوشيار
تۇرۇشتۇر. ئەگەر خۇداغا ئۆزىنى بېغىشلاش، يۈرەكلەرنىڭ بىرلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش
ئودغۇرمىشنىڭ مەقسىتى بولسا، تەرك ئېتىش ۋاستىسىدۇر. ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ مەۋجۇدىيەت
سىمۋولى (existential symbol) بولسا ئويغىنىش ياكى ئويغاقلىق.

بۇ تەلىماتنىڭ سۇفىزم ئارقا كۆرۈنۈشىمۇ روشەن، ئويقۇسىزلىق ئىلگىرىكى سۇفىلار-
نىڭ ئاساسىي ماختىنىدىغان تەرىپى ئىدى(84). ئۇلارنىڭ بىرى «ھەر دائىم مەن بىر ئاز
مۈگدىگەن چاغدا مېنى چاقىرامسەن ۋە مېنىڭ ئالدىمدا ئۇخلامسەن؟ ئەگەر سەن مېنىڭ
ئالدىمدا ئۇخلىساڭ، مەن راستىنلا سېنى قامچا بىلەن ئۇرىمەن، دېگەن ئاۋازنى ئاڭلايمەن»
(85) دېگەن. شىبلى (Shibli) مۇ «خۇدا ماڭا قارىدى، ئۇخلىغۇچى غاپىلدۇر، ئۇخلاپ قالغان
كىشى سەگەك ئەمەس (veiled) دېدى» دېگەن(86). ئەل ـ ھۇجۋىرى (al—Hujwiri) نىڭ
سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا، تاۋاپچىلارنىڭ «ھەق» كە يېتىش يولىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولغان
تۆۋە (tawbat) قىلىشنىڭ مەنبەسى «خۇدانىڭ قاتتىق پەرزلىرى ۋە يۈرەكنىڭ غەپلەت
ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىلىشى» دا ئىكەن(87). سۇفى يولىنى 100 باسقۇچقا سىستېمىلاشتۇرغۇچى
ئابدۇللا ئەل ـ ئەنسارى (Abdallah al—Ansari) (ۋاپاتى 1089 ـ يىلى) نىڭ سۆزىگە
ئاساسلانغاندا بۇ باسقۇچلارنىڭ بىرىنچىسى «ئويغىنىش» (yaqaza) ئىكەن(88). بۇ جىسمانىي
ئۇيقۇدىن ئويغىنىشنى كۆرسەتمەيدۇ؛ ئۇ غەپلەت ئۇيقۇسى ياكى ئۆزىنىڭ دىنىي مەسئۇلىيىتى-
نى ئۇنتۇپ قېلىش (ئەرەبچە gafla) تىن سىمۋوللۇق ئويغىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ پۈتكۈل مەنە قۇرۇلمىسىدا ئويغاقلىق (wakefulness) مۇھىم
ئېلېمېنت بولۇپ، ئودغۇرمىشنىڭ خاراكتېرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. پادىشاھ كۈنتۇغدى تۇنجى
قېتىم تونۇشتۇرۇلغاندا، مەسىلەن، ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى — ئەقىل ـ پاراسەت، ئادالەت،
قەيسەرلىك قاتارلىقلار سانالغاندا بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئويغاقلىق (odugluk) ۋە سەگەك-
لىك (saklik) نى بايقايمىز. بۇلار پادىشاھلىق ھوقۇقىغا ۋە ئۇزۇن ئۆمۈرگە پايدىلىق بولۇپلا
قالماي، بەلكى يەنە «شەرىئەت (Seri'at) ئىشى» (466 ـ بېيت). بۇ يەردە دىن «ھۆكۈم-
رانلار ئەينىكى» ژانىرى ئۈچۈن تىپىك ھالدا ئاساسلىق قىممەت قاراشلىرىنى تەمىنلىمەستىن

بەلكى قوشۇمچە رول ئوينايدۇ؛ دىن خۇددى تولۇقلىمىدەك ھەم باشقا ئەمەلىيەت ئاساسىغا قۇرۇلغان بىر خىل قىممەت قارىشىنى تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈنلا كىرىپ كېلىدۇ. ھۆكۈمراننىڭ سەگەكلىككە ئىنتىلىشى بىر دۇنياۋى سالاھىيەت بولۇپ، بۇ ئەسەردە قايتا ـ قايتا تەكىتلىنىدۇ (1452 ـ، 1956 ـ، 2016 ـ، 2024 ـ بېيت قاتارلىقلار).

ۋەزىر ئايتولدى سەكراتتا يېتىپ تۇرۇپ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلغاندا ئاھاڭى ئوخشىمىسىمۇ ئەمما ئوخشاش بىر نۇقتىنى ئېيتىدۇ•: «ئويغانغىن (Odungil) ۋە ئەتىنىڭ ئىشىنى قىل، چۈنكى غاپىللىق (osallik) مېنى ۋەيران قىلدى. (1208 ـ، 9 ـ بېيت)». ئوخشاش ھالدا ئۆگدۈلمىش تۈۋە قىلىش ۋە دەرۋىش يولىنى تۇتۇش مەقسىتىدە بولغاندا ئۇ خۇداغا خىزمەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ئادەملەرگە خىزمەت قىلىپ ئۆمرىنى ھاكاۋۇرلۇق ۋە «غەپلەت ئۇيقۇسى» (sleepof neglect) ئىچىدە ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتىدۇ (5632 ـ، 5690 ـ، 5693 ـ بېيت)، ئودغۇرمىش ئوبرازى مۇشۇ دىنىي ئاڭنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن (مەسىلەن: 4908 ـ، 6075 ـ، 6159 ـ بېيت قاتارلىقلار).

بىر ھەدىسكە ئاساسلانغاندا، «كىشىلەر ئۇخلاقلىق بولىدۇ، ئۇلار ئۆلگەندە ئاندىن ئويغىنىدۇ.»[89] ھەقىقىي ھاياتلىقنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىق (afterlife) ئىكەنلىكى ھەم بۇ دۇنيانىڭ نىسبەتەن «ئۆلۈك»لەر مەنسۇپ ئىكەنلىكى سوپىزم تەپەككۇرىدا[90] قايتا ـ قايتا ئەكس ئەتكەن قۇرئانچە تەلىماتتۇر. يەنە قۇرئانغا ئاساسلانغاندا، «بۇ بولسا ئاخىرەت (al—axira)؛ بىز ئۇنى يەر يۈزىدە ھەددىدىن ئاشمىغان، بۇلغانمىغانلارغا بۇيرۇيمىز. ئاخىرقى ئاقىۋەت خۇدادىن قورقىدىغانلارغا مەنسۇپ»[ئاربېرى (Arberry) نىڭ تەرجىمىسى].

يۈسۈپ بىزگە ئودغۇرمىشنىڭ ئاقىۋەت (Akibet) تىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى ئىشنىڭ، ئاخىرەتنىڭ، ئۇ دۇنيانىڭ ئوبرازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ (357 ـ بېيت). ئۇ ئادەمنىڭ روھى ئۈچۈن ئاخىرى زادى نېمىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ھەم مۇشۇ نۇقتىدىن پادىشاھقا نەسىھەت قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ بۇ دۇنيالىق ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئوبرازى بولغان، دۇنيانىڭ ئىدارە قىلىنىشىغا نېمىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئۆگدۈلمىشنىڭ قارشى قۇتۇبى (oppesete pole) دا تۇرىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن مۇنازىرە ھازىرقى زاماندىكى بىر ئالىم «ئىسلامدىكى تارىخنىڭ تەلىپى بىلەن ئۇ دۇنيانىڭ تەلىپى ئوتتۇرىسىدىكى روشەن جىددىيلىك» دەپ ئاتىغان ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ[91]. مۇنازىرىنىڭ بىۋاسىتە ئەدەبىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى يەنە بىر قېتىم سوپى ئەدەبىياتىدىن ئىزدەش كېرەك.

(داۋامى بار)

(ئەكبەر ئەمەت: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىدىن)

---

• ئەسلىسى A different tune, but using the same tones, is sounded by the vizier
بۇ يەردىكى tune ۋە note مۇزىكىدىكى ئاھاڭ ۋە نوتىنى كۆرسىتىدۇ.

# قاراخانىيلار[1]

## ئۆمەلژان پىرتساك (گېرمانىيە)

### تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن

### 5. ئەلى تېكىن ۋە دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشى
### (ھىجرىيە 443 ـ يىلى مىلادىيە 1042/1041 ـ يىللىرى)

مەھمۇدنىڭ زىيانكەشلىكىدىن (ھىجرىيە 416/415 ـ يىللىرى، مىلادىيە 1025/1024 ـ يىللىرى) ساق ـ سالامەت قۇتۇلغان ئەل تېكىن ئاكىسىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن (ھىجرىيە 417 ـ يىلى، مىلادىيە 1027/1026 ـ يىللىرى) ماۋەرائۇننەھرنىڭ مۇستەقىل خوجىسى بولدى. ئۇ بۇ رايونلار بىلەن ھىجرىيە 393 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1003/1002 ـ يىللىرى) دىن تارتىپ زىچ ئالاقە ئورناتقان ئىدى. ئۇنىڭ ناسىر ئىبنى ئەلىنىڭ قوماندانى، يەنى شۇ زامان مەنبەلىرىدە قەيت قىلىنغان سۇباش تېكىنىنىڭ ئۆزى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىندۇر. ئۇنىڭ پائالىيەت رايونى بۇخارا ياكى بۇخارا ئەتراپىدا ئىدى. ھىجرىيە 147 ـ يىلى (مىلادىيە 1027/1026 ـ يىللىرى) دىن تارتىپ بېسىلغان پۇللاردا خارلوخ (خارلوغ) دېگەن ئوردا ئىسمى بىلەن تىلغا ئېلىنغان بىر ئوردۇگاھ بار ئىدى، بۇ ئۇنىڭ قەدىمكى قوۋملىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە سادىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەھمۇدنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن غەزنىۋىيلەر تەختىگە كىمنىڭ ئولتۇرغانلىقى تازا ئېنىق ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەسئۇد ئەلى تېكىندىن ياردەم سوراپ بۇنىڭ بەدىلىگە ھوتتالنى ئۇنىڭغا بېرىشنى ۋەدە قىلغان ئىدى. بىراق مەسئۇد قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قان تۆكمەيلا ھاكىم بولدى، ئۇ ئىلگىرىكى ۋەدىسىنى ئورۇنداش ئۈياقتا تۇرسۇن، دادىسىنىڭ پىلانى بويىچە ماۋەرائۇننەھرنى ئەلى تېكىنىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ، ئۇ يەردە مەھمۇد ئىبنى يۈسۈپنى تۇرغۇزۇش ئارزۇسىنى تېزراق رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. ۋەزىرلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆزى سەپەرگە چىقماي ئەلى تېكىنگە قارشى يۈرۈش قىلىشنى خارەزىمشاھ ئالتۇنتاشقا ئەمىر قىلدى. غەزنىۋىيلەرنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى بىلەن كۈچەيگەن ئالتۇنتاش مىلادىيە 1032 ـ يىلى باھاردا ئەلى تېكىن ئۈستىگە ئاتلاندى. ئەلى تېكىنىنىڭ سېپىگە سەلجۇق تۈركمەنلىرىمۇ قاتناشتى. دەبۇسىيا مەيدانى جېڭىدە ئالتۇنتاش يارىلىنىپ ئۆلۈم گىرابىغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ شەخسىي قابىلىيىتىگە تايىنىپ خارەزىم ئۈچۈن پايدىلىق بىر سۈلھە تۈزدى. ئىككى يىلدىن كېيىن (ھىجرىيە 426 ـ يىلى، مىلادىيە 1034 ـ يىلى) ئالتۇنتاش-

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

نىڭ ۋارىسى ھارۇن مەسئۇدقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەلى تېكىن بىلەن شەرتنامە تۈزدى. شەرتنامە بويىچە ھارۇن مەرۋىگە، ئەلى تېكىن تىرمىز بىلەن بەلخكە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەلى تېكىن ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ھەم تەخت ۋارىسى يۇسۇپ بىننى ئەلى (ئارسلان ئېلىگ) تەختكە چىققانلىقىنى تەنتەنە قىلىش ئۈچۈن مەسئۇدقا ئەلچى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىمۇ قېرىندىشى (ئارسلان ئېلىگ) غا ئوخشاش خارەزىم شاھ بىلەن تۈزۈلگەن شەرتنامىگە سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە مەسئۇدقا قارشى ھەربىي ھەرىكەتكە ئاتلاندى. ئىتتىپاقداشلار ساغانىيانىنى ئىشغال قىلىپ تىرمىزنى مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇشۇ پەيتتە ھارۇن ۋاپات بولدى. شۇ سەۋەبتىن ئىككىنچى قېتىملىق ھەربىي ھەرىكەت مەغلۇپ بولدى. شۇڭا يۇسۇپ قوشۇنلىرىنى چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى، بۇ مەغلۇبىيەت يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەلى تېكىن ئوغۇللىرىنىڭ دادىسى تەرىپىدىن سىناقتىن ئۆتكەن ئىتتىپاقچىلىرى بولغان سەلجۇقىيلارنى ئۆزلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىدىنمۇ بولدى. ئەلى تېكىن ۋاقتىدىكى تۈركمەنلەرنىڭ «ئىنانچ يابغۇسى» بولغان يۇسۇپ بىننى سەلجۇقنىڭ يۇسۇپ بىننى ئەلنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى، بۇ سەۋەبتىن كۆتۈرۈلگەن سەلجۇقىيلار ئىسيانى قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئىلگىرىكى دوستلۇقنى پۈتۈنلەي يوق قىلغان ئىدى. نەتىجىدە سەلجۇقىيلار دەسلەپتە خارەزىم شاھتىن ياردەم سورىغان. چۈنكى ئۇلار ناھايىتى بۇرۇنلا توغرۇل بىننى مىكائىل (توغرۇل بەگ) بىلەن دوستانە ئۆتكەن، مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ (بۇغراخان) مۇ ئۇلارغا ياردەم بەرگەن. ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن بۇلار يامان نىيەت بىلەن خوراساننى ئىستىلا قىلدى ۋە بىرقانچە يىلدىن كېيىن (ھىجرىيە 432 - يىلى، مىلادىيە 1040 - يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇلۇغ بىر سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. يۇسۇپ بىننى ئەلى دەرھال مەسئۇد بىلەن شەرتنامە تۈزۈشكە كىرىشتى. دەسلەپتە سەمەرقەند ئۆگەسى قاتناشقان تۇنجى ئەلچىلەر ئۆمىكى بەلختە سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا (مىلادىيە 1035 - يىلى) مەسئۇد ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلغان. ئىككى ھۆكۈمدار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن دەسلەپتە ئالىپ تېكىن بىلەن بۇخارا خاتىبى ئابىد ئابدۇللاھ پارىسى قاتناشقان بىر بۇخارا ئەلچىلەر ئۆمىكى تەشكىل قىلىنغان. يۇسۇپ ئىككى دۆلەتنىڭ قۇدىلىشىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنىڭ بەدىلىگە ھۇتتالدىن ۋاز كېچىش تەكلىپىنى بەردى. شۇنداقلا مەسئۇدتىن ئۆزى بىلەن قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئارسلان خان سۇلايمان بىننى يۇسۇپ ئارىسىدا ئەلچى بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە خانىدانلار ئارىسىدا قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى (يۇسۇپ مەھمۇدنىڭ ئىنىسى ناسىربىننى سەبۇق تېكىننىڭ قىزى بىلەن توي قىلغان، شۇنداقلا سەئىد بىننى مەسئۇد يۇسۇپنىڭ سىڭلىسى بىلەن تويلاشقان) ۋە مەسئۇدمۇ بەلخ ھاكىمى ئابىد ئەل سالامنىڭ رەھبەرلىكىدە ماۋەرائۇننەھرگە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. يۇسۇپنىڭ تۈركىستاندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن يىراقلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى ۋەزىيىتىمۇ پايدىسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ماۋەرائۇننەھرنىڭ دەسلەپكى بويسۇندۇرغۇچىسى ئىلىگ خاننىڭ ئىككى ئوغلى بۇنداق بولۇشقا سەۋەبچى بولغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ناسىر بىننى ئەلىنىڭ بۇ ئىككى ئوغلى ئۇلۇغ خاقان مەنسۇر بىننى ئەلى زامانىدىمۇ ئۆلكە باشلىقى بولغانلىقى مەلۇم بولماقتا. مەھمۇد بىننى ناسىر (ئالىپ تېكىن) ھېچ بولمىغاندا ھىجرىيە 412/411 - يىللىرى (مىلادىيە 1020

/1022 - يىللىرى) ئىسفىجاپ بىلەن ئىتلوھىنىڭ ھاكىمى بولغان. ئىبراھىم بىننى ناسىر
(بۆرە تېكىن) ھېچ بولمىغاندا ھىجرىيە 411/409 - يىللىرى (مىلادىيە 1021/1018)
ئىلاكىنىڭ ھاكىمى بولغان. كېيىنچە، يەنى ھىجرىيە 415 - يىلى (مىلادىيە 1025/1204 -
يىللىرى) مەھمۇد بىننى ناسىر (ئەينۇددەۋلە) ئارقا - ئارقىدىن پەرغانىدە پەيدا بولۇشقا
باشلىغان ۋە بۇ يەردە ھىجرىيە 417 - يىلى (مىلادىيە 1027/1026 - يىللىرى) «ئىلىگ»
ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. لېكىن ھىجرىيە 416 - يىلى (مىلادىيە 1026/1025 -
يىللىرى) يۈسۈپ قادىرخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى (ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى) دادىسىنىڭ
پايتەختى ئۆزكەنتنى ئىشغال قىلغان ۋە ھىجرىيە 423 - يىلى (مىلادىيە 1031/1032 -
يىللىرى) غىچە ھاكىمىيەتنى ئۆز قوللىرىدا تۇتقان. ھىجرىيە 425/424 - يىللىرى (مىلادى-
يە 1034/1032 - يىللىرىدا) مەھمۇد بىننى ناسىر يەنە ئۆزكەنتتە پەيدا بولغان (بۇ يەردە
دادىسىنىڭ «ئەل مۇئەييەددەۋل ئەدل» دېگەن لەقىمىنى قوللانغان)، ئەمما قادىرخان ئوغۇللى-
رىنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ يەردىن كەتكەن ھەمدە ھىجرىيە 426- يىللىرى (مىلادىيە
1035/1034 - يىللىرى) ۋە ھىجرىيە 428 - يىللىرى (مىلادىيە 1037/1036 - يىللىرى)
دا ئۆزكەنتتە ئولتۇراقلاشقان.

ئۇنىڭ قېرىندىشى ئىبراھىم بىزگىچە نامەلۇم بولغان بىر ۋەقەدە ئەلى تېكىن ئوغۇللىرى-
نىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشكەن. ھىجرىيە 428 - يىلى (مىلادىيە 1037/1036 - يىللىرى)
بۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئۆزكەنتكە بېرىپ ئىنىسى مۇھەممەدتىن پاناھلىق تىلى-
گەن. ئۇ يەردە مەھمۇد غەزنىۋىيگە مەكتۇپ يېزىپ ئۇنىڭ دوستلۇق دېپلوماتىيىسىگە ئېرىش-
كەن. ئۇ ئۆزكەنتتە تۇرغان چاغلىرىدا تۈرك قويچىلىرىنىڭ ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن.
ئۇ بەزىدە ئۇ يەردىكىلەرنى توپلاپ ۋاخشى، ھەتتال ھالۇك ۋە پەنج دەريا ۋادىلىرىدا پاراكەندىچى-
لىك تۇغدۇرغان. بۇ پاتپاراقچىلىقتا تولغان ئۆلكىلەر غەزنىۋىيلەرنىڭ ھاكىمىيىتىگە زىيان
سالغانلىقى ئۈچۈن، مەسئۇد ئىبراھىمغا قارشى قوشۇن ئەۋەتىپ تاكى ساغانىيانغىچە ئىچكىرى-
لەپ كىرگەن ھەم تۈركمەنلەردىن ياردەم سوراپ ئىبراھىمنى مەغلۇپ قىلىپ قايتقان.
ھىجرىيە 430 - يىلى (مىلادىيە 1039/1038 - يىللىرى) ئىبراھىمنىڭ تاغىسى ئەھمەد
بىننى مۇھەممەد ئۆز نامىدا پۇل قۇيدۇرغان. ئىبراھىم كېيىنچە تۈركمەنلەرنىڭ ياردىمىنى
قولغا كەلتۈرۈپ، ئەلى تېكىننىڭ ئوغۇللىرىغا قارشى ھەربىي ھەرىكەتكە ئۆتكەن. ھىجرىيە
431 - يىلى (مىلادىيە 1040/1039 - يىللىرى) كىشنى، ھىجرىيە 432 - يىلى (1040
/1041 - يىللىرى) سوغدىنى ۋە ھىجرىيە 433 - يىلى (مىلادىيە 1042/1041 - يىللىرى)
بۇخارانى ئىشغال قىلغان. بۇ ھەربىي يۈرۈشكە ئۇنىڭ ئىنىسىمۇ ئىشتىراك قىلغان. ئەلى
تېكىننىڭ ئوغۇللىرى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن، يەنى يۈسۈپ قادىرخان ئوغۇللىرىدىن پاناھلىق
تىلىگەن. ھىجرىيە 432 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا غەزنىۋىيلەرگە قارشى ئۇرۇشنىڭ
غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كەلگەن سەلجۇقىيلار ئەلچىسى «تۈركىستان خانلىرى» نامىدا
سۇلايمان بىننى يۈسۈپ، مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ ۋە ئەلى تېكىن ئوغۇللىرىغىلا ئەمەس،
ئىبراھىم (بۆرە تېكىن) ھەم مۇھەممەد (ئەينۇددەۋلە) كىمۇ كەلگەن. ئۇرۇشتا مەغلۇپ
بولغان مەسئۇد بىننى مەھمۇدمۇ سەلجۇقىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن
بەلخ ۋە تۇخارىستاننىڭ «تەقدىرنامىسى» نى ئىبراھىمغا ئەۋەتكەن.

غەلىبە قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنى يۈسۈپ قادىرخان جەمەتى ھەسەن ئائىلىسىگە ئايرىپ كەلگۈسىدىكى ھاكىمىيەت ئاساسىنى تۇرغۇزغان. يەنى مۇھەممەد — بۈيۈك قاغان (ئارسلانخان)، ئىبراھىم شەرق قاغان (تامغاچ بوغراخان) ئۇنۇۋانىنى ئالغان. ئەينى زاماندا، يەنى مىلادىيە 581 - يىلىدا تۈرك (Tu—chue) تارىخىدا مۇھىم بىر يىل بولغان بولسا، مىتال پۇللاردا ھىجرىيە 433 - يىلى (مىلادىيە 1042/1041 - يىللار) ئايان بولغان بۇ ۋەقەمۇ قاراخانىيلار تارىخىدا مۇھىم يىلدۇر. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەرب ۋە شەرقتىن ئىبارەت ئىككى خانىدانلىق (قاراخانىيلار خانلىقى) بارلىققا كەلدى.

شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتى ماۋەرائۇننەھرنىڭ فەتھىدىن ئىلگىرىكى قاراخانىيلار دۆلىتى تەۋەسىدىكى تىراز، ئىسفىجاپ، شاش، يەتىسۇ، قەشقەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغان. بەزى چاغلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەرغانىنىڭ كۆپ قىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقتىكى چوڭ قاغانىنىڭ پايتەختى داۋاملىق بالاساغۇندا بولغان. شەرقتىكى شەرق قاغانى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا قەشقەردە، ئاز بىر مەزگىل تىرازدا تۇرغان. قاراخانىيلار مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۆشۈكى بولغان قەشقەر شەھىرى مۇشۇ ۋاقىتلاردا خانلىقنىڭ دىنىي مەركىزى بولۇپ قالغان. خان جەمەتىنىڭ مازارىمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بۈيۈك قاغانلارنىڭ بەزىلىرى (مەسىلەن، سۇفى يۈسۈپ بىننى ھارۇن قادىرخان) بۇ قەدىمكى ئىسلام شەھىرىنى قەدىمكى شامانىزم ئەنئەنىلىرىگە زىچ باغلىنىشلىق بولغان بالاساغۇنغا قارىغاندىمۇ تېخىمۇ ئۇلۇغلىغان. شۇ سەۋەبتىن قەشقەرنى ئوردۇكەنت دەپ ئاتىغان.

غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى ئەسلىدىكى ماۋەرائۇننەھر بىلەن پەرغانىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، پەرغانىنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا جايلاشقان ساغانىيان، قۇبازىيان، ۋاخش ھوتتال ۋە تىرمىز ئۆلكىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى چېگرا سىرتىدا قالغان. بەلخ بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن بۇ ئۆلكىلەر دەسلەپتە غەزنىۋىيلەرنىڭ، كېيىنچە (يەنى ھىجرىيە 456 - يىل، مىلادىيە 1069 - يىللىرىدا) سەلجۇقىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. قاراخانىيلارنىڭ بۇ يەرلەرنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي جەھەتتىن نەتىجىسىز ئاياقلاشقان. بۇ ئىككى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ چېگرىسى خوجەند ئىدى. بىر دەريا ۋادىسى (شاش ۋە ئىلاك) ۋە پەرغانە مەسىلىسىدە كۆپ قېتىم تالاش - تارتىش مەۋجۇد بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا بۇ غەربىي قوشۇنلارنىڭ نىسبەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

غەربنىڭ چوڭ قاغانىنىڭ مەركىزى دەسلەپتە ئۆزكەنت، كېيىنچە سەمەرقەند بولغان. غەربنىڭ شەرق قاغانى بۇخارادا تۇرغان.

بۇ ئىككى دۆلەت قەدىمكى مەدەنىيەت مۇھىتىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇردى. غەربنىڭ ھەر ئىككى مەركىزى ئىران ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەشھۇر مەركەزلىرى ئىدى. شەرقنىڭ ئىككىنچى پايتەختى بولغان قەشقەر قاراخانىيلار مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەركىزى بولغانغا قەدەر جۇڭگو ۋە ئۇيغۇر (بۇددا، مانى دىنى) مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرغان ئىدى، مەلۇم مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇپ قالغان. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يېزا مەھەللىلەر بىلەن تولغانلىقى مەلۇمدۇر. يەنى ئاقسىكەنت، بارسخان، ئىسفىجاپ، ئىستىغان، ئىتلۇھ، قارا ئوردۇ (بالاساغۇن)، كارمىنا،

كاسان، قەشقەر، كىش، ئەل كۈشانى، كاس، مەرغىنان، ئۆز كەنت، رىشان، ساغانىيان، شاش، تىراز، تۈنكاس، ئۈشرۇسانا، ياركەنت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇنىڭ سەۋەبى قاراخانىيلار دۆلىتىدە يالغۇز ئىران ئىسلام مەدەنىيىتى (بولۇپمۇ، ماۋەرا-ئۇننەھردە) داۋاملىق راۋاجلىنىپلا قالماستىن، يەنە بىر جەھەتتىن شەرقىي قاراخانىيلار ساھەسىدە تۈرك ئەدەبىي تىلى ۋە تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرى مەيدانغا كەلگەن ھەم ئەينى زاماندىكى ئىسلام تۈرك ئەدەبىياتى بارلىققا كەلگەن. ھەر ئىككى دۆلەت يايلاق خەلقلىرىگە تەدبىق قىلىنغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇسۇللار بىلەن مەدەنىي ئۇلۇسلارنى ئىدارە قىلغان، ھەر ئىككى سۇلالە ئوخشاش بولغان ئىچكى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن. تۈرك دۆلىتىدىكى (Tu—chue) توققۇز ئوغۇزلار، كېيىنچە سەلجۇقىيلار دۆلىتىدىكى ئوغۇز (تۈركمەنلەر) لارغا ئوخشاش قاراخانىيلاردا ھەربىي قوشۇننىڭ ئاساسىنى قارلۇقلار (ياكى بۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قوۋمى بولغان چىگىللەر) تەشكىل قىلغان ھەمدە يېڭى سۇلالىنى قۇرغۇچى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاجىزلاش-تۇرۇش ئۈچۈن بۇلارنىڭ مەركىزى شەھەر ئەتراپىدىكى چېدىرلاردا كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرۈ-شىگە يول قويغان. ئەلى تېكىننىڭ مەركىزى بولغان بۇخارا ئەتراپىدىكى ھەلجە (كىچىك مەھەللە) نىڭ قارلۇق ئوردا نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىشى بۇنىڭ تېپىك مىسالى بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىي ئۆلكىلەرنىڭ ھاكىمى سۈپىتى بىلەن كۆندىن - كۈنگە شەھەر مەدەنىيىتىگە يۈزلەنگەن ھۆكۈمدارلار بىلەن قوشۇنلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن كۆپ قېتىملىق قانلىق ۋەقە ۋە تالاش - تارتىش قاتارلىق ئىختىلاپلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىمۇ خىلمۇ - خىل يېڭى دىنىي بۆلۈنۈش (بەزىدە شىئە، بەزىدە سۈننى، يەنە بەزىدە زىندىك ۋە باشقىلار) گە سەھنە بولغان ماۋەرائۇننەھرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولمىغان. قاراخانىيلار تارىخى ئۈچۈن ئانچە پايدىسى بولمىغان باشقا تارىخىي ئامىللار يېنىدا دۆلەتنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىغان ۋە سۇلالە-نىڭ يوقىلىشىنى ئارقىغا سۈرۈشكە تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەب دەل مۇشۇ ئىدى.

## 6. شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتى

بۇ دۆلەتنىڭ دەسلەپكى ھۆكۈمدارى بۈيۈك قاغان «شەرەپۇد دەۋلە» لەقىبىنى قوللانغان سۇلايمان بىننى يۇسۇپ (ھىجرىيە 423 - يىلى مىلادىيە 1031/1032 - يىللىرى) ئىدى. ئۇ سەلجۇقىيلار خۇراساندا، ناسىر بىننى ئەلىنىڭ ئىككى ئوغلى ماۋەرائۇننەھر ۋە پەرغانىدە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن سۇلالىنىڭ ھەسەن تائىپىسىگە مەنسۇپ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا ئەھدىنامە تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. ھىجرىيە 435 - يىلى (مىلادىيە 1043 /1044 - يىللىرى) ئۇلار پائالىيەت دائىرىسى بېكىتىلگەن بىر ئائىلە بىرلەشمىسىنى قۇردى. سۇلايمان بىننى يۇسۇپ بۈيۈك قاغان نامى بىلەن بالاساغۇن ۋە قەشقەرگە ئۆزى بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ بۇغراخان نامى بىلەن تىراز ۋە ئىسفىجاپنى، ئۈچىنچى ئىنىسى مەھمۇد بىننى يۇسۇپ (ئارسلان تېكىن) دۆلەتنىڭ شەرق ئۆلكىلىرىنى ئىدارە قىلىش بىلەن قانائەتلىنىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان. سابىق بۈيۈك قاغان

www.uyghurkitap.com



ئۆز نامىدا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئەھمەد بىننى ئەل ھەسەن (ئىنىسىنىڭ قېيىنئاتىسى) پەرغانىنىڭ ھەممىسىنى ۋە يۈسۈپ بىننى ئەلى (قېرىنداشىنىڭ ئوغلى) نىڭ زېمىنى بولغان ماۋەرائۇننەھرنى قايتىدىن قولغا چۈشۈردى. بۇلار پەرغانىنىڭ بىر قىسمىنى غەلىبىلىك ئىشغال قىلدى. (تەڭگە پۇللارغا قاراڭ، ئاخسىكەنت، ھىجرىيە 448 ـ يىلى، مەرغىنان، 44x) مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۆزكەنتمۇ شۇ يىللاردا قولغا كىرگۈزۈلگەن. پەرغانىنى ھازىر تېپىلىۋاتقان مىتال پۇللارغا ئاساسلانغاندا، تېكە تېكىن ئۇنۋانى، جالالىددىن لەقەبىنى قوللاغان قېرى ئەھمەد بىننى ئەل ھەسەن دېگەن كىشى ئىشغال قىلغان. بۇنىڭغا مەھمۇد بىننى يۈسۈپ (بۇغراخان) ئەڭ ماس كېلىدۇ.

ھىجرىيە 435 ـ يىلى سەپەر ئېيىدا (مىلادىيە 1043 ـ يىلى 10 ـ ئايدا) بۇلغار بىلەن بالاساغۇن ئارىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 10 مىڭ چېدىرلىق كۆچمەن تۈركىي قەبىلە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان. تىبەتتىن بالاساغۇن ھۆكۈمدارى ئارسلان خاننىڭ يۇرتىغا كەلگەن ۋە ئۆزلۈكىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئىككىنچى بىر «سان ـ ساناقسىز» تۈرك قوۋمى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان. بۇنىڭدىن قاراخانىيلار دۆلىتى دائىرىسىدە مۇسۇلمان بولمىغان يات دىندىكىلەرنىڭمۇ ياشىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. سۇلايمان بىننى يۈسۈپ ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ئادىل ۋە دىندار، زاھىد بىر كىشى ئىدى. ئۇ شۇ دەۋردە ئالىم ۋە ئۆلىمالارنىڭ دوستى ۋە ھامىيسى بولۇپ تونۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا تەرەپ ـ تەرەپلەردىن ئالىملار كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا توپلانغان. ئۇمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ ئىلتىپات، ھەدىيەلەرنى كۆرسىتىپ تۇرغان (ئىبنۇل ئەسىر، 9 ـ جىلد، 211 ـ بەت). شۇنداق بولسىمۇ سۇلايمان ھىجرىيە 448 ـ يىلى (مىلادىيە 1057/1056 ـ يىللىرى) نادانلىق قىلىپ ئۆز ئىنىسى مۇھەممەد بىننى يۈسۈپكە قارشى جەڭگە ئاتلىنىپ ئۇنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلماقچى بولغان. بىزگە نامەلۇم بولغان ئائىلە ماجىراسى سەۋەبىدىن مۇھەممەد ئۆززېمىندىن ۋاز كەچكەن. بىراق ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا سۇلايمان ئەسىرگە چۈشكەن. مۇھەممەد ئۇنى زىندانغا تاشلاپ ئۆزىنى بۈيۈك قاغان دەپ ئېلان قىلغان.

مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ «قەۋمۇد دەۋلە» لەقەبى بىلەن بۈيۈك قاغان بولغان بولسىمۇ بىراق ئۇمۇ 15 ئاي (ھىجرىيە 449/448 ـ يىللىرى، مىلادىيە 1057/1056 ـ يىللىرى) ھۆكۈم سۈرۈپ تەختىنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىنگە (ئۇنۋانى چاغرى تېكىن) ئۆتۈندى. ئۇ ئارسلان ئىلىگ نامى بىلەن ئاتالدى. بۇ ھۈسەيىن بىننى مەھمۇد بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دادىسى ئىدى. ئەمما مۇھەممەدنىڭ ئىككىنچى ئايالىدىن بولغان ئىبراھىم ئىسىملىك بىر كىچىك ئوغلى بار ئىدى. ئايالى ھۈسەيىننىڭ تەختكە چىقىشىغا نارازى بولۇپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ھۈسەيىننى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىم ئادەملەرنى قىرىپ تاشلاپ ئۆز ئوغلى ئىبراھىمنى تەختكە چىقاردى. (ئىبنۇل ئەسىرنىڭ كىتابىغا قارالسۇن) ئىبراھىم I بىننى مۇھەممەد (قىسارتىلىپ ئىبراھىم I دېيىلىدۇ) سەلتەنەت سۈرگەن يىللاردا (ھىجرىيە 451/449 ـ يىللار، مىلادىيە 1057/1059 ـ يىللار) نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچكەلدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان غەربىي قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك قاغانى ئىبراھىم بىننى ناسىر پەرغانىنى قايتا بېسىۋالدى ۋە شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بەزى يەرلىرىنى (شاش، تۇنكاس) نىمۇ قولغا كىرگۈزۈۋالدى.

ئانىسىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن بارسخانغا ھەربىي يۈرۈش قىلغان ئىبراھىم بىننى مۇھەممەد (بەزى مەنبەلەردە ئىنال تېكىن دەپ تىلغا ئېلىنغان) بارسخان ھاكىمى تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ سەۋەبتىن شۇ دەۋرلەرگە قەدەر شەرق قاغانى بولغان قادىرخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ بۈيۈك قاغان بولدى. مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ (ھىجرىيە 451 ـ 467 ـ يىللارغىچە، مىلادىيە 1059 ـ 1065 ـ يىللارغىچە) يازما مەنبەلەردە كۆپ قېتىم توغرۇل قاراخان نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. شەرق قاغانى ئەل ھەسەن سۇلايمان (تاۋغاچ بۇغراقاغان) بىلەن بىرلىكتە شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قولدىن كەتكەن زېمىنلىرىنى دۆلەتنىڭ ئىدارىسىغا ئېلىش مەقسىتى بىلەن ئىبراھىم بىننى ناسىرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن (ھىجرىيە 460 ـ يىلى، مىلادىيە 1068 ـ يىلى) ئىز باسارى ناسىر بىننى ئىبراھىم ئۈستىگە قوشۇن تارتتى، بۇ ئۇرۇش ئىككى قاراخانىيلار دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا چېگرا بەلگىلەش توغرىسىدىكى بىر شەرتنامە تۈزۈش نەتىجىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ كېلىشىم بويىچە سىر دەرياسىنى پاسىل قىلىپ خوجەندنى ناسىرغا قالدۇردى. پۈتۈن پەرغانە شەرقىي قاراخانىيلارغا قارايدىغان بولدى.

مۇھەممەدنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان ئوغلى ئۆمەر بىننى مۇھەممەد (توغرۇل تېكىن) پەقەت ئىككى ئايلا (ھىجرىيە 461 ـ يىلى مىلادىيە 1075/1074 ـ يىللار) ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن بۇغراخان ئەلى ھۇسەن بىننى سۇلايمان ئۇنى زىندانغا تاشلىغان، نەتىجىدە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىمۇ ھەسەنگە ئەل بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن (ئىبنۇل ئەسىر). مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يېزىشىچە (III توم، 173 ـ بەت) ئارسلان تېكىن قوماندانلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك مۇسۇلماندىن تەشكىل تاپقان قوشۇن بۆكەبۇدراچ قوماندانلىقىدىكى 700 مىڭ كاپىرغا قارشى جەڭدە غەلىبە قازانغانلىقى مۇشۇ ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە يۈز بەرگەن ۋەقە ئىدى. بۇ يۈرۈشتە ئىسلام قوشۇنى دەسلەپتە ئىلى، كېيىنچە ئېمىل دەريا ۋادىسىغىچە يېتىپ بارغان.

ئەبۇ ئەلى ئەل ھەسەن بىننى سۇلايمان (لەقەبى «ناسىرۇل ھەق ۋەلىددىن» ۋە «ئىززە-ئۇلدىن» ئىدى) شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى نامى بىلەن (تابغاچ بۇغرا قاراخان) قەشقەردە تەختكە چىققان ئەزگىلدە، بۇ شەھەر مۇھىم بىر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان ئىدى. ھىجرىيە 462 ـ يىلى (مىلادىيە 1070 ـ يىلى) ياشانغان ئوردا ۋەزىرى (تايانغۇ)، بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلام دەۋرىنىڭ تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئەڭ مەشھۇر ئابىدىسى بولغان ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»نى ئەل ھەسەنگە تەقدىم قىلغان. ئىمام ئەبۇل فۇتۇف ئەل ھەسەن ئابىد ئەل جەففار بىننى ئەل ھۇسەيىن ئەل ئالمائى (ھىجرىيە 486 ـ يىلى، مىلادىيە 1093 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ قەشقەرنىڭ تارىخى ئەنئەنىسىنى يورۇتۇپ بەرگەن مەشھۇر ئەسىرى «تارىخىي كاشغەر» مانا شۇ چاغدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئەل قارشى (جامال قارشى) نىڭ ئەسىرىدە زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. ئەل ھۇسەيىن بىننى سۇلايماننىڭ ھىجرىيە 466 ـ 470 ـ يىللىرىدا باغدادتا مەشھۇر ئەسەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى يازغان مەھمۇد كاشغەرى (ئەل ھۇسەيىن بىننى سۇلايماننىڭ تاغىسى ئىدى) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلمەيمىز. كېيىنچە ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان مانىسا (manisa) دا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئەل ھۇسەيىننىڭ ئوغلى ئەل مەئمۇنغا

www.uyghurkitap.com

تەقدىم قىلغان تېبابەتچىلىككە دائىر بىر ئەسىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەل ھۇسەيىن بىلەن سۇلايمان بۈيۈك قاغان بولۇپ، ھىجرىيە 467 ـ 496 ـ يىلىغىچە (مىلادىيە 1077 ـ 1102 ـ يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن. ھىجرىيە 462 ـ يىلى (مىلادىيە 1089 ـ يىلى) دا ئۇلۇغ سەلجۇقىيلاردىن مەلىكشاھ ماۋەرائۇننەھرنى ئىشغال قىلىپ ئۆزگەنتكە كەلگەندە ئەل ھەسەن ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك ھەسەننىڭ قېرىندىشى ئاتبېشى ھاكىمى ياقۇپ ىبنىنى سۇلايمان سەلجۇقىيلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قىزىتچىلىقتا سەمەرقەندتە تەختتە ئولتۇرغان بولسىمۇ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئاتبېشىغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ھەسەن سەلجۇقىيلارغا بەيئەت قىلغاچقا ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ ئۇنى ئەسىرگە ئالغان بولسىمۇ، مەلىكشاھقا ئىتائەت قىلمىدى. مەلىكشاھ قايتىدىن ئۆزگەنتنى ئىشغال قىلماقچى بولغاندا ھەسەن ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە ئوغلى (شەخسىي قائىدە بىلەن) ۋە ئەسىرگە چۈشكەن ياقۇپنى ئۆز كەنتكە قايتۇرۇپ كەلگەن.
مۇشۇ ئارىدا قەشقەر سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان توغرۇل بىننى ئىنال (ئەل ھەسەننىڭ تاغىسى جىبرائىل بىننى ئۆمەر) تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. شۇنداقلا ئەل ھەسەنمۇ ئەسىرگە ئېلىنغان. مۇشۇ سەۋەبتىن مەلىكشاھ ئۆز كەنتتىكى ياقۇپ بىلەن كېلىشىمنامە تۈزۈپ، ئۇنى توغرۇلغا قارشى ئۇرۇشقا سالغان ۋە ئۆز كەنتتىن ۋاز كەچكەن (ئىبنۇل ئەسىر، 10 ـ جىلد، 112 ـ 116 ـ بەت). ئەپسۇسكى بىزنىڭ قولىمىزدىكى مەنبەلەردە بۇ دەۋردىكى ۋەزىيەتنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار يوق دېيەرلىك.
ئەل ھەسەننىڭ ئۇزۇن مەزگىل ئەسىرلىكتە يۈرگەندىن كېيىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقى مەلۇم. ئەگەر توغرۇل بىلەن جىبرائىل بىننى ئۆمەرنىڭ ئوخشاش بىر ئادەم ئىكەنلىكى توغرا بولىدىغان بولسا ئۇ ھالدا ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ ھاياتى ئۇچۇن قەدىرلىك بولغان ماۋەرائۇننەھر تەۋەككۈلچىلىكىگە (ھىجرىيە 495 ـ يىلى، مىلادىيە 1102 ـ يىلى) كىرىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەل ھەسەننىڭ ئوغلى ۋە ئورۇنباسارى ئەھمەد بىننى ئەل ھەسەن مىلادىيە 1105 ـ يىلىدا خەلىپە مۇستازھىد بىللاھقا مەھمۇد بىننى ئابىد ئەل جەلىل ئەل قەشقەرى باشچىلىقىدىكى بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن ئۇنۋان سورىغان. خەلىپە ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قوبۇل كۆرۈپ ئۇنىڭغا «نۇرۇد دەۋلە» ئاتىقىنى بەرگەن. بۇ توغرىدا بىز ئۇنىڭ ھىجرىيە 522 ـ يىلى (مىلادىيە 1128 ـ يىلى) ياكى ئۇنىڭدىن بىر ئىككى يىل كېيىن قاراختايلار (قاراقىتانلار ـ غەربىي لياۋ خانلىقى) نى مەغلۇپ قىلىپ ئۇلارنىڭ غەربكە ئىلگىرىلەش يولىنى بىر مەزگىل توسۇپ قويغانلىقىنى بىلىمىز. مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان قاراختايلار (قاراقىتانلار) ئىمىل دەريا بويلىرىدا شەھەر قۇرۇپ ئۆز قوشۇنلىرىنى بۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقا كىرىشتى (جۇۋەينى، II توم، 86، 87 ـ بەت). ئەھمەد ھىجرىيە 522 ـ يىلى (مىلادىيە 1128 ـ يىلى) ياكى ھىجرىيە 563 ـ يىلى (مىلادىيە 1140 ـ يىلى) ئەتراپىدا ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى ۋە ئىزباسارى ئىبراھىم بىننى ئەھمەد (ئىبراھىم I) مەنبەلىرىمىزدە (ئەل قارشىنىڭ مەلۇماتىدا) چوڭ قاغان (ئارسلان بۇغرا قاغان) ئۇنۋانى بىلەن تىلغا ئېلىنغان قاراخانىيلارنىڭ خاقانىدۇر. ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ غەربىدىكى قارلۇق ۋە قاڭلى قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئاتامانلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى ھەربىي توقۇنۇشنى ھەل قىلىش ئۇچۇن ئىمىل دەريا ۋادىسىدىكى قاراختايلار

(قاراقىتان) نى ياردەمگە چاقىرىدۇ (جۇۋەينىنىڭ مەلۇماتىغا قاراڭ). شۇنىڭ بىلەن قاراخىتايلار (قاراقىتان) بالاساغۇنغا كىرىدۇ. بىراق بۇلارنىڭ ھۆكۈمدارى گۈرخان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ چۇ دەرياسى بويىدىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەركىزى (قارا ئوردۇ، قۇز ئوردۇ) نى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ بالاساغۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن قاراخىتاي (قاراقىتان) لارنىڭ پايتەختى بولىدۇ. گۈرخان ناھايىتى ئاسانلا قولغا كەلگەن سەلتەنەت تەختىگە چىقىدۇ. ئافراسىياپ ئورۇن باسارلىرىدىن خان مەنسىپى (بۈيۈك قاغان) نى ئالغان ئىبراھىمغا «ئىلىگ تۈركمەن» دېگەن مەنسەپنى بېرىدۇ. قارا خىتاي (قاراقىتان) لار ئۆزىگە بويسۇنغان ئىلىگ تۈركمەننىڭ پايتەختى بولغان قەشقەردىن چېكىنىپ چىقىدۇ. بۇ «ئىلىگ تۈركمەن» دېگەن ئەمەل نامىنىڭ مەنبەلەردە يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىنىشى ئىدى. شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ غەربىي قىسمى قاراخىتاي (قاراقىتان) لارغا تەۋە بولغاندىن كېيىن ئۇ يەردىكى قارلۇق ئەسكەرلىرى ھىجرىيە 533 ـ يىلى (مىلادىيە 1158 ـ يىلى) دا قاراخىتاي (قاراقىتان) لارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتىرىدۇ. گۈرخان «ئىلىگ تۈركمەن» نى ئۇلارنى يولغا كىرگۈزۈشكە ئەۋەتىدۇ ۋە ئۇ يەردىن كەلگەندىن كېيىن گۈرخان ئۇنى ماۋەرائۇننەھرگە قايتۇرۇۋېتىدۇ (جۇۋەينى، I جىلد، 15 ـ بەت). ئۇنىڭغا ئەل شەھىد نامى بېرىلگەن بولسىمۇ، قاچان شېھىد بولغانلىقىنى ئېنىقلاش بەكلا قىيىن (ئەل قارشىنىڭ مەلۇماتى).

قايتا ئۆزلىرىنى ئارسلانخان نامى بىلەن ئاتىغان ئىككى تەخت ۋارىسى، يەنى مۇھەممەد بىننى ئىبراھىم (مۇھەممەت I) بىلەن يۇسۇپ بىننى مۇھەممەد ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئەل قارشى (132 ـ بەت) بۇلارنىڭ ئىككىنچىسى، يەنى ئەبۇل مۇزەپپەر يۇسۇپ بىننى مۇھەممەدنىڭ 601 ـ يىلى رەجەپ ئېيىدا (ھىجرىيە 1205 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، بىرىنچى ئاينىڭ بېشى) ۋاپات بولغانلىقى ھەم قەشقەردىكى خانلىق قەبرىستانلىقتا دەپن قىلىنغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

مۇشۇ ئارىدا، ئەبۇل فەتھ مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ (مۇھەممەد II) گۈرخاننىڭ ھوزۇرىدا تۇرغاقلىقتا تۇرغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا قىسقا ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن نايمان دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى كۈچلۈك ئەڭ ئاخىرقى گۈرخاننى ئەسىر ئېلىپ مۇھەممەد II نى قەشقەرگە قايتۇرغان. ئەمما مۇشۇ چاغدا قەشقەردە ئېسىلزادىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە بۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچى ئاتامان شەرق قاغانىنى شەھەرگە كېلىشىگىلا قەتلە قىلغان (ھىجرىيە 607 ـ يىلى، مىلادىيە 1211/1210 ـ يىلى، ئەل قارشى، 132 ـ بەت، جۇۋەينى I جىلد، 48 ـ بەت). بۇ سەۋەبتىن نايمان خانى كۈچلۈك قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئېسىلزادە ۋە بەگلەرنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەن (ئەل قارشى، 133 ـ بەت).

(داۋامى بار)

(تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن: شىنجاڭ مىللىي تەتقىقات ئورنىدا)

www.uyghurkitap.com

# «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى سۈپەت ۋە رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار توغرىسىدا

مۇھەممەتىرېھىم سايىت

ماقالىمىزدا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى سۈپەت ۋە رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە بۇ قوشۇمچىلارنىڭ قانداق سۆزلەرگە قوشۇلۇپ قانداق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار:

ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار:

1) +siz/+siz: بولۇشسىز مەنىسىدىكى سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، +sir قوشۇمچىسىنىڭ قەدىمكى ۋارىيانتى. ئۇ +liq تىپىدىكى قوشۇمچىلار قوشۇلغان سۆزلەرگە قوشۇلىدۇ، دەل شۇنىڭ قارشى مەنىسىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ. م: ağï+siz قىممەتسىز. ǎs+siz ئاش - ئۇزۇقسىز. bilik+siz (UI501) ئەقىلسىز، بىلىمسىز، نادان. qaraq+siz (UI647) كۆز قارىغى، كۆزى (يوق). qut+suz (UI598) بەختسىز، ئىشى ئارقىغا كەتكەن (ئادەم). ög+süz (UI130) يېتىم، تەمتىرەپ قالغان ئادەم.

2) +s°g/+s°q/+s°g/+s°k: ئۆزى قوشۇلغان ئىسىمنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشىتىلغان ياكى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسىملارنىڭ سۈپەت شەكلىنى ياسايدۇ. م: bağïr+saq (UI653) باغرى يۇمشاق، ئاق كۆڭۈل، سۆيۈملۈك، جان - جىگەر (bağïr بېغىر، جىگەر). bağïr+suq (UI653) ئۈچەي. tolar+suq (UI653) سولۇك، سونجاق. qul+siğ (UI606) قۇلسىمان، قۇلدەك، قۇلغا ئوخشاش.

3) +ği/+qi+gi/+ki: «شۇ يەرلىك، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق»، «... نىڭ ئىچىدە، ... دىكى» ياكى «... خۇسۇسىيەتكە ئىگە» دېگەن مەنىدىكى سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. م: ay+qi ئايلىق. bärü+ki بۇ تەرەپتىكى. tabğaç+ği تايغاچلىق. tägir—ä+ki (tägir— قورشىماق) ئەتراپىدىكى. çol+gi چۆللۈك. qut+qi (UI557) مۇلايىم، كەمتەر (ئادەم). sö+ki بۇرۇنقى. qïš+qi قىشلىق. küz+ki كۆزلۈك. öngrä+ki ئالدىدىكى، بۇرۇنقى. üzä+ki ئۈستىدىكى. içrä+ki ئىچكى. yaz+qi يازلىق، يازغا خاس (بۇ سۈپەتلەرنىڭ كۆپى ھەم ئىسىم ھەم سۈپەت ئورنىدا قوللىنىلىدۇ).

4) +°l: پېئىل دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن شەكىلداش. ئۆزى قوشۇلغان ئىسىمنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. م: baš+ïl (UI510) ئالا باش. *bor+ğul>boğrul (UI628) ئاق، بورۇل. yaš+ïl (UI57) يېشىل. yörung+il ئاپئاق، ئايدىڭ [yörüngürüng> (UI181) ئۈرۈڭ، ئاق. خوتەندىكى «يورۇڭقاش دەرياسى» دېگەن سۆزدىكى «يورۇڭ» مۇشۇ سۆزدىن كەلگەن]. بۇ سۆزلەر شۇ رەڭنىڭ نامىنى بىلدۈرگەندە ئىسىم باشقا ئورۇندا سۈپەت ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

پېئىلدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار:

5) +dï/+di/+tï/+ti: بۇ ئەسلىدە پېئىلنىڭ ۋاستىسىز ئاددىي ئۆتكەن زامان ۋە

سۈپەتداش قاتارلىق گراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بىرخىل قوشۇمچە بولۇپ، بۇ خىل تۈرلەنگەن سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى قاتما شەكىلدە، سۆز ئورنىدا قوللىنىلغان ۋە ھەر زامان ئىسىملارغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا بۇ قوشۇمچىنى پېئىلدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە قاتارىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇ قوشۇمچە قوشۇلۇپ كەلگەن، كۆپرەك بىر سۆز ئورنىدا قوللىنىلغان سۆزلەر تۆۋەندىكىچە: abr—ïn—dï avrïndi (UI197) تاشلاندۇق (نەرسە). aq—ïn—bï (UI189) ئېقىندى، ئېقىن، سۇ. äk—in—di (UI189) ئېكىلگەن، تېرىلغان (ئۇرۇق). boğ—un—dï (UI587) دوۋساق، سۈيدۈكلۈك (ئىنسانلارنىڭ ئەمەس). tatï—n—di (UI586) تېتىملىق (سۈت). tam—ïn—di (UI587) تامغان (سۇ). süpür—(ü)n—di (UI641) سۈپۈرۈندى، ئەخلەت. sürü—n—di (UI586) سۈرۈندى، قوغلاندى. süz—ün—di (UI587) سۈزۈندى، سۈزۈلگەن. sï—dï näng (UI372) سۇنۇق، سۇنغان نەرسە. köm—ün—di (UI587) كۆمۈلگەن.

مەھمۇد كاشغەرى يۇقىرىدىكى قوشۇمچىلار ئۈستىدە توختالغاندا، پېئىل ئاخىرىغا «ندى ndi/ndi» قوشۇمچىسى قوشۇلسا، پېئىللارنىڭ ئىسىمغا ئايلىنىدۇ، بۇ ئىسىم «بىر نەرسىنىڭ ئېشىندىسى» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. . . بۇنىڭدىكى «دى dï/di» ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى، «ن» نىڭ مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىككىسى قوشۇلغاندىن كېيىن بۇلارنىڭ ئىسىم ياكى مەجھۇل دەرىجىدىكى سۈپەتداش بولىدىغانلىقىنى، بەزىدە ئۆزلۈك دەرىجىدىكى سۈپەتداشقا ئايلىنىپ، سۈپەت ئورنىدا قوللىنىلغانلىقىنى بايان قىلغان. «دىۋان»، 1 ـ توم، 587 ـ 588 ـ بەتلەر).

6) +°g/+°q/+°g/+°k: پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت نەتىجىسىنىڭ بەلگە ياكى خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. م: aç—uq (UI88) ئوچۇق. arta—q (UI161) ئارداق، بوزۇق، بۇزۇلغان. art—uç (UI128) ئارتۇق، ئوشۇق. ar—uq (UI89/90) ھارغىن، ھاردۇق، ئورۇق، جۇدەك. arï—ğ پاكىز: sartnïng azuqi arïğ bolsa yol üzä yer (UI90) سودىگەرنىڭ ئوزۇقى ئېرىق بولسا، يول ئۈستىدە يەر، سۈپەت شەكلى az—uq (UI90) ئازغان. bar—ïğ (UI481) سېسىق (پۇراق): sasï—ğ bar—ïğ (UI481) سېسىق، بىخسىغان. biç—ïq>piç—ïq>puçuq (UI489) پۇچۇق، كەمتۈك، كېسىلگەن، پۇچۇلغان. bälgü (UI557)+lü—k (UI499) بەلگىلىك. bädü—k (UI500) بۈيۈك، چوڭ. tüš—ük (UI503) چۈشكۈن، ھورۇن، لامزەللە. buz—uq (UI490) بۇزۇق. bol—uğ ھازىر، مول. qat—ïğ (UI485) قاتتىق. kävšäg (UI625) يۇمشاق. kävšäg ät (UI626) يۇمشاق گۆش.

**رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار:**

**سۈپەت ياكى ئورۇن ـ تەرتىپ ئىسىملىرىدىن رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار:**

7) +ti: بۇ قوشۇمچە سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۈپەتنىڭ رەۋىش شەكلىنى ياسايدۇ.

م: ädgü+ti ياخشىراق.

8) +ça/+ça : تەڭلەشتۇرمە كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن شەكىلداش. بۇ قوشۇمچە بەزى سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۈپەتلەرنىڭ رەۋىش شەكلىنى ياسايدۇ. م: ädgü+çä (bärgil) ياخشىراق هالدا (بار).

9) +d°n/+d°n : بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىم، ئورۇن تەرەپ ئىسىملىرى، سۈپەت ۋە ئالماشلارغا قوشۇلۇپ، شۇلارنىڭ رەۋىش شەكلىنى ياسايدۇ. م: oŋ+tün ئوڭ تەرەپ بىلەن. oŋ+dün(UI57) ئوڭ تەرەپ بىلەن. بۇرۇن: ol mändän öŋdün bardi ئۇ مەندىن ئاۋۋال كەتتى. sol+tin سول تەرەپ بىلەن.

10) +ra/+rä : بۇ قەدىمكى يۆنىلىش قوشۇمچىسىنىڭ بەزى ئورۇن تەرەپ ئىسىملىرىگە قوشۇلۇپ تۇراقلاشقان شەكىللىرى رەۋىش ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. م: iç+rä ئىچى.

11) +ğaru/+karu/+gärü/+kärü : بۇ قەدىمكى يۆنىلىش قوشۇمچىسى بولۇپ، بەزى ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرىغا قوشۇلغان شەكىللىرى رەۋىش ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. م: taš+karu تاشقىرى. iç+kärü ئىچى بىلەن.

12) +ğina/+kina/+ginä/+kinä>+ği(n)ya/+ki(n)yä/+gi(n)yä/+ki(n)yä : بۇ قوشۇمچە ئىسىم ۋە سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ ئىسىم ۋە سۈپەتنىڭ كىچىكلەتمە، ئاجىزلاتما، ئۇماقلاتما، ئابستراكتلاشتۇرما شەكىللىرىنى ياسىغان (ئىسىم ۋە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا قارالسۇن) دىن باشقا بەزى ئىسىملارغا، ئالماشلارغا قوشۇلۇپ، رەۋىش ياسايدۇ (م. ئەردال 47—56 بەتلەرگە قارالسۇن). م: amti+k(i)yä ئەمدىلا. anç̧a+k(i)ya ئاشۇنچىلا، ئەمدىلا. baya+k(i)ya بايىلا. tämin+k(i)ya دەرهال. una+k(i)yä مۇشۇ تاپتىلا، هامان. yağuru+kiya يېقىندىلا، بىرئاز ئاۋۋال.

13) +°1 : پېئىلنىڭ مەجهۇل دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن شەكىلداش. پېئىلدىن سۈپەت ۋە رەۋىش ياسايدىغان قوشۇمچە. م: *biç—>piç—>päç—äl(UI510) پىچىلغان، سۈننەت قىلىنغان، ئاختا قىلىنغان، bulnar meni ulas köz, kara mäŋiz kizil yüz, andin tamar tügäl tüz bulnap yana ol kaçar (UI82) ئۇۋلار مېنى خۇمار كۆز، قارا خاللىق قىزىل يۈز، تامار ئاندىن تۈگەل ئۈز، ئوۋلاپ يەنە ئۇ قاچار.

14) +°n : پېئىلنىڭ دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن شەكىلداش. بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىم، ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرى، سۈپەت ۋە ئالماشلارغا قوشۇلۇپ، شۇلارنىڭ رەۋىش شەكلىنى ياسايدۇ. م: tärk+in چاپسانراق، تېزراق. sol+tin سول تەرەپ بىلەن. öŋ+tün ئو تەرەپ بىلەن. üst+ün ئۈستۈن. yaz+in يازدا.

پېئىلدىن رەۋىش ياسايدىغان قوشۇمچىلار:

15) +a/+ä/+i/+i/+u/+ü : ئەسلى پېئىلنىڭ رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى بولۇپ، بەزى سۆزلەر مۇشۇ شەكىلدە تۇراقلىشىپ رەۋىشلەشكەن. م: am(i)r—u# (AYC109/7) تىنچىغان هالدا. ançula—yu شۇنداق هالدا (/y/ ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوشۇلىدىغان ياردەمچى تاۋۇش). är—ü är—ü بارا - بارا. tür—kar—u دائىم. tügä—

t—i تۇگەل، تۇگىتىپ. käç—ä كەچ.

16) +p: بۇ قوشۇمچە ئالماشلارغا قوشۇلۇپ، شۇلارنىڭ رەۋىش شەكلىنى ياسايدۇ. م: kop ھەممە، بارلىق. inçi—p< ?—inça شۇنداق قىلىپ (—inça شۇنىڭغا ئوخشىـ).

17) +tin′gü: بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارغا قوشۇلۇپ، شۇلارنىڭ رەۋىش شەكلىنى ياسايدۇ. م: är+tin′gü ناھايىتى.

18) +ra/+rä/+ru/+rü: پېئىلدىن رەۋىش ياسايدىغان قوشۇمچە. م: öt—rü كېيىن.

**بۇ ماقالىدا قوللىنىلغان مۇھىم ئىشارەتلەر ۋە قىسقارتىلمىلار:**

( ): بۇ تىرناق (1) ئەسلى تېكىستتە يېزىلمىغان، پەقەت ترانسكرىپسىيەدە ئاپتور ياكى بىز تەرەپتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يېزىلغان ھەرقانداق بىر سوزۇق تاۋۇش ياكى ئۈزۈك تاۋۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن (ta#/da#/tä#)dä# ؛ (2) نۆۋەتلەشتۈرۈپ قوللىنىشقا بولىدىغان ھەرقانداق بىر قوشۇمچىنى، سوزۇق تاۋۇش ياكى ئۈزۈك تاۋۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن (üg#/ük#/ig#/ik#/up#/uğ#/ig#/iğ#)ag# قاتارلىقلار؛ (3) يەشمىدە ئەسلى يېزىلمىغان، ئەمما راۋان بولۇش ياكى تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشنى نەزەردە تۇتۇپ قوشۇپ قويغان سۆز ـ ئىبارىلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدى.

O: بۇ قوشۇمچە ئۆزەككە قوشۇمچە قوشقان ۋاقىتتا، بىر مەنە ئىپادىلەيدىغان، ئەمما تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئۆزەكلەرگە ئوخشىمىغان سوزۇق تاۋۇشلارنى قوشۇشقا بولىدىغان ياكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئۆزەكلەردە چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولىدىغان ھەرقانداق بىر سوزۇق تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن، Oq+ قوشۇمچىسىدىكى «O» +äq، +oq، +uq قاتارلىق قوشۇمچىلاردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىرىنى ياكى ئۇنىڭ سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قالغان شەكلى q+ نى كۆرسىتىدۇ. Ok+ قوشۇمچىسىدىكى «O»، +ök، +ük قاتارلىق قوشۇمچىلار تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىرىنى ياكى سوزۇق تاۋۇش قوشۇلمىغان شەكلى k+ نى كۆرسىتىدۇ.

/: نۆۋەتلەشتۈرۈپ قوللىنىشقا بولىدىغان بىر تىپتىكى قوشۇمچە ياكى تاۋۇشلارنىڭ ۋارىيانتلىرىنى كۆرسىتىشتە قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىر سۆزگە مىسال قىلىپ بېرىلگەن ئىككىدىن ئارتۇق سۆز بىرىكمىلىرى، جۈملە، ماقال ـ تەمسىللەر ۋە شېئىر ـ قوشاقلارمۇ مۇشۇ يانتۇ سىزىق بىلەن ئايرىلدى.

+: سۆزنىڭ ئاخىرىدا كەلسە شۇ قوشۇلغان ئۆزەكنىڭ تورغۇن سۆز، يەنى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆز ئىكەنلىكىنى، قوشۇمچە ئايرىم يېزىلغاندا، قوشۇمچىنىڭ ئالدىدا كەلسە، شۇ قوشۇمچىنىڭ تورغۇن سۆز ياسىغۇچى ئىكەنلىكىنى، قوشۇمچىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، شۇ قوشۇمچىدىن كېيىنمۇ تورغۇن سۆز قوشۇمچىلىرىنى قوشۇشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

—: سۆزنىڭ ئاخىرىدا كەلسە شۇ قوشۇلغان ئۆزەكنىڭ پېئىل ئىكەنلىكىنى، قوشۇمچە

ئايرىم يېزىلغاندا، قوشۇمچىنىڭ ئالدىدا كەلسە، شۇ قوشۇمچىنىڭ پېئىل ياسىغۇچى ئىكەنلىكىنى، قوشۇمچىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، شۇ قوشۇمچىدىن كېيىنمۇ پېئىل قوشۇمچىلىرىنى قوشۇشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

#: كەينىدىكى قوشۇمچىنىڭ سۆز ياسىغۇچى ئەمەس، بەلكى تۇرغۇن سۆزلەرنى تۇرلىگۈچى قوشۇمچە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

$: كەينىدىكى قوشۇمچىنىڭ سۆز ياسىغۇچى ئەمەس، بەلكى پېئىلنىڭ تۇرلىگۈچى قوشۇمچە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

*: بىر تىلدىكى ياكى تۇغقان تىللاردىكى تىل پاكىتلىرىنى تارىخىي ياكى تۇرغۇن جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پەرەز - قىياس بىلەن جەزم قىلىنغان سۆز ئۆزەكلىرى، سۆز يىلتىزلىرى ياكى سۆز قۇرۇلمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

>: سۆزلەرنى ياكى قوشۇمچىلارنى ئېتىمولوگىيىلىك كېلىش مەنبەسى جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا dz دىن >y نىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

<: سۆزلەرنى ياكى قوشۇمچىلارنى ئېتىمولوگىيىلىك كېلىش مەنبەسى جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا y نىڭ <dz دىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ï: i تاۋۇشىغا نىسبەتلەشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئارقا سوزۇق تاۋۇش ۋارىيانتىنى كۆرسىتىدۇ.

ȫ: ئۆ تاۋۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ğ=gh: غ تاۋۇشنى كۆرسىتىدۇ.

q=kh: ق تاۋۇشنى كۆرسىتىدۇ.

š=sh: ش تاۋۇشنى كۆرسىتىدۇ.

Ŏ=dz: د تاۋۇشنى كۆرسىتىدۇ.

م. كاشغەرى: تۈركىي تىللار دىۋانى، 1 -، 2 -، 3 - توم.

U: مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى» DLTU نىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قىسقارتىلمىسى)، ئۇيغۇرچە (مەسىلەن «kas—ak (UI18» كېسەك» دېگەن مىسالدىكى «UI18» دېگەن قىسقارتىلما «مەھمۇد كاشغەرى: ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›، ئۇيغۇرچە، 1 - توم، 18» دېگەنگە تەڭ).

گابائىن: Kski Turkcenin Grameri

ت. تېكىن: A grammar of Orkhon Turkic

م. ئەردال: Old Turkic Word Formation

كلاۋسون: An Etymological Dictionary of Pre—thirteenth—Century Turkish

بۇ ماقالىدە پايدىلانغان ئاساسىي ماتېرىياللار:

تالات تېكىن (Talat Tekin)؛ A Grammar of Orkhon turkic، 1968 - يىلى، ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى.

خەمىت تۆمۈر: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى (مورفولوگىيە)، 1987 ـ يىلى، بېيجىڭ.

ك. مېنگىس (Karl H. Menges) The Turkic Languages and Peoples: Otto Harrassowitz. Wiesbaden An (Introduction to Turkic Studies)، 1968 ـ يىلى، گېرمانىيە.

كلاۋسون (Sir Gerard Clauson): an Pre — thirteenth — Century Turkish Etymological Dictionary of، Oxford، 1972 ـ يىلى.

耿世民，魏萃：古代突厥语文献选读语法，1978 ـ يىلى تۈزۈلگەن دەرسلىك.

耿世民：古代维吾尔诗歌选，1982 ـ يىلى، ئۈرۈمچى.

گېڭ شىمىن، ئابدۇرەشىت ياقۇپ: 鄂尔浑—叶尼塞碑铭语言研究، 1999 ـ يىلى، ئۈرۈمچى.

李增详：突厥语概论، 1992 ـ يىلى بېيجىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.

لى زېڭشياڭ، مۇھەممەتريھىم سايىت، جاۋ تېيبىشەن: 回鹘文文献语言志، 1999 ـ يىلى، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.

مارسەل ئەردال (Marcel Erdal): Old Turkic Word Formation، OttO Harrassowitz Wiesbaden، 1991 ـ يىلى.

مەھمەت ئاقالىن (Mehmet Akalin): Tarihi Turk Siveleri، Ankara، 1988 ـ يىلى، ئەنقەرە.

مەھمەت ئاقالىن: Eski Turkcenin Grameri، A Von Gabain، 1988 ـ يىلى، ئەنقەرە.

مەھمۇد كاشغەرى: تۈركىي تىللار دىۋانى (ئۇيغۇرچە نەشرى)، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى.

بېسىم ئاتالاي تۈزگەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىندېكسى: (Divanu Lughat—it—turk Dizini)، 1972 ـ يىلى، ئەنقەرە.

مۇھەررەم ئەرگىن (Muherrem Ergin): Turk Dili، Istanbul، 1988 ـ يىلى، ئىستانبۇل.

ئىسرائىل يۈسۈپ، ئابدۇقەييۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرى نەشرگە تەييارلىغان: مايتىرى سىمىت، 1988 ـ يىلى، ئۈرۈمچى.

ر. ر. ئارات (R. R. Arat) تۈزگەن: «قۇتادغۇبىلىك» ئىندېكسى، Kutadghu Bilig (Dizini)، 1979 ـ يىلى، ئىستانبۇل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: قۇتادغۇبىلىك (نەزمىي يەشمىسى) 1984 ـ يىلى، بېيجىڭ.

(مۇھەممەتريھىم سايىت: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، پروفېسسور)

# «رەڭلىك ئېلىپبە» ئۈچۈن «خەلقئارا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى» ئالغانلىقنىڭ سىرى ھەققىدە مۇلاھىزە

غەنىزات غەيۇرانى

ئۆزىنى ئىلىم ئەھلى دەپ ھېسابلايدىغان ھەربىر كىشى ئىلىمگە ئىنتايىن ئەستايىدىل، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىشى؛ بۇ ئىشتا ھەرخىل يوللار بىلەن ساختا شۆھرەت قوغلاشماسلىقى؛ خەقنىڭ جۈۋىسىدا تەرلىمەسلىكى؛ يالغان دوكلات بىلەن يوقىرىنى ئالدىماسلىقى؛ ئۆزىنىڭ تىرىقتەك نەتىجىسىنى تۆگىدەك كۆرسىتىپ، ماختىنىش ئارزۇسىدا بولماسلىقى؛ ئەگەر ئاز ـ تولا نەتىجە قازانغان بولسا، ئۇنى خەلقنىڭ باھالىشىغا تاپشۇرۇشى كېرەك. مەن بۇ ئاددىي ماقالەمدە مۇشۇ پرىنسىپقا خىلاپ ھالدا ئىگە بولغان بىر «شان ـ شەرەپ» ھەققىدىكى مۇلاھىزەمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ باھالىشىغا سۇنماقچىمەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تارىخىي پاكىتلارنى مەنتىقىي تەپەككۇر بىلەن تەھلىل قىلىپ، ئادىل ھۆكۈم قىلىشىغا ئىشىنىمەن.

2001 ـ يىلى «مائارىپچى، تىلشۇناس، شائىر، ئۇستاز مۇھەررىر ئابدۇسالام توختى كەپەندى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 2 ـ سانى مۇقاۋىسىنىڭ 2 ـ بېتىگە بېرىلگەن ئابدۇسالام توختىنىڭ سۈرىتى ئاستىدىكى بېغىشلىمىدىن) گە «رەڭلىك ئېلىپبە» ئۈچۈن «خەلقئارا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى» بېرىلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەلىتىلىك ھېس قىلدىم ھەم دەسلەپ زادىلا ئىشەنمىدىم. چۈنكى نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى، ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن يېزىق تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇردەك بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى ئىزچىل داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان، ئازاتلىقتىن كېيىنمۇ باشقىلار تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، ئۇدا نەچچە يىل نەشر قىلىنىش بىلەن ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلغان ئېلىپبە دەرسلىكىگە رەڭ بەرگەنلىكتەك ئاددىي بىر ئىشنىڭ «دۇنياۋى كەشپىيات» ھېسابلىنىپ، خەلقئارا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى مېنىڭچە زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. كېيىن مەن بۇ ئىشنىڭ راستلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ يەردە مەلۇم بىر ئىمتىيازنىڭ پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى بىلەن ئوينىلىۋاتقان قانداقتۇر بىر ئالدامچىلىق ئويۇنىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، مائارىپ نەشرىياتى رەھبەرلىكىگە ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر ئېلىپبە دەرسلىكى، جۈملىدىن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ قانچىنچى يىلى، قايسى ئورۇن ۋە كىملەرنىڭ رەھبەرلىكىدە قەيەردە، كىم تەرىپىدىن تۈزۈلگەنلىكى؛ ئۇ دەرسلىكلەرنىڭ 1953 ـ، 1954 ـ ۋە 1955 ـ يىللىرى داۋاملىق نەشر قىلىنىپ، مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلغانلىقى ھەققىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى يېزىپ، بۇنىڭغا 1984 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى يېزىپ بەرگەن ئىسپاتنى ھەم 1954 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئېلىپبە» نىڭ كۆپەيتىلگەن بىرنەچچە بېتىنى قوشۇپ تاپشۇردۇم. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مائارىپ نەشرىياتىنىڭ باشلىقى «ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئىشتا قانداقتۇر بىر مەسىلە باردەك قىلىدۇ، بىز بۇنى ئوبدانراق تەكشۈرمىسەك بولمىغۇدەك، بۇ ئىشتىن بىزنى خەۋەرلەندۈرگەنلىكىڭىز ياخشى بولدى ...» دەپ مېنى يولغا سالدى. ئەمما ئۇزۇن

ئۆتمەي مائارىپ نەشرىياتى نۇرغۇن زىيالىيلارنى يىغىپ، بۇ «تۆھپىكار»نىڭ ئالتۇن مېدالىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىگەنلىك خەۋىرى تارقالدى. بۇنى ئاڭلاپ مۇشۇ دەۋردىمۇ نومۇسسىزلارچە قىلىنىۋاتقان ئالدامچىلىقنىڭ «تۆھپە» دەپ قارىلىپ، ئەپرەتلىنىشنىڭ ئورنىغا داغدۇغىلىق تەبرىكلىنىۋاتقانلىقىنى زادىلا قوبۇل قىلالمىدىم. دەرھال قولۇمغا قەلەم ئېلىپ مۇشۇ ماقالىنى يېزىشقا كىرىشتىم. بىرقانچە قۇر يازغاندىن كېيىن غايىبتىن بىر ئاۋاز ماڭا «سەبرە قىل، ساختىپەزلىك هامان بىر كۈن ئاشكارىلىنىپ، خەلق ئالدىدا رەسۋا بولىدۇ. سەن هازىر بۇ ماقالىنى يازساڭ ئەھۋالدىن خەۋىرى يوق كىشىلەر سېنى كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇقتا ئەيىبلەپ، كەيپىياتىڭنى بۇزىدۇ، هازىرچە ئۆزۈڭنى بېسىۋال» دەپ قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە سۆزلەپ تۇرۇۋاتقاندەك مېنى يېزىشتىن توختاتتى. ئەمما «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 2 - سانىغا «قاۋسىلقان قامىجان» نامىدا بېسىلغان «شەرەپ قۇچقان تۆھپىكار» (دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئابدۇسالام توختى توغرىسىدا) دېگەن ماقالىنى كۆرۈپ قالدىم. ماقالىدە «يېقىندا (جۇڭگو مەدەنىيتى ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخسلەر بىرلەشمىسى، خەلقئارا مەشھۇر شەخسلەر مېھرى - شەپقەت فوندى جەمئىيىتى ۋە دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلارنى تەكشۈرۈپ باھالاش كومىتېتى) قاتارلىق تۆت ئورۇن جەم بولۇپ، خەلقئارادىكى 3000 نەپەر ئىلىم - پەن خادىمىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ باھالاپ چىقتى، ھەممە نەتىجىگە ئېرىشكەن ئەسەرلەرگە ئايرىم - ئايرىم هالدا دەرىجىسىگە قاراپ ئالتۇن مۇكاپات، كۈمۈش مۇكاپات، مىس مۇكاپات تارقاتتى. شۇ قاتاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن يولداش ئابدۇسالام توختىنىڭ (رەڭلىك ئېلىپبە) ناملىق ئەسىرىمۇ ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، رايونىمىزدىكى مائارىپ سېپىدىكى، پەن - تەتقىقات ۋە نەشرىيات ساھەسىدىكى ھەر مىللەت ئىلىم - پەن خادىملىرى ئۈچۈن ئەڭ خۇشاللىق ۋە ئالەمشۇمۇل شان - شەرەپ ئېلىپ كەلدى» دەپ يېزىلغان. ئاتالمىش ماقالىنى ئوقۇپ ھەقىقەتەن قاتتىق ئوغام قايىندى. چۈنكى مېنىڭچە بۇ «ئالتۇن مۇكاپات» ئۇيغۇر خەلقىگە كەلتۈرگەن شان - شەرەپ ئەمەس، ئەكسىچە ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يىگىرمە ئەسىرگە يېقىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يېزىق تارىخىنى ئىنكار قىلىش ھەم ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا قىلىنغان ئېغىر هاقارەت ئىدى. شۇڭا مەن بەزى كىشىلەرنىڭ نېمە دېيىشىدىن، قانداق باھالىشىدىن قەتئىينەزەر شۆھرەتپەرەسلەر تەرىپىدىن هاقارەتلەنگەن مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاپ قېلىشتا رولى بولار، دېگەن مەقسەتتە بۇ ماقالىنى يازدىم.

تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى مۇساپىسىدە بىرقانچە خىل يېزىق ئىشلەتكەن. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ «ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپ (مىلادىيىنىڭ باشلىرىدا) بىرىنچى قېتىم سوغدى يېزىقىنى قوللانغان بولۇپ، تەخمىنەن بەش ئەسىر داۋام قىلغان» دېگەن قارىشىنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، مىلادىيە V ئەسىردىن VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە «تۈرك - رونىك يېزىقى» («ئۇرقۇن - يېنسەي يېزىقى» ۋە «دوربالجىن يېزىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى، VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XIV ئەسىرگىچە سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن. بۇ يېزىق شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق يېزىقى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغاندىن باشقا موڭغۇل ۋە مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق يارىتىشىغا ئاساس بولۇش بىلەن بىللە شەرقتە XVI ئەسىرگىچە داۋاملاشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com

يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى ۋە X ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتۈن قاراخانىيلار زېمىنىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىشكە باشلاپ، XIV ئەسىرگىچە داۋاملاشتى. XIV ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى چاغاتاي يېزىقىنى ئىشلەتتى. بۇ يېزىق XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە 600 يىلغا يېقىن داۋاملاشتى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە چاغاتاي يېزىقى قاتارلىقلار ئېلىپبەلىك يېزىق بولغانلىقتىن ساۋاد چىقىرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئېلىپبە دەرسلىكىنىڭ تۈزۈلۈشى لازىم، ئەلۋەتتە. بۇ توغرۇلۇق تۈرك تارىخچىسى كوپۇرۇلۇزادە پۇئات «تۈرك تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە « XI ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى (ئۇيغۇر تىلى) ۋە ئۇيغۇر ئېلىپبەسى غەربىي ئىران ۋە ئىراق ساھەلىرىگىچە تارالغان» دەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلۇغ بوۋىمىز، ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» مۇ ئېلىپبە بويىچە تۈزۈلگەن.

بىز ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ XX ئەسىردىن بۇرۇنقى تارىخى ھەققىدە شۇنچىلىك دەپ تۇرۇپ، XX ئەسىردىكى ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈرك، تاتار ۋە ئۆزبېك قاتارلىق قېرىنداش خەلقلەردە يۈكسىلىۋاتقان يېڭى مائارىپنىڭ تەسىرىدە شىنجاڭدىمۇ پەننىي مەكتەپلەر ئېچىلىشقا باشلىدى. جۈملىدىن ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى، ئاتۇش، تۇرپان، چۆچەك قاتارلىق شەھەرلەردە پەننىي مەكتەپلەر ئېچىلدى. بولۇپمۇ 1933 ـ يىلىدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيە، رايون (يېزا) لاردىمۇ باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ۋىلايەت ھەم شەھەرلەردە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئېچىلىپ يېڭى مائارىپ ئومۇملىششقا قاراپ يۈزلەندى. جۈملىدىن 1934 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى رەسمىي قۇرۇلدى. دەرسلىكلەر تەسىس قىلىنىپ، گېزىت ـ ژۇرناللار نەشر قىلىندى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1936 ـ يىلدىن 1939 ـ يىلغىچە ھاشىم گۆھەرباقى، مەرۇپ سەئىدى، ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى قاتارلىقلار سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەخسۇس ھەرپ بەلگىلەنمىگەن، پەقەت ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۈچۈن: ا ب ت ث ج چ خ د ر ز س ش ص ض ط ظ ع غ ف ق ك گ نك م ن ۋ ھ ى ھەرپلىرى ئىشلىتىلىپ، شۇ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۈستى ياكى ئاستىغا ھەرخىل بەلگىلەر، مەسىلەن: ھەرپنىڭ ئۈستىگە «ـَ» (زەۋەر ياكى پەتھە) قويۇلسا «ئە» دەپ ، ئاستىغا «ـِ» (زىر ياكى كەسرە) قويۇلسا «ئى» دەپ، ئۈستىگە «ـُ» (پىش ياكى زەممە) قويۇلسا ئۇيغۇر تىلىدىكى لەۋلەشكەن تۆت سوزۇق تاۋۇش «ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ دەپ»، « ا » (ئەلىپ) ئۈستىگە «~» (مەد) قويۇلسا سۆز بېشىدا «ئا» دەپ ئوقۇلىدىغان، شۇنىڭدەك ھەرپنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، شۇ ھەرپنىڭ بوغۇم ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان « ° » (سۇكۇن)، ئۈزۈك تاۋۇشنى تەكرارلاپ ئوقۇش ئۈچۈن شۇ ھەرپنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان «ـّ» (تەشدىد) . رەۋىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن شۇ ھەرپنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان «ـً» (قوش زەۋەر)، مەخسۇس ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ شۇ سۆز بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەندە بىر خىل، بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە بىر خىل ئوقۇلىدىغان « ء » (ھەمزە) گە ئوخشاش بەلگىلىرى بار چاغاتاي يېزىقىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ماس، كىشىلەر ئاسان ئۆگىنىپ، راۋان يازالايدىغان، توغرا ئوقۇيالايدىغان يېزىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قايتا ـ قايتا ئىسلاھاتلار ئېلىپ باردى. جۈملىدىن ھاشىم گۆھەر باقى 1936 ـ يىلى مەلۇم دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ «ئېلىپبە دەرسلىكى» نى، 1946 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرىنچى يىللىقى ئۈچۈن «ئېلىپبە دەرسلىكى» نى تۈزدى. 1948 ـ يىلى ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى تۈزگەن ئۇيغۇر

تىلىنىڭ «ئېلىپبە» ھەم «ئىملا قائىدىسى» شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋە 1949 -
يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى . ئۇيغۇر يېزىقى
ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ خىل ئىسلاھاتلاردا «چاغاتاي يېزىقى» دىكى ھەرپلەرنىڭ ئاستى -
ئۈستىگە قويۇلىدىغان بەلگىلەر ئېلىپ تاشلىنىپ، يېزىق ئۇيغۇر جانلىق تىلىغا قەدەممۇ قەدەم
يېقىنلاشتۇرۇلدى. ئۇيغۇر يېزىقىدا ئاشۇ خىل ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن سابىق
قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالماتا شەھىرىدە تۈزۈلگەن «ئېلىپبە، ھېساب، ئوقۇش كىتا-
بى، تەبىئەت» قاتارلىق دەرسلىكلەر 1949 - يىلدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەتتە، ئازاتلىقتىن
كېيىن تاكى 53 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلدى.
ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق
خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا «ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق تەتقىقات خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى» تەسىس
قىلدى. بۇ ھەيئەت تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى
ئىپادىلەش ئۈچۈن زۆرۈرىيىتى يوق، پەقەت ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنى
يېزىشقا قوللىنىلىدىغان ھەم كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىگىلىشى قىيىن بولغان سەككىز ھەرپ
(ث ح ع ذ ص ض ط ظ) نى ئېلىپبەدىن چىقىرىپ تاشلىدى. بۇ ھەيئەت 1954 - يىلى
3 - ئاينىڭ 17- 18- كۈنلىرى ئېچىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى
يىغىنىدا «ئا ب پ ت د ئە ج چ ھ خ ئو (ئو ئۇ) س ش ر ز ژ ۋ ئۆ (ئۆ ئۈ) ف ق
ن ئې ئى ي غ گ ل م ڭ» لەردىن تەشكىل تاپقان 30 ھەرپلىك ئېلىپبە جەدۋىلىنى بېكىتتى.
بۇ ئېلىپبە جەدۋىلىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1954 - يىلى 4 - ئاينىڭ
23 - كۈنى 21 - قېتىملىق يىغىن ئېچىپ تەستىقلىدى ھەم شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 1 -
كۈنىدىن ئېتىبارەن پۈتۈن شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 1983- يىلى
كونا يېزىق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى
ھەرپ (ئۆ، ئو) قوشۇلۇپ ھازىرقى سەككىز سوزۇق تاۋۇش ھەرپى ۋە 24 ئۈزۈك تاۋۇش
ھەرپىدىن تەشكىل تاپقان 32 ھەرپلىك ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى مۇقىملاشتى.

بىز ئەمدى بىر قەدەم كەينىمىزگە يېنىپ، ئازاتلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ
مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكلىرى، جۈملىدىن «ئېلىپبە دەرسلىكى» نىڭ تۈزۈلۈش مەسىلىسىگە
كەلسەك، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن 1952 - يىلى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قارمىقىدا دەرسلىك بۆلۈمى قۇرۇلدى. بۇ بۆلۈمنىڭ ئۇيغۇر گۇرۇپ-
پىسىغا مېنى سابىق ئۆلكىلىك ئىككىنچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان يېرى-
دىن يۆتكەپ كېلىپ، ماڭا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى سىناق رېتىدە تۈزۈش
ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. مەن ئالدى بىلەن ئالماتادا تۈزۈلگەن ئېلىپبەگە ئاساسەن يەرلىك
ماتېرىياللارنى قوشۇپ ، 1950 - يىلى بېكىتىلگەن ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە «ئۇيغۇر
باشلانغۇچ مەكتەپلىرى ئۈچۈن ئېلىپبە دەرسلىكى» نى تۈزدۈم. بۇ دەرسلىك شىنجاڭ ئۆلكى-
لىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەسئەت ئىسھاقوۋنىڭ بىۋاسىتە رەھبەر-
لىكىدە تەشكىللەنگەن «دەرسلىكلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتى» نىڭ بېكىتىشىدىن
ئۆتۈپ، شۇ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى ھەم 1953 - يىلى
9 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى بارلىق ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە دەرسلىك قىلىپ
قوللىنىلدى. ئېلىپبەدىن كېيىن ئاشۇ ئۇسۇل بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىل دەرسى،
ئوقۇش كىتابى، تەبىئەت قاتارلىق دەرسلىكلىرىنىمۇ تۈزدۈم. بۇ دەرسلىكلەرمۇ تەكشۈرۈش-

تىن ئۆتۈپ 1953 ـ 1954 ـ يىللىرى نەشر قىلىندى. يەنە مەن قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرىدىن ئايشەم شەمىيېۋا، ئىمىساخان جەلىلىۋالەر تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» دېگەن كىتابلاردىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن «ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» (فونېتىكا، مورفولوگىيە قىسمى) نى تۈزدۈم. داۋۇت تۆرەخمەتوۋ سىنتاكسىس قىسمىنى تۈزدى. ئالىم ئاخۇن ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن ئوقۇش كىتابىنى تۈزدى. بۇ دەرسلىكلەرمۇ نەشر قىلىنىپ مەكتەپلەردە قوللىنىلدى. بۇ ئەمەلىيەت رەھبەرلىكتە «ئەمدى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە قازاقىستاندا تۈزۈلگەن دەرسلىكلەرنى ئوقۇتۇش ئىشىغا خاتىمە بېرىپ، ئۆزىمىزدە تۈزۈلگەن دەرسلىكلەرنى قوللانساق بولىدىكەن» دېگەن تونۇشنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى دەرسلىك بۆلۈمىنىڭ ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىغا ئىسلامجان ئابدۇللا، ئابدۇللا ياقۇپ، ئەھەت شاكىر، تۇرسۇن مۇھەممەت پەخرىدىن قاتارلىق يولداشلارنى يۆتكەپ كېلىپ، مېنى شۇ گۇرۇپپىغا مەسئۇل قىلدى. بىز 1954 ـ 1955 ـ يىللىرى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى تولۇقلاپ داۋاملىق ئىشلىدۇق. نەتىجىدە بۇ ئىشلار شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە قازاقىستاندا تۈزۈلگەن دەرسلىكلەرنى ئوقۇتۇش ئىشىغا خاتىمە بېرىپ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالدى.

1955 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر تىلشۇناسى سىردېچېنكو سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىق ئىشلىرىنى ھەل قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ دوكلات بېرىش ئۈچۈن بېيجىڭگە كەلدى. مەن 1955 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شۇ دوكلاتنى ئاڭلاش ئۈچۈن تۆت ئۇيغۇر، بىر قازاق، بىر موڭغۇلنى باشلاپ بېيجىڭگە كەتتىم. مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئۇ دوكلات بېرىلمەي مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى تەكشۈرۈش ئىشى باشلىنىپ كەتتى. بىزمۇ تىل تەكشۈرۈشكە قاتناشتۇق. كېيىن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئېچىلغان تىلشۇناسلىق شىنجاڭ سىنىپىغا ئوقۇشقا كەتتىم. شۇنداق قىلىپ مەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى دەرسلىك بۆلۈمىدىن ئايرىلدىم. مەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى دەرسلىك بۆلۈمىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يەنى 1956 ـ يىلى ئابدۇسالام توختى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى دەرسلىك بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلگەنىكەن. نەشرىياتتا، بولۇپمۇ مائارىپ نەشرىياتىدا ئىشلىگەن كىشىلەرگە مەلۇمكى، دەرسلىكلەر ھەر يىلى بىر قېتىم نەشر قىلىنىدۇ. ھەر قېتىملىق نەشردە مەلۇم دەرسلىكلەردە ھەر خىل سەۋەبلەردىن قىسمەن ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. شۇڭا ھەربىر دەرسلىككە مەسئۇل ئادەم بەلگىلىنىدۇ. شۇ ئادەم شۇ دەرسلىكنىڭ نەشر قىلىنىش جەريانىدىكى ھەممە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغانلىقتىن شۇ دەرسلىكنى تۈزگۈچى ياكى تەرجىمە قىلغۇچى بولۇپ دەرسلىككە ئىسمى يېزىلىدۇ. شۇ جۈملىدىن ئابدۇسالام توختىمۇ خىزمەت تەقسىماتى بويىچە ئېلىپبە دەرسلىكىنىڭ ئۈستىگە ئىسمىنى يېزىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان.

دېمەك، ئۇيغۇر يېزىقى ھەم ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرۈيدىغان ئېلىپبە دەرسلىكى ئۈستىدە يۇقىرىدا دېيىلگەندەك ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلغاندا مەزكۇر «شەرەپ قۇچقان تۆھپىكار» پۈتۈن ئۆمرىدە ئىككى يىلدەك دارىلمۇئەللىمىنگە مۇئەللىم بولغان «مائارىپچى»، تىل تەتقىقاتى ساھەسىدە تەييار ئېلىپبەگە رەڭ بەرگەنلىكتىن باشقا ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلغۇدەك بىرەر پارچە ماقالىسى يوق «تىلشۇناس» نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەن، نېمىلەرنى ئىسلاھ قىلى-

غان، قايسى ھەرپلەرنى قوشۇپ، قايسى ھەرپلەرنى ئېلىپ تاشلىغان، ھېچ بولمىغاندا قايسى
چېكىتلەرنى ئۆزگەرتكەن بولغىيدى؟ «شەرەپ قوچقان تۆھپىكار» دېگەن ماقالىنىڭ 13 -
ئابزاسىدا «ئابدۇسالام توختى ئېلىپبەدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئانا دەرسلىكنى ئەسلىدە 1956 -
يىلى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئابدۇسالام توختىنىڭ ھېلىقى خەلقئارا
جەمئىيەتلەرگە «ئۇيغۇر ئېلىپبە دەرسلىكىنى 1956 - يىلى بىرىنچى قېتىم مەن تۈزگەن» دەپ
ئۆزىنى ئۆزى تونۇشتۇرغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئېلىپبەسى
مېنىڭ كەشپىياتىم دېگەن مەنىدىكى تونۇشتۇرۇشى، ھەتتا قايتا - قايتا تونۇشتۇرۇشى «دۇنيا
ئىلىم - پەن ئىشلىرىنى باھالاش كومىتېتى» قاتارلىق تۆت ئورۇندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنى-
يەت ۋە يېزىق تارىخىدىن قىلچە خەۋىرى يوق باھالىغۇچىلاردا (ئەگەر ئۇ باھالىغۇچىلارنىڭ
ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە يېزىق تارىخىدىن ئازراق خەۋىرى بولغان بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇن
نەچچە ئەسىرلىك يېزىق تارىخىنى ئىنكار قىلىش رولىنى ئوينايدىغان ئۇ مۇكاپاتنى بەرمىگەن
بولاتتى) بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى يوق ئىكەن، بۇ كىشى ئۇلارغا يېزىق ئىجاد
قىلىپ بېرىپ، 1956 - يىلى بىرىنچى قېتىم ئېلىپبە دەرسىنى تۈزگەن، ئاندىن 1991 - يىلى
ئۇنى رەڭلىك قىلغان، دېگەندەك خاتا ئۇقۇمنى پەيدا قىلغان، نەتىجىدە ئۇ ئورۇنلار ئەمدىلا
مائارىپ قەدىمىنى باسقان «مەدەنىيەتسىز ئۇيغۇر خەلقى» گە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش يۈزىسى-
دىن بۇ «تۆھپىكار» نىڭ «رەڭلىك ئېلىپبە» سىگە خەلقئارادىكى مەشھۇر 3000 نەپەر ئىلىم
- پەن خادىملىرىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى ئىچىدىن تاللاپ ئالتۇن مىدال مۇكاپاتى بەرگەن.
ئەگەر ئابدۇسالام توختى دېگەندەك ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى 1956 - يىلى بىرىنچى قېتىم
ئابدۇسالام توختى تۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا ئېلىپبە بولمىغان
بولسا، ئۇنداقتا ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا كۆرسىتىشىچە 1940 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپكە
كىرگەن بۇ «تۆھپىكار» نېمىدە ساۋادىنى چىقارغان بولغىيدى؟ ياكى كائىنات ۋە ئىنسانىيەت
پەيدا بولغاندىن كېيىن كۆرۈلۈپ باقمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ كۆرۈلۈشى مۇمكىن
بولمايدىغان بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ ئانىسىدىن ساۋادلىق تۇغۇلغان بولغىيمىدى؟

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەپ ئۆتۈش زۆرۈر دەپ قارايمەن. 1980 -
يىلى مېنىڭ خىزمىتىم ئەسلىگە كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىغا
ئورۇنلاشتىم. مەن تىل - يېزىق كومىتېتىغا ئورۇنلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي 1950 - يىللاردى-
كى ئۇيغۇرچە دەرسلىكلەر ئىچىدىن تولۇق خەۋىرى بار بىر كىشى ماڭا ئابدۇسالام توختىنىڭ
مەن نەشرىياتتىن ئايرىلغان، بولۇپمۇ خىزمەت قىلىش سالاھىيىتىم ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن
ئۇيغۇرچە ئېلىپبەنى 1956 - يىلى بىرىنچى بولۇپ مەن تۈزگەن، بۇ مېنىڭ كەشپىياتىم
دەپ يۈرگەنلىكىنى، تەرجىمىھال، ئانكىتلىرىغىمۇ شۇنداق دەپ يېزىپ كەلگەنلىكىنى، ئازراق
ھوقۇقققا ئېرىشكەندىن كېيىن بۇنى تېخىمۇ جەزىملەشتۈرۈپ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەردى-
مۇ شۇنداق چۈشەنچە پەيدا قىلغانلىقىنى، شۇڭا مېنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى مائارىپ نەشرىياتى
ۋە مائارىپ نازارىتى رەھبەرلىكىگە چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇمنىڭ لازىملىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇ
كىشىگە «1953 - 1955 - يىللىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا مەن بىلەن بىللە ئىشلىگەن،
بۇ ئىشنى بەش قولدەك بىلىدىغان، جەمئىيەتكە ئوبدانلا تونۇشلۇق ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇۋەلى
خەلپەت، تۇردى سامساق، رەھمىتۇللا جارى، باھار رەھىمى، ئىبراھىم ئەھمىدى، تۇرسۇن
مۇھەممەت پەخرىدىن، مەھمۇد زەيدى قاتارلىق يولداشلار ئۇ كىشى بىلەن بىر شەھەر، ھەتتا
بىر كوچىدا ياشاۋاتقان تۇرۇپ خىجىل بولماي شۇنداق دەپ يۈرگەن بولسا دەۋەرسۇن. دۇنيادا
ئاشكارىلانمايدىغان سىر يوق. بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، مەسىلە بەرىبىر ئايدىڭلىشىدۇ. ئۇنىڭ

ئۈستىگە بۇ تالاشقۇدەك ئالاھىدە كەشپىيات، چوڭ بىر تۆھپە ئەمەس» دېگەنىدىم. مانا ئەمدى بۇ «تۆھپىكار» نىڭ «ئېلىپبەدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئانا دەرسلىكنى 1956 - يىلى مەن تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان» دەپ يۇرۇشىدىكى مۇددىئاسى ئاشكارا بولدى. ئەگەر ئۇ ئۇيغۇر ئېلىپبە دەرسلىكىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى، يەنى ئۇزۇن يىللاردىن بىرى داۋاملىق تۈزۈلۈپ ئىشلىتىلىۋاتقان تەييار ئېلىپبەگە رەڭ بەرگەنلىكىنى ھېلىقى خەلقئارا تۆت تەشكىلاتقا ئەينەن مەلۇم قىلغان بولسا، ئۇ تەشكىلاتلار ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپمۇ بۇ ئالتۇن مىدال مۇكاپاتىنى بەرگەن بولسا، ئۇنداقتا بىرىنچىدىن، خەلقئارادىكى مەشھۇر 3000 نەپەر ئىلمىي خادىمنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىمۇ تايىنلىقلا بىر نىمىلەر بولۇپ چىقىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ مۇكاپاتنى بەرگۈچى تەشكىلاتنىڭ خادىملىرى تېخىمۇ ئاددىي، بەلكى ئىلمىي ئەسەر، كەشپىيات دېگەنلەرنى مۇتلەق چۈشەنمەيدىغان ساۋادسىز كىشىلەر توپى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ مۇكاپاتنىڭ كەينىدە قانداقتۇر بىر ئويۇن (ھىيلە - مىكىر، ئالدامچىلىق) نىڭ بارلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى مۇنداق بىر ئەمەلىيەت بىلەنمۇ ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىر قېتىملىق غۇنچىلار پروگراممىسىدا ئابدۇسالام توختىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ھالدا مۇنداق بىر كۆرۈنۈش بېرىلگەن. (مەن بۇ كۆرۈنۈشنىڭ چوقۇم ئابدۇسالام توختىنىڭ قاتتىق تەلىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىغا گۇمان قىلمايمەن) كۆرۈنۈشتە پروگراممىا رىياسەتچىسى بالىلاردىن: «ئۇيغۇر ئېلىپبە دەرسلىكىنى بىرىنچى قېتىم كىم تۈزگەن؟» دەپ سورايدۇ. بالىلار: «ئابدۇسالام توختى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە دائىم بىللە يۇرۇيدىغان ئېلىپبە دەرسلىكىنىڭ ئەمەلىيىتى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن بۇ كۆرۈنۈشنى «تۆھپىكار» ئابدۇسالام توختى كۆرگەندە نومۇستىن ۋاقىدە يېرىلىپ كەتمەي، ئەكسىچە غالىپلاردەك مەغرۇر قىياپەتتە گېدىيىپ ئولتۇرغىنى (تەسەۋۋۇر) زادى ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ. بۇ ئەمەلىيەت يۇقىرىدىكى پىكىرنى دەلىللەش بىلەن بىللە بۇ «شەرەپ قۇچقان تۆھپىكار» نىڭ ساختا شۆھرەت ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتىن يانماسلىقتەك «ئېسىل خىسلىتى» نىمۇ چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، دۇنيادا ئىلىم - پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ھەممە ساھەدە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئاجايىپ مۆجىزىلەر يارىتىلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق سان - ساناقسىز مۆجىزىلەر يارىتىلىۋاتقان شارائىتتا تەييار ئېلىپبەگە رەڭ بەرگەنلىكتەك ئاددىي بىر ئىشقا خەلقئارالىق ئالتۇن مىدال مۇكاپاتى بېرىلسە، بىز ئاڭلاپ ھەم كۆرۈپ كېلىۋاتقان بۇ ئاجايىپ مۆجىزە ئىگىلىرىگە ئالتۇن ئوردا، بەلكى ئالتۇن شەھەر بەرسىمۇ ئازلىق قىلمامدۇ؟ شۇنداق بولىدىغان بولسا دۇنيانىڭ ئالتۇن زاپىسى ئاللىقاچان تۈگەپ، دۇنيا بانكىلىرى خېلى بۇرۇنلا ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇنغا قەرزدار بولۇپ قالغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەييار ئېلىپبەگە رەڭ بەرگەنلىكى «دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان» لىق دېيىش دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا قىلىنغان چىدىغۇسىز ھاقارەت ئەمەسمۇ؟

قىزىق يېرى شۇكى، ماقالە ئاپتورى ماقالىنىڭ ماۋزۇسىنى «شەرەپ قۇچقان تۆھپىكار» دەپ قويغان. قارىغاندا ئاپتور «شەرەپ» ، «تۆھپە» ، «تۆھپىكار» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى مۇتلەق چۈشەنمەيدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا مىللىتىمىز ئىچىدىن چىققان ئىككى نەپەر ياش كەشپىياتچى تۆھپىكار ھەققىدە ئازراق توختىلىش ئارقىلىق ماقالە ئاپتورىغا «شەرەپ، تۆھپە، تۆھپىكار» سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

بۇلارنىڭ بىرى ھازىر بېيجىڭدىكى يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئورنىدا

ئىشلەۋاتقان فىزىكا پەنلىرى دوكتورى، ئۇيغۇر قىزى ساھىبجامال دۆلەت خانىم. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا چىن شۆشۇن ئەپەندى يازغان «ساھىبجامال ۋە مۇۋەپپەقىيەت يولى» سەرلەۋھىلىك بىر ماقالە ئېلان قىلىنىدى. ماقالە ئۇيغۇر ئايال ساھىبجامال دۆلەت خانىمنىڭ 2000 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇستتا فىزىكا پەنلىرى بويىچە ياقلىغان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ دۇنيا ۋە جۇڭگودىكى بىرقانچە مەشھۇر فىزىكا ئالىملىرىنىڭ يۇقىرى باھاسى بىلەن بىردەك ماقۇللانغانلىقى ھەققىدە يېزىلغان. بېيجىڭ ۋە گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۇزۇن يىل فىزىكا ئۆگەنگەن، فىزىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى، نېمىس تىلى قاتارلىق تىللارنى ئۆز ئانا تىلىدەك پىششىق بىلىدىغان بۇ ئۇيغۇر قىزى دۇنيادا نورغۇن مەشھۇر فىزىكا ئالىملىرى يىگىرمە نەچچە يىل تەتقىق قىلغان بولسىمۇ بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغان نەزەرىيە فىزىكىسىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر مەسىلىنى ھەل قىلىپ، دۇنيا فىزىكا ئالىملىرىنى ھەيران قالدۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن، ماقالىدە «نەزەرىيە فىزىكىسى ئەڭ قىيىن تېما ھېسابلىنىدۇ. نەزەرىيە فىزىكىسىدىكى گىپوتېنوزا نەزەرىيىسى ۋە ئۇنى ئىستاتىستىكا فىزىكىسىدا قوللىنىشنىڭ ئۆزىمۇ ئاجايىپ جەلپكار تېمىلاردىن، ئەلۋەتتە. يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان دۇنيادىكى نۇرغۇن نەزەرىيە فىزىكىسى تەتقىقات گۇرۇپپىلىرى ئۇنى تەتقىق قىلىپ باقتى. لېكىن ئۇلار ئۇنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغانىدى. بىراق قەيسەر ئىرادىلىك ئۇيغۇر قىزى ساھىبجامال بۇننىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارغاندىن كېيىن بۇ تېمىنى ئاخىر بىر باشقا ئېلىپ چىقالىدى. ساھىبجامالنىڭ يۈكسەك ئابستراكتلاشقان نەزەرىيە فىزىكىسى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن بۇ نەتىجىسى ئۇيغۇر تارىخىدىكى يېڭى بىر يۇلتۇز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىدىمۇ كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ» دەپ يېزىلغان.

ئىككىنچىسى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دورىگەرلىك ئىنستىتۇتىنىڭ باش مۇدىرى، ياپونىيىدە بەش يىل ئوقۇپ تىببىي دورىگەرلىك پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، خەنزۇ تىلى، ياپون تىلى، ئىنگلىز تىلىنى ئۆز ئانا تىلىدەك بىلىدىغان ئۇيغۇر قىزى رەنا قاسىم. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2004 ـ يىللىق 8 ـ مارت سانىدا بۇ دوكتور قىز توغرىسىدا «سىز تولۇق نومۇرغا ئېرىشتىڭىز» ماۋزۇلۇق ماقالە بېسىلدى. ماقالىدا رەنا قاسىمنىڭ دۇنيادىكى خەلقئارا ژۇرناللاردا ئۆز كەسپىگە دائىر سەككىز پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ بەش پارچىسى خەلقئارا نوپۇزلۇق پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسال پاتولوگىيە قورالى ـ («نوبېل مۇكاپاتى»غا ئېرىشكۈچىلەرنى ئۇلارنىڭ مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىغا قاراپ تاللايدىغان) SCI گە كىرگۈزۈلگەنلىكى قاتارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رەنا قاسىم 1997 ـ يىلى دانىس (چۆل ئائىلىسىدىكى بىر تۈر) نىڭ تەركىبىدىكى ئىككى خىل يېڭى بىرىكمە ماددىنى بايقاپ ۋە ئاجرىتىپ ئېلىپ دۇنيا دورىگەرلىك ساھەسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. 1997 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە ئۆزى بايقىغان ۋە ئاجرىتىپ ئالغان بۇ ئىككى خىل بىرىكمىنىڭ ئالدوس فېرمېنتىنىڭ قايتىلىنىشىنى تورمۇزلاش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىپ دۇنيا دورىگەرلىك ساھەسىدىكى يەنە بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.»

مانا بۇلار ھەقىقىي كەشپىيات، ھەقىقىي تۆھپە، مانا مۇشۇنداق تۆھپە ۋە ئۇنى ياراتقان كىشىلەر مىللەتكە، جەمئىيەتكە «ئالەمشۇمۇل شان ـ شەرەپ» ئېلىپ كېلەلەيدۇ. مانا بۇلارنى مىللىتىمىزگە نىسبەتەن «ئالەمشۇمۇل شان ـ شەرەپ» دېسە دەل جايىغا چۈشكەن

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. مۇشۇنداق تۆھپىلەرنىڭ ئالدىدا تەييار ئېلىپبەگە رەڭ بەرگەنلىكنى «ئالەمشۇمۇل
شان ـ شەرەپ»، «تۆھپە»، ئۇ «رەڭچى»نى «تۆھپىكار» دېيىش نېمە دېگەن بىمەنىلىك.
ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئالەمشۇمۇل» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: «خەلقئارا ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەھمىـ
يىتى ئىنتايىن زور» دېگەن بولۇپ، خەلقئاردا باشقىلارمۇ پايدىلىنىدىغان، شۇلارغىمۇ ئېھتىـ
ياجلىق (خۇددى ساھىپجامال دۆلەت خانىم ۋە رەنا قاسىملارنىڭ كەشپىياتىغا ئوخشاش)
بولۇشى كېرەك. تەييار ئۇيغۇر ئېلىپبەسىگە رەڭ بېرىش خەلقئارادا كىمگە لازىم ئىكەن؟
ئابدۇسالام توختىنىڭ «رەڭلىك ئېلىپبەسى»گە ئالتۇن مىدال مۇكاپاتى بەرگەن ھېلىقى
جەمئىيەتلەر بۇلاردىن خەۋەر تاپسا بۇ تۆھپىكارلارغا نېمىلەرنى مۇكاپات بېرەر؟ ئابدۇسالام
توختىغا بەرگەن ئالتۇن مىدال ئۆلچىمى بويىچە مۇكاپاتلاشقا توغرا كەلگەندە ئۇلارغا بېرىلىدىـ
غان ئالتۇننى جىڭلاشقا گىر تېپىلارمۇ؟

«شۇنىڭدىن ئېتىبارەن» دەپ داۋاملىشىدۇ «شەرەپ قۇچقان تۆھپىكار» دېگەن ماقالە،
«تاكى ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ ئېلىپبەنى سەككىز قېتىم ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن
بولۇپ، ھەر يىلى ئاز بولغاندا 150 مىڭ تىراژ، كۆپ بولغاندا 340 مىڭ تىراژ بېسىلغان.
ئەمدى يىلىغا 340 مىڭ تىراژ بېسىلغان دېسەك، ئۇ 44 يىلدا جەمئىي 10 مىليون 780
مىڭ[1] نەپەر ياش ئەۋلادنى ساۋاتلىق قىلىپ يېتىشتۈرگەن قىممەتلىك قوللانما بولۇپ قالغان.
ئۇ 1991 ـ يىلى رەڭلىك قىلىپ قايتا تۈزۈلگەندىن كېيىن ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي
ئۈنۈمى تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى. 1991 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ ھەربىر نۇسخىسى 60 . 4 يۈەندىن
سېتىلغان بولۇپ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا سېتىلغان ئومۇمىي سوممىسى بىر مىليون
107 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. بۇنىڭدىن تارقىتىش ھەققى، قەغەز، باسما ھەققى قاتارلىقلار ئۈچۈن
550 مىڭ يۈەننى چىقىرىۋەتكەندىمۇ ھەر يىلىغا 552 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم كىرگۈزۈلگەن.
يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن ‹رەڭلىك ئېلىپبە›نىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىجتىمائىي ۋە
ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس». بۇنىڭدىن قارىغاندا ئابدۇسالام
توختى 1956 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا كېلىشتىن بۇرۇن تۈزۈلۈپ ئۇدا ئۈچ يىل
نەشر قىلىنغان «ئېلىپبە» ۋە باشقا دەرسلىكلەر سېتىلماي كېرەكسىز قەغەزلەرنى يىغىۋالىدىـ
غانلارغا بېرىۋېتىلگەنمۇ؟ دەرسلىكلەر ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكـ
تەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى بويىچە ھەر يىلى نەشر قىلىنىدۇ. «ئابدۇسالام توختىنىڭ
ئېلىپبەسى» قانداق «ئۈنۈم» ياراتقان بولسا، باشقا دەرسلىكلەرمۇ شۇنداقلا ئۈنۈم يارىتىدۇ.
چۈنكى، ئوقۇغۇچىلار «ئېلىپبە»گە قانداق ئېھتىياجلىق بولسا، باشقا دەرسلىكلەرگىمۇ
شۇنداقلا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى سارائىمۇ بىلىدۇغۇ؟ ئەمدى «ئابدۇسالام توختى ‹تۈزۈپ
نەشر قىلدۇرغان ئېلىپبە›نىڭ 44 يىلدا جەمئىي 10 مىليون 780 مىڭ ياش ئەۋلادنى
ساۋادلىق قىلىپ يېتىشتۈرگەن قىممەتلىك قوللانما» ئىكەنلىكىگە كەلسەك، ئاپتونوم رايونـ
مىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 44 يىلدىن (1956 ـ يىلدىن) بۇرۇنقى نوپۇسى ھەم «شىنجاڭ
تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى
ئۇيغۇرلار 8 مىليون 692 مىڭ» دەپ ئېلان قىلىنغان ساننى ئابدۇسالام توختىنىڭ ئېلىپبەسىدە
ساۋادىنى چىقارغان 10 مىليون 780 مىڭ نەپەر ياش بىلەن باغلاپ بىرەر مەنتىقىي خۇلاسە
چىقىرالىغۇدەك بىرەر ستاتىستىكا مۇتەخەسسىسى چىقارمۇ؟

① ماقالىدە 340 مىڭ تىراژنى 44 يىلغا كۆپەيتسە 14 مىليون 960 مىڭ بولىدىغانلىقىنىمۇ توغرا ھېسابلىيالماي، 10 مىليون 780 مىڭ دەپ يېزىلغان.

«شەرەپ قوغلىغان تۆھپىكار» دېگەن ماقالىدە يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەندەك داغدۇغىلىق يۈتى، مەنتىقىسىز، گرامماتىكىلىق باغلىنىشى ساغلام بولمىغان جۈملىلەر ۋە ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان مەزمۇنلار تولۇپ يېتىپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋاقىت ئىسراپچىلىقى بولۇشتىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى ئەخمەقلىقنى ئىپادىلەپ قويىدۇ. شۇڭا ماقالە ھەققىدە شۇنچىلىك دېگىنىمىزمۇ يېتىدۇ.

مەن ئابدۇسالام توختىنىڭ «ئالتۇن مىدال مۇكاپاتى» غا ئىچىم تارلىق، ھەسەتخورلۇق قىلىپ ياكى ئۇ «شان - شەرەپ» نى تالىشىپ بۇ ماقالىنى يېزىۋاتقىنىم يوق. چۈنكى، بىرىنچىدىن، باشتا دېيىلگەندەك ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرى ئۈچۈن بۇرۇندىن تارتىپ تۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان «ئېلىپبە» گە بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈپ قايتا تۈزۈش ھېچقانداق كەشپىيات، تۆھپە ئەمەس، خەلقئارا ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكۈدەك نەتىجە تېخىمۇ ئەمەس. ئىككىنچىدىن، ئەگەر ئۇنى ئالىي مەكتەپ ساۋادىغا ئىگە ھەرقانداق ئادەمگە تاپشۇرسا، شۇ ئادەم بۇرۇنقى ئېلىپبە ئاساسىدا ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ قىلالايدىغان ئىش. مېنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشىم ئۆزۈندىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەتتىكى بىر ئىشنىڭ يالغان مەلۇماتلار ئارقىلىق مۇھىم كەشپىيات سۈپىتىدە خەلقئارا ئىلىم - پەن بازىرىدا سېتىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخى، جۈملىدىن يېزىق تارىخىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قىلىنغان ھاقارەت رولىنى ئويناۋاتقانلىقىغا ئەپسۇسلانغانلىقىم، توغرىسى سەسكەنگەنلىكىمدىن بولدى. مەن بۇ مەسىلىدە ئابدۇسالام توختىغا قىرىق نەچچە يىل يول قويدۇم. بۇنىڭدىن دەسلەپكى يىگىرمە يىلغا يېقىن يول قويۇش ئۇ چاغلاردا مەن ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ، ئابدۇسالام توختى بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئىمكانىيىتىمنىڭ يوقلۇقىدىن بولغان بولسا، كېيىنكى يىگىرمە نەچچە يىللىق يول قويۇش ئۆزىنى ئىلىم ئەھلى، زىيالىي دەپ يۈرگەن بۇ كىشى ئۆزىنى بىلىۋالار، ئازراق بولسىمۇ خىجىللىق ھېس قىلار، دېگەنلىكتىن بولدى. ئەمما بۇ كىشى ئۇنىڭ ئەكسىچە بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ بۇ دەرىجىگە يەتتى. شۇڭا مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

دېمەكچى بولغىنىم، يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىلغان خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ھەققىدە كىم، نېمىلەرنى دەپ مەلۇمات يوللىدى؟ بۇ مەلۇماتلار ئۇلاردا قانداق چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلدى؟ ئۇلار قايسى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن دۇنيادىكى 3000 نەپەر ئىلمىي خادىمنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدىن تاللاپ «رەڭلىك ئېلىپبە» گە خەلقئارا ئالتۇن مىدال مۇكاپاتى بەردى؟ ... قاتارلىق كىشىلەر چۈشىنىشكە تەقەززا بولۇۋاتقان مەسىلىلەر تەپسىلىي تەكشۈرۈلۈپ، بۇ ھەقتىكى سىر ئاشكارىلىنىشى كېرەك. بولمىسا ئىلمىي ئىشتا يالغان دوكلات بىلەن مۇناسىۋەتلىك يۇقىرى ئورۇنلارنى ئالداپ ساختا شۆھرەت قازىنىشتەك ئىلمىي ئەخلاقتا رەزىل قىلمىشلار يامراپ كېتىپ، ئىلمىي كەشپىياتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق كومىتېتىدا، كاندىدات تەتقىقاتچى)

# «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەر[1]

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

## بسم‌الله الرحمن الرحيم

### ئېھساننىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

ئىسلام دىنى ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساندىن ئىبارەت ئۈچ ئىش ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئەگەر ئىمان — ئاللاھقا دىلدا ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش، تىلدا ئۇنىڭغا ئىقرار قىلىش دېيىلسە، ئېھساننى ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئىماننى ئىسپاتلاش ۋە ئىسلامنى جارى قىلدۇرۇش، دەپ قاراشقا بولىدۇ. دېمەك، ئىمان ۋە ئىسلام ئېھسان ئارقىلىق ئىجرا بولىدۇ ۋە تاكامۇللىشىدۇ. شۇڭا ئېھساننى بىز يالغۇز ئەخلاق نۇقتىسىدىن چۈشىنىپ قالماي بەلكى ئۇنى ئەقىدىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ چوڭ تارمىقى، دەپ قارايمىز. «قۇرئان كەرىم» دە ئىمان بىلەن ئېھسان يانمۇ ـ يان تەكىتلىنىپ كېلىدۇ. يەنى «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار»[2] دېگەندىكى «ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار» دېگەن ئىبارە كەلگ مەنىدىكى ئېھساننى كۆرسىتىدۇ. روشەنكى، ئېھساننىڭ ئىجراسى مۆمىننىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەم ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئارقىلىق زاھىر بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە ئاللاھ ئېھسان قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ»[3]. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تەلەپ قىلىۋاتقان مەزمۇن تار مەنىدىكى «ياخشىلىق قىلىش» مەنىسىدە بولماستىن بەلكى ئۇ ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئېھساننىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئېھسان دېگەن سەن گويا ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر. سەن ئۇنى كۆرەلمەيسەن، لېكىن ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.»[4] ئىبادەت دېگەن ئېھسان ئارقىلىق ئورۇندىلىنىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋاھالەنكى، ئاللاھ بەندىسىنىڭ قۇرۇق ئىبادىتىدىن بىھاجەتتۇر. شۇڭا ئاللاھ ئىماننى ئېھسان بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ يوللىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇندق دېدى: «سىلەرنىڭ كۈن چىققان، كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشىڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىيش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە (پۇل مېلىدىن ئايرىلىپ ئۇزۇلۇپ قالغان مۇساپىر-

---

① بېشى 2004 ـ يىللىق 5 ـ ساندا.
② قۇرئان كەرىم، 2 ـ سۈرە بەقەر، 25 ـ ئايەت.
③ قۇرئان كەرىم، 2 ـ سۈرە بەقەر، 195 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ بۇخارا رىۋايەت قىلغان.

لارغا) سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل - مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىكتە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلغان) ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.»[1] يۇقىرىقى ئايەتتە ئېھسان يەنى ياخشى ئەمەلنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كونكرېت بايان قىلىنغان. «كۈن چىققان، كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشىڭلار» دېگەن تەكىت قۇرۇق ئىبادەتكىلا تەمەننا قويىدىغان كىشىلەرگە قارىتىلىدۇ. ئىماندا راستچىل ئادەملەردىن ۋە تەقۋادار ئادەملەردىن بولۇش ئۈچۈن ئاللاھ كۆرسەتكەن يۇقىرىقى ياخشى ئەمەللەرنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ مەقسىتى. ئىسلام دىنىنىڭ بەرپا قىلىنىشىدىكى ھېكمەتكە نەزەر سالغىنىمىزدىمۇ ئۇ ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت رەھمىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئاللاھ ئىنساننى ياراتقاندىن بۇيان ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ھەق دەۋەتكە ئەۋەتىشى، «تەۋرات»، «زەبۇر»، «ئىنجىل» ۋە «قۇرئان كەرىم» نىڭ نازىل قىلىنىشى ئىنسانلارنى ئاللاھنى تونۇش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادىكى بەخت - سائادەتتىن خۇش خەۋەر بېرىش، ئازاب - ئوقۇبەتتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

ئاللاھ ئەڭ بۈيۈك، تەڭداشسىز ئېھسان ئىگىسىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ كاتتا رەھمىتى ئارقىلىق پۈتۈن ئىنسانلارغا ۋە جان جانىۋارلارغا چەكسىز ماددى ۋە مەنىۋى نېمەت داستىخىنىنى يايغاندۇر. ئۇنىڭدىن بارلىق جانلىقلار ئۆزىگە تېگىشلىك رىزقىنى تېپىپ يەيدۇ. ئاللاھنىڭ ياخشىلىقىغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش بەندىلەرنىڭ قەرزىدۇر. بۇ يەنە بىر مەنىدە ئاللاھنىڭ چەكسىز رەھمىتىگە شۈكۈر قىلغانلىقتۇر.

بەندە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە قانداق جاۋاب قايتۇرىدۇ، شۈكرىنى قانداق بەجا كەلتۈرىدۇ؟ بەندە ھەرگىزمۇ ئاللاھ بەرگەننىڭ باراۋىرىدە جاۋاب قايتۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ. ئاللاھمۇ بەندىنىڭ ياخشىلىق قايتۇرۇشىدىن بىھاجەتتۇر. چۈنكى ئۇ بارلىق ياخشىلىق ۋە نېمەتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسىدۇر: «ئى ئىنسانلار ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھدىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟»[2] مەلۇم بولدىكى، ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ھېچقانداق ياراتقۇچى يوق، شۇڭا ياراتقۇچىنى ۋە ياراتقۇچىنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنى ياد ئېتىش، ئاللاھ ياخشىلىق قىلغاندەك كىشىلەرمۇ بىر - بىرىگە ياخشىلىق قىلىش ئاللاھنى رازى قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ياخشىلىق قىلىشى ئۇلارنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرسە، ئۆزئارا يامانلىق قىلىشى ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش، ئۆزئارا ياردەم قىلىش، تۇرمۇشتا ئۇچرىغان ئېغىرچىلىقلارنى تەڭ تارتىشتەك مەنپەئەت مۇناسىۋىتى قارار تاپسا، شۇنداق بىر گۈزەل دۇنيا بارلىققا كېلىدۇكى، ئېزىش - ئېزىلىش، ئېكسپىلاتاتسىيە بولمە-

[1] قۇرئان كەرىم، 2 - سۈرە بەقەرە، 177 - ئايەت.
[2] قۇرئان كەرىم، 35 - سۈرە فاتىر، 3 - ئايەت

www.uyghurkitap.com

غان، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدىغان، ياخشىلىق قىلىشنى بەخت، هوزۇر هېسابلايدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلالايدىغان، يامانلىققا باتۇرلارچە قارشى تۇرالايدىغان، يامانلىق قىلىشتىن هايا قىلىدىغان، بىر - بىرىگە كۆيۈنىدىغان مېهىر - مۇهەببەتلىك جەمئىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

ئاللاھ زېمىندا ياخشىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش، يامانلىقتىن توسۇش ۋە گۈزەل ئىنسانىيەت دۇنياسىنى بەرپا قىلىشتەك زور مەسئۇلىيەتنى ئەڭ ياخشى ئۈممەتلەرنىڭ ئورۇنلىشىشىغا تاپشۇرغان: «(ئى مۇهەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر»[1]. بۇ مۆمىنلەرگە بېرىلگەن نېمە دېگەن چوڭ ئىمتىياز، نېمە دېگەن بۈيۈك مەسئۇلىيەت. ئاللاھ مۇهەممەدنىڭ ئۈممىتىنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان، قەبىھ ئىشلاردىن توسۇشنى ئىرادە قىلغان ئىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىنلەر باشقا ئىنسانلاردىن ھەممە تەرەپتە يۇقىرى تۇرۇشى كېرەك بولىدۇ. ئۆزلىرىنى ھەقىقى مۆمىنلەرگە خاس سۈپەت بىلەن قوراللاندۇرالىغاندىلا، ئاندىن يۇقىرىقى مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. بۇنداق روھى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كېرەك.

## ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئېھساننىڭ يوللىرى چەكسىز

ئىسلام دىنى مۆمىنلەرگە بۇيرىغان ياخشى ئەمەللەر دېگەندە، ئۇ مۆمىنلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتىرىدىغان، روھىنى پاكلاپ ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان بارلىق دىنىي پائالىيەتلەر، بارلىق ياخشى ئىشلار ۋە ياخشى ھەرىكەتلەر، ياخشى نىيەت، ياخشى سۆز ۋە ياخشى مۇئامىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھنىڭ يولىدا جېنىنى پىدا قىلىشتىن تارتىپ، يولدا ئۇچرىغان كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزىدىغان تىكەن چاغلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشلىۋېتىشكىچە، مۆمىن قېرىندىشىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىشتىن، مۆمىن قېرىندىشىغا ئوچۇق چىراي بىلەن بېقىشقىچە ئىشلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلىققا كىرىدۇ. رەسۇلۇللا شۇنداق دېگەن: «قېرىندىشىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي ئۇچراشقىنىڭدەك ئىش بولسىمۇ، ياخشىلىقتىن ھېچ نەرسىنى كىچىك سانىمىغىن»[2]. ئىسلام دىنىدا ھەر بىر ئادەمنى قۇربىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ. ھەتتا ياخشىلىق قولىدىن كەلمىسە، يامانلىق قىلماسلىقنىمۇ ياخشىلىق ھېسابلايدۇ. زېمىندا ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ قۇدرەتلىك ئادەم شاھلار ھېسابلىنىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەدل - ئادالەت بىلەن ئەلنى خاتىرجەملىككە، باياشاتلىققا ئېرىشتۇرۇش، زۇلۇمنى تۈگىتىپ، ئادالەت ئورنىتىش مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. ئەگەر بۇ مەسئۇلىيەت ئادا قىلىنمىسا، ئاللاھنىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا شاھلارنىڭ بىر سائەتلىك ئادالىتى پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئىبادىتىدىنمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، ئادالەت يولىدا قەتئىي

---

① قۇرئان كەرىم، 3 - سۈرە ئال ئىمران، 110 - ئايەت.
② بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

بولۇش، زوراۋانلىقنى چەكلەش ئۈچۈن جان پىدا قىلىش بارلىق مۆمىنلەردىن تەلەپ قىلىنغان ئەڭ كاتتا ئېھساندۇر.

ئادالەتكە ئېرىشىش، تۇرمۇشتا باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ئېرىشىش، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ھەربىر ئادەمنىڭ ئالىي تۇرمۇش ئىستەكلىرىدىن بىرىدۇر. شۇڭا ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ئۈچۈن بولغان پىداكارلىق بولۇپ، ئۇ شەخسىي مەنپەئەت تەمەسىدىن خالىي بولغان خالىس ئەمەل بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنى رازى قىلىدىغان ئېھسانلارنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ ھەممە ئادەمنى زېمىندىكى ھوقۇق - ئىمتىيازدا باراۋەر ياراتتى. بىراق مۇشتۇمزور، زوراۋان كۈچلەر ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن زوراۋانلىق، ئۆكتەملىك بىلەن ئاجىز كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى تارتىۋېلىپ ئۇلارغا ئېغىر زۇلۇم كىشەنلىرىنى سالىدۇ. «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئىي قىلىدىغان بىر جامائەت بولسۇن، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىدۇر.»① دېمەك، ئاللاھ كۆرسەتكەن «مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەر» دېگەندە بۇ دۇنيادا ھەم ئۇ دۇنيادا نىجاتلىققا ئېرىشىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىككى دۇنيالىق مەقسەتكە قانداق يول بىلەن ئېرىشىش مۇمكىن؟ كىشىلەرنى خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان بۇ ئىش ئېغىزدا دەپ قويۇش بىلەنلا ئورۇنلىنىپ كەتمەيدۇ. بەلكى ياخشى ئىشلارنى قەتئىي قوغداش، يامانلىقنىڭ ھامىيلىرى بولغان زوراۋان كۈچلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. ھەقىقىي مۆمىن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بولغان كۈرەشتە ھەرگىزمۇ ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە چىن ئىمان ئېيتقان كامىل مۆمىن ئۈچۈن ئۆلۈم يوقتۇر؛ يەنە بىرى، ئادەمگە ھاياتلىقنى ئاللاھنىڭ بەرگەنلىكى، بۇ ھاياتنىڭ يەنىلا ئاللاھقا ئامانەت ئىكەنلىكىگە ھاياتلىق ۋە ماماتلىقنىڭ تەقدىر ئەزەلدە بېكىتىلگەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ. ئەجەل كەلسە ھەرقانچە مۇستەھكەم قەلئەمۇ، قاتمۇ - قات ساۋۇت - دوبۇلغىلارنىڭمۇ توسۇپ بولالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئەجىلى توشمىغان بولسا، يالىڭاچ بەدەنگە قىلىچ ئۇرسىمۇ ئۆلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۆلۈم ۋەھىمىسى ھەقىقىي مۆمىننى قورقۇتۇپ بولالمايدۇ. دېمەك مۆمىنلەر ئۈچۈن سېخىلىقنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش يولىدا جان پىدا قىلىشتا ئىككىلەنمەسلىكتۇر. ئاللاھتىن ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇشقا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق كۈچ مۆمىنلەرنى قورقىتالمايدۇ: «ئەنە شۇ شەيتان ئۆز دوستلىرىنى (يەنى كوففارلارنى) قورقىتىدۇ. ئەگەر مۆمىن بولساڭلار ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار.»② ئاللاھتىن قورقماي باشقىلاردىن، رەزىل، قەبىھ كۈچلەردىن قورققان ئادەم مۆمىنلىك سالاھىيىتىنى ئاللىقاچان يوقاتقان ئادەمدۇر.

ئېھساننىڭ يەنە بىر خاسىيىتى شۇكى، مۇسۇلمانلارنى باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن بىلىشكە، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىيىنى ئالدى بىلەن جېنىدىن كەچمەك بولسا، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ

---

① قۇرئان كەرىم، 3 - سۈرە ئال ئىمران، 104 - ئايەت.
② قۇرئان كەرىم، 3 - سۈرە ئىمران، 175 - ئايەت.

www.uyghurkitap.com

مەنپەئەتتىن كەچمەكتۇر. ھەقىقى مۆمىنلەرلا باشقا مۆمىن قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتتىن كېچەلەيدۇ. شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، ئۆزىنىڭ كۆمىچىگە چوغ تارتىش ھەقىقىي مۆمىنىنىڭ ئەخلاقى ئەمەس. ئاللاھ ئۆز دەۋرىدىكى ئەنسارلار-نى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار ئۆزى مۇھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»[1]بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىغا مۇنداق بىر ۋەقە سەۋەب بولغان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر ئادەم كېلىپ «مەن خاپىلىق تارتىپ قالدىم» دېدى. رەسۇلۇللا خوتۇنلىرى قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ، «يەيدىغان بىر نەرسە بولسا ئېلىپ كەل» دېگەن ئىدى، ئەۋەتكەن ئادەم ئۇ يەردىن بىر نەرسە تاپالماي كەلدى. رەسۇلۇللا ئەتراپىدىكىلەرگە «بۇ ئادەمنى بۈگۈن كېچە مېھمان قىلىپ تويغۇزۇپ قويىدىغان كىشى بارمۇ؟ ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە رەھىم قىلسۇن» دېگەن ئىدى. ئەبۇ تەلھە ئىسىملىك ساھابە: «ئى رەسۇلۇللا مەن مېھمان قىلاي» دېدى. ئۇ كىشى مېھماننى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ ئايالىغا: «رەسۇلۇللانىڭ مېھمىنىغا ھۆرمەت قىلغىن!» دېدى. ئايالى: «بالىلىرىمغا يېگۈزگىچىلىك بىر نەرسە بار، ئوشۇق بىر نەرسە يوق» دېدى. ئەبۇ تەلھە ئايالىغا: «بالىلىرىم تاماق تەلەپ قىلسا، بىر ئامال قىلىپ ئۇخلۇتۇڭ، بار تاماقنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپ، چىراقنى ئۆچۈرۈڭ. بىزنىڭ يېمەي ئولتۇرغىنىمىزنى مېھمان كۆرمىسۇن. مېھمان ئۈچۈن بىزمۇ بۇ ئاخشام تاماق يېمەي ئۆتكۈزەيلى» دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى ئۇلار رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا كەلگەندە رەسۇلۇللا: «ئاللاھ ئەبۇتەلھە بىلەن ئايالىنىڭ قىلغان ئىشىدىن خۇرسەن بولۇپ ئايەت چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ، يۇقىرىقى ئايەتنى ئوقۇدى. يۇقىرىقى ئايەت ئاللاھنىڭ ساخاۋەتلىك، مېھماندوست ئەنسارلارنىڭ ئۆزى مۇھتاج تۇرسىمۇ، باشقىلارنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ ئاچ قېلىشىغا رازى بولغانلىقىدەك ئالىي پەزىلىتىنىڭ نەمۇنىسىنى يارىتالىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ئىدى.

مۆمىنلەرگە نىسبەتەن مۆمىن قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئىتى ھەرقانداق مال - دۇنيانىڭ مۇھەببىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۆزى ئاچ بولسىمۇ ئۆزىدە بارى - يوق بىر نانىنىمۇ باشقا مۇھتاجلارغا بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ. مالىك مۇنداق بىر ئىشنى رىۋايەت قىلغان: بىر مىسكىن ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) دىن نەرسە تىلىگەن، ئائىشە روزا تۇتقان بولۇپ، ئۆيىدە بىر ناندىن باشقا يېگۈدەك نەرسە يوق ئىدى. ئائىشە ئىككىلەنمەستىن خىزمەتچىگە ناننى ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇغان. يەنە بىر مىسال: مۇزەيفەتىل ئەدەۋى مۇنداق دېگەن: «يەرمۇك كۈنىدە[2]دە تاغامنىڭ ئوغلىنى ئىزدىدىم. مەندە ئازراق سۇ بار ئىدى. مەن ئۆزۈمگە: ئۇنىڭ جېنى بولسا ئۇنىڭغا سۇ بېرىپ، يۈزىنى سىلاي، دېدىم. تويۇقسىز ئۇنى تاپتىم ۋە ساڭا سۇ بېرەي دېدىم. ئۇ ماقۇللۇق ئىشارىتىنى بىلدۈردى. شۇ ھازادا بىر ئادەم ﴿ۋاي﴾ دەپ ئىڭرىۋىدى. تاغامنىڭ ئوغلى، سۇنى ئۇنىڭ قېشىغا ئاپار دەپ ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭ

---

① قۇرئان كەرىم، 59 - سۈرە ھەشر، 9 - ئايەت.
② يەرمۇك كۈنى — ئىسلامىيەتتىكى يەرمۇك غازىتى كۈنىنى كۆرسىتىدۇ.

قېشىغا بارسام، ئۇ ھىشام ئىبنى ئاس ئىكەن. ساڭا سۇ بېرەي دېدىم. ئۇ يەنە بىرەيلەننىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ سۇنى ئۇنىڭ قېشىغا ئاپىرىشىمنى ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭ قېشىغا بارسام ئۇ ۋاپات بولۇپتۇ. ھىشامنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەندە ئۇمۇ ۋاپات بولغان ئىكەن. جىيەنىمنىڭ قېشىغا كەلسەم ئۇمۇ ۋاپات تاپقان ئىكەن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە رەھمەت قىلسۇن». [1] دېمەك ئۆزى ئەڭ مۇھتاج ئەھۋالدا تۇرغاندا، باشقىلارنىڭ مۇھتاجلىقىنى ئۆزىنىڭ مۇھتاجلىقىدىن ئۈستۈن بىلىش ئەڭ كاتتا ئەخلاقىي پەزىلەت ئەمەسمۇ؟ ئىسلام تارىخىدا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئىسلام دىنىنىڭ مۆمىنلەرنىڭ قەلبىگە سالغان مېھرى - مۇھەببىتىنى تەرىپلەپ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: «بىزگە شۇنداق بىر زامان كەلدىكى، بۇ زاماننىڭ ئادەملىرى ئۆزىنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈشىنى ئۆز مەنپەئىتىگە ئىشلىتىشتىن كۆرە، مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ مەنپەئىتىگە ئىشلىتىشنى ھەقلىق كۆرىدۇ.» [2]

كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىش، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىدىن ۋاز كېچىشكە تەييار تۇرۇش جەمئىيەتكە، مۆمىن قېرىنداشلىرىغا مەسئۇل بولۇش قاتارلىقلارمۇ ئىسلام دىنى تەرغىب قىلىدىغان ئېسىل ئەخلاقىي تەلەپلەرنىڭ بىرىدۇر.

بۇ خىل پەزىلەت تەلىپى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن ياكى مۇناسىۋەتلىك بولمىسۇن، ئۆز ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ھەق ئىشلارنى قوللاش، يامان، ناچار قىلمىشلارنى ئۇچراتقاندا ئۇنى چەكلەشكە جۈرئەتلىك بولۇش، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش قاتارلىق مەسئۇلىيەتلەر ئىجراسىدا ئورۇنلىنىدۇ.

كىشىلەر تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ياخشى ۋە يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر ئادەمنىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ناتايىن. بىراق جەمئىيەتتە ياخشىلىق ئەۋج ئالسۇن ياكى يامانلىق ئەۋج ئالسۇن، ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ مەنپەئىتىگە چوقۇم بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرىسا، شەخسنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر يەتكۈزىدۇ. مەسىلەن: جەمئىيەتتە پارىخورلۇق ئەۋج ئالسا، «پىشىق ئاشنى خېمىغا ياندۇرىدۇ» (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)، ھەق ئىشلار قارىلىنىپ، يامان ئىشلارغا يول ئېچىلىدۇ. جەمئىيەتتە ناھەقچىلىق، بۇزۇقچىلىق، باشقىلارنىڭ رىزقىغا توپا چېچىش كۆپىيىپ كەتسە، شۇ جەمئىيەتتىكى ھەقلىق كىشىگە زىيان سالىدۇ، پۇرسەتپەرەسلەرگە شارائىت يارىتىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا مەسئۇلىيەتچانلىقنى ياخشى ئەخلاق دەپ قۇۋۋەتلەيدۇ، مەسئۇلىيەتسىزلىكنى يامان ئالىدۇ. چۈنكى ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ بىر - بىرىگە مەسئۇل بولۇشىنى، جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇشىنى، مىللەتكە مەسئۇل بولۇشىنى، دىنىغا مەسئۇل بولۇشىنى تەكىتلىگەن. «ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر - بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر.» [3] يۇقىرىقى ئايەتتىن مەلۇم بولىدىكى، ھەقنى تونۇپ، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشى، باشقىلارنىمۇ ئىمانغا، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا، ھەقنى تونۇشقا، چىداملىق بولۇشقا تەۋسىيە قىلىشتىن ئىبارەت مەجبۇرىيىتىنى ئەستىن

---

① ئابۇبەكرى جابىدىل جەزائىرى ئالغان نەقىل.
② بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
③ قۇرئان كەرىم، 103 - سۈرە ئەسىر، 2 ـ، 3 - ئايەت.

چىقارماسلىقى كېرەك. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا چاك باستۇرۇۋېلۇپ مۇستەھكەم قىلىنغان بىر بىناغا، شەخسنى بولسا شۇ بىنانى تەشكىل قىلغان كېسەككە ئوخشاتقان ئىدى. ئەگەر كېسەك ئۆزئارا چاك باسمىسا، بىنا ئوڭايلا ئۆرۈلۈپ كەتكەنگە ئوخشاش، مۇسۇلمانلار ياخشى ئىشلاردا بىر بىرىنى قوللاپ، يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى چەكلەپ ئىسلامنىڭ ئۇلىنى چىڭداپ تۇرمىسا ھالاك بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن مەنئي قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»① دېمەك، مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن مىللەتكە زىيان كەلتۈرىدىغان، نەپسىگە ئەسىر بولغان زىياندىش ئادەملەرنى ئۈنۈملۈك چەكلەش كېرەك. يامان زىياندىش ئادەملەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالمايدىغان قوۋم نىجاتلىق يولىنى تاپالمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان، ناھەقچىلىكنى قوللىمايدىغان، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىسىمۇ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان، خەيرلىك ئىشلار ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغان مىللەتنىڭ نىجاتلىقتا ئېرىشىدىغانلىقىدىن خوش خەۋەر بېرىۋاتىدۇ.

ھەققە دەۋەت قىلىدىغان، خەيرلىك ئىشلارغا بۇيرۇيدىغان، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان ئىجتىمائى كەيپىياتنىڭ بارلىقتا كېلىشى ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. بۇ يولدا تىرىشچانلىق قىلغان ھەققانىي كىشىلەر ناھايىتى زور ھەرەج تارتقان، تۆھمەتكە ئۇچرىغان، قەبىھ، رەزىل كۈچلەر تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. ئاللاھ لوقمان سۈرىسىدە بۇ ئىشلاردىن خەۋەر بېرىدۇ: «ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن؛ (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋرى قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەرزىيەتكە ئۇچرايدۇ) بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر.»② ئاللاھ لوقماننىڭ ئوغلىغا قىلغان بۇ نەسىھەتى ئارقىلىق پۈتۈن ھەققانىيەتچىلەرگە نەسىھەت قىلىۋاتىدۇ. ياخشىلىق كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، تىنچلىق، خاتىرجەملىككە ئاساس سالىدۇ. جەمئىيەتتە بەخت ـ سائادەت، روھى ئازادىلىك قارار تاپىدۇ. يامانلىق ئەۋج ئالسا كىشىلەرگە، جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدۇ، ئىنسانلار ئارىسىدا دۈشمەنلىشىش، قارشىلىشىش ۋە ئاخىرى قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولىدۇ، زوراۋانلىق، زۇلۇم ئەۋج ئالىدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى تىنچلىق، خاتىرجەملىكنىڭ ئورنىنى تەشۋىش ئىگىلەيدۇ. شۇڭا يامان، قەبىھ ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى چەكلەش، ياخشىلىقنى قوللاش ئومۇمنىڭ، جۈملىدىن ھەربىر شەخسنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش بولۇپ قالىدۇ. رەسۇلۇللا مۇنداق دەۋەت قىلىدۇ: «سىلەردىن كىمكى بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى ھەرىكىتى ئارقىلىق توسسۇن، بۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىسا سۆزى ئارقىلىق توسسۇن، بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا ئۇنىڭغا دىلىدا بولسىمۇ نارازىلىقىنى ئىپادىلىسۇن، بۇ ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر.»③ يامانلىقنى ۋە يامان ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇنى يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئۇسۇلنىڭ بىرى بىلەن بولسىمۇ توسۇشقا جۈرئەت قىلمىغان ئادەم، شۇ يامانلىقنى قىلغۇچى بىلەن باراۋەر

① قۇرئان كەرىم، 3 ـ سۈرە ئىمران، 104 ـ ئايەت.
② قۇرئان كەرىم، 31 ـ سۈرە لوقمان، 17 ـ ئايەت.
③ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

گۇناھكار بولىدۇ. ياخشىلىقنى، ياخشى ئادەملەرنى كۆرگەندىمۇ ئۇنى ھەرىكىتى، تىلى ۋە دىلى بىلەن بولسىمۇ قوللاش شۇ ئىشنى قىلغان ئادەم بىلەن ئوخشاش ساۋاب بولۇپ بېرىلىدۇ. ئاللاھ: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار. ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق»[1] دەيدۇ. مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «بىرەر ياخشىلىققا دالالەت قىلغان ئادەمگە ئۇنى قىلغۇچىغا بېرىلگەن ساۋابقا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ.» دېيىلگەن.

كىشىلەر ئارىسىدا «بىرنىڭ كاۋى مىڭغا» دېگەن بىر چۈشەنچە بار. بۇ تارىختىكى نۇرغۇن تەجرىبىلەر ۋە ساۋاقلاردىن چىقىرىلغان يەكۈن. بىر ئادەمنىڭ شۇملۇقى ۋە رەزىل نىيىتى پۈتۈن بىر مىللەتنى خاراب قىلىشقا يارايدۇ: بىر ئادەمنىڭ خاسىيىتى بىلەن بىر مىللەت نىجاتلىققا ئېرىشىشى مۇمكىن. تارىختا نۇرغۇن قوۋملەر يامانلىقنى توسماي مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى، ياخشىلارنى، ھەقنى قوللىمىغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولغان: «بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇتنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى . بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر - بىرىنى توسمايتتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمە دېگەن يامان»[2] ئاددىي بىر پۇقرانىڭ يامان قىلمىشلىرى ئەتراپىدىكى چەكلىك ئادەملەرگە ئاپەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، بىراق يۇقىرى ئىمتىيازلىق، ھوقۇقدار ئادەمنىڭ ئالا كۆڭۈللۈكى، نەپسانىيەتچىلىكى پۈتۈن بىر قوۋمنى ھالاكەتلىك تەقدىرگە سۆرەپ كىرىشى مۇمكىن. بىرەر قوۋم ئىچىدىكى بىر قىسىم بايلىقىغا تەمەننا قويغان، مۇتەكەببىر كىشىلەرنىڭ گۇناھقا پاتقانلىقى سەۋەبلىك پۈتۈن بىر قوۋم ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت بۇنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «بىرەر شەھەر (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى بىزگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيمىز. ئۇلار ئىتائەت قىلماي پىسقى - پاسات قىلىدۇ - دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز»[3]. دېمەك، كۈچلۈكلەرنىڭ كەلتۈرىدىغان ئاپىتى ئېغىر بولىدۇ، ئاجىزلارنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنى يەڭگىلرەك بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ بىرەر ئادەمنىڭ گۇناھقا پېتىشى پۈتۈن مىللەتنىڭ تەقدىرىگە ناھايىتى زور يوقىتىشلارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىرەر قوۋمگە ئازاب - ئوقۇبەت كەلتۈرسە، ئۇ ئازاب - ئوقۇبەت ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كېلىدۇ.»[4] دېمەك، ھەر بىر ئادەم بىر - بىرىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك بولىدۇ. ھەربىر ئادەم ئاڭلىق ۋە ھوشيارلىق بىلەن ياشىغاندىلا نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق، نېمىنىڭ خەلققە پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. شۇندىلا نېمىنى قوللاشنى، نېمىگە قارشى تۇرۇشنى بىلىدۇ - دە، جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

جەمئىيەت دېگەن چوڭ بىر ئىجتىمائىي بىرلىك. ھەربىر ئادەم شۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان

---

① قۇرئان كەرىم، 5 - سۈرە مائىدە، 2 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② قۇرئان كەرىم، 5 - سۈرە مائىدە، 78 - 79 - ئايەت.
③ قۇرئان كەرىم، 17 - سۈرە ئىسرا، 16 - ئايەت.
④ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

خەلقنىڭ بىر ئەزاسى. ئۇنىڭ ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتى ھەرگىزمۇ شۇ ئادەمنىڭ شەخسىي ئىشى ئەمەس. ئۇنىڭ ياخشى پائالىيىتى بولسۇن، يامان ھەرىكىتى بولسۇن، دىيانەتلىك ئىشلىرى بولسۇن، خىيانەتلىك ئىشلىرى بولسۇن، خۇپىيانە ئىشلىرى بولسۇن، ئاشكارا ئىشلىرى بولسۇن ۋە ھەتتا ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرى بولسۇن ئۆزى ياشاۋاتقان شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىسىگە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئائىلىسىدىكى ياخشى باشقۇرۇشى، بالىلىرىنى يارامىلىق تەربىيىلىشى جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بالا يارامسىز تەربىيىلىنىپ، جەمئىيەتكە زىيانداش ئادەم بولۇپ چوڭ بولسا، ئۇ ئاتا گۇناھكار بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئاتىنىڭ «بالا ئۆزۈمنىڭ، قانداق تەربىيىلەش ئۆزۈمنىڭ ئىشى» دېيىشكە ھەققى بولمايدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتكە نىسبەتەن تېگىشلىك قەرزى بولىدۇ، قەرزنى ئادا قىلمىغان ئادەم قىيامەتتە جاۋاب بەرمىكى تەس بولىدۇ. شۇڭا مۆمىنلەرنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنىڭ بىرى، ياخشى دەۋەتلەرنى ئاڭلىشى، ئۆزۈمچىلىك قىلماسلىقى، ھەققە قۇلاق سېلىشى، ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى توغرا يولغا سېلىشقا ھەرىكەت قىلىشلىرى كېرەك. ھەق دەۋەتلەرنى ئاڭلىمىغان ئادەم ئاللاھ ئۆچ كۆرىدىغان، ئەڭ تەكەببۇر ئادەمدۇر. ئاللاھ بىر قىسىم ئۆزىنى ـ ئۆزى ھالاكەتكە سۆرەپ كىرگەن قەۋملەرگە كەلگەن ئايەتلەردىن ۋاقىپلاندۇرۇپ: «ئۇلار (ھەق سۆزنى) ئاڭلىمايدۇ.»① دېگەن.

ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان ھەققانىيەتچى ئېھسانچىلارغا قويىدىغان يەنە بىر پەزىلەت تەلىپى شۇكى، ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، باشقىلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، ئۆزىنى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويماسلىقى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ ئاگاھلاندۇرىدۇكى: «كىشىلەرنى خەيرلىك ئىشلارغا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟»②. ئىماندا راستچىل مۇسۇلمان تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولۇش، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش، باشقىلار كۆرگەن ـ كۆرمىگەن ۋاقىتتا ئوخشاش بولۇش پرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى تەلەپنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئۇنداق ئادەم مۇناپىق ياكى رىياكار ھېسابلىنىدۇ. بەزى كىشىلەر باركى، باشقىلارغا نەسىھەت قىلىشقا، ۋەزخانلىق قىلىشقا ئامراق؛ خېلى نۇرغۇن قائىدە ـ قانۇنلارنى بىلىدۇ، بىراق ئۆزى ئەمەل قىلمايدۇ؛ تەقۋادارلىقتىن گەپ ساتىدۇ، ئۆزى پاسىقلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ يۈرىدۇ؛ دىيانەتتىن لاپ ئۇرىدۇ، خىيانەت كوچىسىدىن چىقالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئىنسانپەرۋەر بولىۋالىدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساختىپەز دەپ خاتىرىلىنىدۇ. شۇڭا ھەربىر مۆمىن ئالدى بىلەن ئۆزىنى توغرا يولغا سېلىپ تەرتىپلەشتۈرسە، ھەرىكىتى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە بولالىسا، ئاندىن ئۇنىڭ ساۋابى قۇرۇق ۋەزخانلىقتىن ئېرىشكەن ساۋابتىن يۇقىرى بولىدۇ. ياخشى خىسلەت ئارقىلىق يامان خىسلەتكە تاقابىل تۇرۇش تەلىپىنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى مۇشۇنىڭغا بارىدۇ.

ئىلىملىك كىشىلەر نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق، قايسى يولنىڭ توغرا، قايسى يولنىڭ خاتالىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا كىشىلەرنى توغرا، ھەق يولغا باشلاش مەجبۇرىيىتى ئارتىلغان. بۇ مەجبۇرىيەتنى ھەرگىزمۇ نادانلارنىڭ ئۈستىگە ئارتمى-

① قۇرئان كەرىم، 7 ـ سۈرە ئەئراف، 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② قۇرئان كەرىم، 2 ـ سۈرە بەقەرە، 44 ـ ئايەت.

غان. شۇڭا ئالىملار باشقىلارنى توغرا يولغا باشلاش بىلەن بىرگە ئۆزىگىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى رېئال ئەمەلىيەتتە، پەزىلەتتە، ياخشىلىق قىلىشتا ئىشلىتىشى كېرەك. شۇندىلا ئۇ ئۆزى توغرا يولدا ماڭغانلىقى ئۈچۈنمۇ، باشقىلارنى توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكى ئۈچۈنمۇ قوش ساۋابقا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۆزى نۇرغۇن ئىلىم ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى جايىدا ئىشلىتەلمىگەن ئالىم ئاللاھنىڭ نەزەرىدە كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشاشتۇر.

ئۆزىگە راۋا كۆرگەننى مۆمىن قېرىندىشىغىمۇ راۋا كۆرۈش، ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەننى مۆمىن قېرىندىشىغىمۇ راۋا كۆرمەسلىك مۇسۇلمانلارغا قويۇلغان يەنە بىر مۇھىم ئەخلاقىي تەلەپتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۆزىگە راۋا كۆرگەننى مۆمىن قېرىندىشىغىمۇ راۋا كۆرمىگىچە ھەقىقىي كامىل مۇسۇلمان بولغان بولمايدۇ» دېگەن. ئەل ئارىسىدا ئومۇملاشقان: «پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە» دېگەن ھېكمەت رەسۇلۇللاھنىڭ يۇقىرىقى دەۋىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ھەق تەۋسىيە ئىدى. ھەقىقەتەن ھەممە ئادەمگە جان تاتلىق، ئۆلۈم ئاچچىق، مەنپەئەت تاتلىق، زىيان ئاچچىق، ئادالەت تاتلىق، زۇلۇم ئاچچىق. ھەقىقىي كامىل مۇسۇلمان باشقىلارغا زىيان سېلىنىۋاتقان چاغدا، بۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئادەمغۇ، ئەگەر ئۇ ماڭا مۇشۇ زۇلۇمنى سالسا، مۇشۇ ناھەقچىلىكنى قىلسا، مەن رازى بولارمىدىم، دەپ شۇ كىشىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نەپسىدىن غالىب كېلىدىغان كىشىنىڭ قىلغان ئىشى ئەڭ ياخشى ئېھسان بولۇپ خاتىرىلىنىدۇ. بىراق نۇرغۇن كىشىلەر مانا شۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەي زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. تۇرمۇشتا ھەربىر قەدەمدە شۇنداق ئىشقا دۇچ كېلىپ تۇرىمىز. بۇ ۋاقىتتا ئۆزىمىزگە «ئەگەر مەن بولسام قانداق قىلاتتىم» دەپ ئۆزىمىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ ئىشلارغا مۇئامىلە قىلالىساق، ئاندىن ئىنساپ تارازىسىدا ئېغىر توختايمىز.

بىر ناھىيىدە ناھايىتى مۇستەھكەم تۈرمىدىن بىرنى سېلىشقا يۇقىرىدىن پۇل تەستىقلاپتۇ. بۇ تۈرمىنىڭ لايىھىسىنى بىر قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى لايىھىلىگەن ئىكەن. ئۇ تۈرمىنىڭ كامېرلىرىنى شۇنداق قىسقا، تار لايىھىلەپتۇ، ھەتتا پۇتىنى ئۇزۇتۇپ ئولتۇرۇشقىمۇ ئىمكانىيەت يوق ئىكەن. بۇنى كۆرگەن ناھىيە ھاكىمى، ھەي، بۇ تۈرمىدە ئادەم ياتامدۇ ياكى ھايۋانمۇ، سەل ئازادىراق لايىھىلىمەمسەن، دەپتۇ. بىراق ئىنژېنېر: ئۇ يەردە ياتىدىغانلار جىنايەتچى تۇرسا، دىكتاتۇرىنى شۇنداق يۈرگۈزگۈلۈك - دە، ئۇ ئەلۋەتتە مېھمانساراي ئەمەس، دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ تۈرمىمۇ پۈتۈپتۇ. پەلەك چاقى ئايلىنىپ بىر كۈنى ھېلىقى ئىنژېنېر بىلەن ھاكىم قولغا ئېلىنىپ شۇ تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ. ئۇلار ئۇ يەردە يا ئولتۇرالمايدىكەن، ياكى ياتالمايدىكەن. بىر كۈنى ھاۋا يىگۈزىدىغان بىر پۇرسەتتە ھاكىم پۇرسەت تېپىپ، ھېلىقى ئىنژېنېرغا: ئۆزۈڭنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسەن، دەپ سورىغانىكەن، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر كۈن كۆرۈۋاتىمەن، دەپتۇ، شۇندىلا ھاكىم: مەن ساڭا ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمە دېمىگەنمۇ. ئەگەر بۇ تۈرمىنى باشقىلار لايىھىلەپ قالغان بولسا، قانچىلىك قاغاپ - تىللار ئىدىڭ ئۇنى، دەپتۇ. تۇرمۇش، ھايات دېگەن مانا شۇنداق ئىش. ھەربىر ئادەم ئۆزىنى ئويلاۋاتقاندا، باشقىلارنىمۇ ئويلىسا، باشقىلارنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى قويۇپ مۇئامىلە قىلسا، پەزىلەت دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر باشقىلارنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالسا، بۇ ئۆزىگە - ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىق بولمامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

## يۇسۇپجان ياسىن

ئەخلاق ئىجتىمائىي ھاياتتا مەلۇم بىر كىشى، مەلۇم بىر توپ ياكى مەلۇم بىر مىللەت ئۈچۈن، بەلگىلىك بىر ماكان ۋە زاماندا كۈچكە ئىگە بولغان قىممەت ھۆكۈملىرى، ئۆرپ - ئادەت، نورما (ئۆلچەم) ۋە پرىنسىپلاردىن ھاسىل بولغان بىر خىل سىستېما بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ئىرق، تۇيغۇ، ئېتىقاد، ھايات تەجرىبىلىرى، دۇنيا قاراش ۋە تەربىيە قاتارلىق ئامىللارغا تايىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىرق بىلەن تۇيغۇنىڭ رولى ھەممىدىن زور. شۇ ۋەجىدىن، ئەخلاق مىللىيلىككە ئىگە بولىدۇ ۋە تۈرلۈك مىللەتلەردە ئوخشىمىغان كۆرۈنۈشتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

17 ـ ئەسىردە ياشىغان تۈرك ئالىمى كاتىپ چەلەبى «كەشفۇز زۇنۇن» دېگەن ئەسىرىدە ئەخلاقنى «ئەخلاق ئىلمى گۈزەللىك ۋە رەزىللىك ھەققىدىكى ئىلىمدۇر. ئۇ ئىنسانغا نەپسىنى گۈزەللىك بىلەن بېزەش ۋە رەزىللىكتىن قوغداش يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچە بەرگەن. بۇنىڭدىن ئەخلاقنى قىسقىچە قىلىپ تەرىپلىگەندە، ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە «ياخشى» ياكى «توغرا»، «يامان» ياكى «خاتا» دەپ ئاتىلىدىغان قىممەت ھۆكۈملىرىنى ئىپادە قىلىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. مۇقەددەس كىتابلاردا پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى ھېسابلانغان ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قويۇپ يەر يۈزىگە ھەيدىلىشى ئارقىلىق، «ياخشى» ۋە «يامان» بىلەن قانداق ئۇچراشقانلىقى بۈگۈنكى كۈندە بىز «ئەخلاق» دەپ ئاتاۋاتقان تېمىنى ئاددىي ھالدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەخلاق بىر جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ بىر بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماستىن، بىر بىرىگە زىيان يەتكۈزمەستىن، جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنى قوغداپ، تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن تولۇق پايدىلانغىنىدەك شەكىلدە ئۆز ھەرىكەتلىرىنى رەتكە سالىدىغان، چەكلەپ تۇرىدىغان ۋە بۇ ھەرىكەتلەر ئۆزىگىمۇ، ئەتراپتىكىلەرگىمۇ پايدا يەتكۈزىدىغان، ئۆزىنىمۇ، ئەتراپتىكىلەرنىمۇ خۇشال قىلىدىغان، كىشىنى ئەتراپىغا ھېچقانداق بىر زىيان يەتكۈزمەستىن باشقىلار بىلەن ماسلاشتۇرىدىغان قائىدىدىن ئىبارەت. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئەخلاق ھەركىم باشقىلارنى ئۆزىدەك كۆرۈش دېگەنلىكتىن ئىبارەت. قىسقىسى، ئەخلاق ئەقىلگە، قەلبكە، ئىختىيارلىققا تايانغان يېزىقسىز قانۇن. ئۇ مۇناسىۋەت پرىنسىپى ۋە ياشاش پرىنسىپى سۈپىتىدە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئومۇرتقىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق «تۆرۈ» ۋە «ئەردەم» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلىنغان. تۆرۈ ئىجتىمائىي ھاياتنى رەتكە سالغۇچى نورمىلارنىڭ تامامى، ئەجدادلاردىن قالغان پۈتكۈل قائىدىلەرنىڭ توپلىمى، دەپ قارالغان. ئۇنىڭ يەنە «قانۇن» دېگەن مەنىسىمۇ بولغان. ئەردەم سۆزى يەنە «قابىلىيەت»، «كۈچ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. بۇ ئىككى ئاتالغۇدا ئىپادىلەنگەن مەنىدىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسىنىڭ، ئەخلاقنىڭ ماھىيىتى ۋە رولى ھەققىدىكى كۆز قارىشىنىڭ دەۋرداشلىرىنىڭكىدىن كۈچلۈك بولغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان «ئەخلاق» سۆزى قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىن ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ «خۇي»، «مىجەز»، «قىلىق»، «خۇلۇق» ۋە «خاراكتېر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەلۇمكى، بىر كىشىنىڭ مۇكەممەل بىر ئىنسانغا ئايلىنىشى ئۈچۈن، بىلىم، تالانت ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسە ئەڭ زۆرۈر قورال ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەخلاقنىڭ رولى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق بىر ئىرادە پەقەت ئەخلاققا تايانغاندىلا ئۇ بىر ئىدىئالغا ئايلىنىپ، مىللەتنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ دۇنيادا غايەت زور ئۇتۇققا ئېرىشكەن ئىدىيىلەر ئۇنىڭ توغرا ۋە ياخشىلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ساغلام ئەخلاققا ئىگە ھىمايىچىلەرگە ئېرىشكەنلىكىدىن بولغان. ئەڭ ئىلغار بىر پىكىرنى ۋە پرىنسىپنى، بۈيۈك بىر ئىدىيىنى بۇزۇلغان بىر جەمئىيەتكە ئېلىپ كىرسەك، ئۇنىڭ دەرھال ئەسكى - تۆسكى بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ياكى ئەرزىمەس بىر ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەخلاقنىڭ قىممىتىنى باشقا ئىجتىمائىي قىممەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىلىم ۋە تالانتتىكى يېتەرسىزلىكىنى ئەخلاق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك تولدۇرۇپ كېتىدۇ. لېكىن، ئەخلاق جەھەتتىكى بىر كەمچىلىكنى بىلىم ۋە تالانتتىكى ھەرقانداق خاراكتېر تولۇقلىيالمايدۇ. دېمەك، ئەخلاق بىر خىل ئۈستۈنلۈك، بىر خىل كۈچ ھېسابلىنىدۇ. ئەخلاقنىڭ قۇدرىتى ئارمىيە، بىلىم، تېخنىكا ۋە تەشكىلاتلارنىڭ كۈچىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىر مىللەتنىڭ زەئىپلىشىشى ياكى گۇمران بولۇشى سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئەخلاق جەھەتتىكى بۇزۇلۇشتىن بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بىر ئادەمنىڭ ئېرىشكەن ھۆرمىتى ۋە يوقاتقان قەدىر - قىممىتىمۇ دەل ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تارىختىن مەلۇمكى، مەيلى ئۇيغۇر مىللىتى بولسۇن، ياكى باشقا مىللەتلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەخلاقتا يۈكسەلگەن چاغدا گۈللەنگەن، ئەخلاقتا چۈشكۈنلەشكەن چاغدا زەئىپلەشكەن. غەربىي رىم ۋە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى، ئەرەب ۋە پارس ئىمپېرىيىسى، ئىسپانىيىدىكى گوتلار ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىدىن گۇمران بولغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەردىن بىرى ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى ئىدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى فرانسۇزلاردىكى ئەخلاقىي بۇزۇلۇشنىڭ زىيىنىنى فرانسىيە ھازىرغىچە تولدۇرالمايۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك، يېقىنقى دەۋرلەردىن باشلاپ جەمئىيىتىمىزدە ئەۋج ئېلىۋاتقان خاتىرجەمسىزلىككىمۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئەخلاقتىكى ئاينىپ كېتىشى سەۋەب بولغان. بۈگۈنكى كۈندە پۈتكۈل دۇنيادا ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان ئىجتىمائىي كرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئالىملار، فوندى جەمئىيەتلەر، نەشرىيات ئورۇنلىرى، تەتقىقات مەركەزلىرى ھەممىدىن ئاۋۋال ئەخلاقنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، رىقابەتلىك ۋە زىددىيەتلىك بۇ دۇنيادا مۇناسىپ ئورنىنى تېپىپ، شەرەپ ۋە غۇرۇر بىلەن ياشىماقچى بولغان ھەرقانداق بىر مىللەت ئالدى بىلەن چوقۇم ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى ئوپېراتسىيە قىلىشى كېرەك.

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ھاياتىدىن مەلۇمكى، تارىختا ھەرقانداق بىر مىللەت مەدەنىيەتنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىدە ئالاھىدە يۈكسەلگەن. يۇنانلىقلار ئېستېتىكىدا، رىملىقلار ھوقۇقتا، گېرمانلار پەلسەپە بىلەن مۇزىكىدا، ئىنگلىزلار ئىقتىسادتا، فرانسۇزلار ئەدەبىياتتا، ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار دىندا، تۈركلەر — ئۇيغۇرلار ئەخلاقتا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان. بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ: مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم، ئۇلارنى كۈنچىقىشتا

ئورۇنلاشتۇردۇم. بىرەر قوۋمگە خەزەپلەنسەم، تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن» دېگەن چۈشەنچىگە قارىتا «بۇ هال ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ ئىزاهلاش ئارقىلىق ئۇيغۇرلاردىكى كۈچ - قۇۋۋەت ۋە تەرەققىياتنىڭ مەنبەسىنىڭ ئەخلاقىنىڭ يۈكسەكلىكىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. مەهمۇد كاشغەرى يەنە «ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركلەر كۆركەم، يېقىملىق، ئوچۇق چىراي، ئەدەپلىك، قېرىلارنى هۆرمەتلەيدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئاددى - ساددا، كەمتەر، دادىل، مەرت ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان سان - ساناقسىز پەزىلەتلەرگە ئىگە» دەپ مەلۇمات بەرگەن. باشقىرت ئالىمى ئا. زەكىي ۋەلىدى توغانمۇ «ئۇيغۇرلار ئەخلاقتا مۇكەممەل ئىنسانلاردىن بولۇپ، سەممىمىي بىر مەدەنىي جەمئىيەت تەشكىل قىلغانىدى» دەيدۇ. هەقىقەتەن، ئۇيغۇر تارىخىنى بىر ئەخلاق - پەزىلەت كۆرگەزمىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ هەممە تەرىپى ئەخلاق بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. يەنى سۆز، هەرىكەت، كىيىنىش، ئوزۇقلىنىش، ئولتۇراقلىشىش، مۇناسىۋەتلىشىش، تەربىيىلىنىش، ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىي پائالىيەت، قائىدە - يوسۇن ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىدىكى بەلگىلىك قائىدە - تەرتىپلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بەلگىلىك ئەخلاقىي تەرتىپ هېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرى، قوشاق - داستانلىرى، خەلق هېكايىلىرىدىمۇ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى مۇقەددەس بىلىشتەك ئالاهىدە مەدەنىي ئەهۋال يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىز يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىغا نەزەر سالساقمۇ، نۇرغۇن ۋەقەلەرنىڭ مىللىي ئەخلاقنى قوغداش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى بىلىمىز. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ هاياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىش ياساپ، بىر «مىللىي كۈچ» نى ۋە بىر قېتىملىق «مىللىي ئويغىنىش دەۋرى» نى ياراتقان قومۇل دېهقانلار قوزغىلىڭى بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالىدۇر.

شۇنى ئالاهىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇرلار بىر كىشىنىڭ قىممىتىگە باها بېرىشتىمۇ، ئۇنىڭ بىلىمى، مەرتىۋىسى، بايلىقى ۋە نوپۇزىنى ئەمەس، بەلكى ئەخلاقىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. يەنى بىر كىشى هوقۇق جەهەتتە قانچىكى يۇقىرى دەرىجىگە ياكى ئىقتىساد جەهەتتە قانچىكى كۆپ بايلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئەخلاقسىزلىق ئەهۋالى بولىدىكەن، بۇنداق كىشى باشقىلارنىڭ نەزەرىدە ئېتىبارسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇيغۇر تۇرمۇش پەلسەپسىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى بولغان ماقال - تەمسىللىرىمىزنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدىكى ئۆرنەكلىرىدىن بىرىدە «ئەخلاقلىق كىشى گۆهەرگە ئوخشايدۇ، ئەخلاقسىز كىشى ئۆتۈك ئىچىدىكى پىتەككە ئوخشايدۇ» دېيىلسە، بۈگۈنگە مەنسۇپ ئۆرنەكلىرىدىن بىرىدە «دەرەخ سۈپىتى ياپراق، ئادەم سۈپىتى ئەخلاق» دېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەخلاقسىز كىشىنى «هايۋان» دېيىش ئارقىلىق هەقىقىي ئادىمىيلىكنىڭ بەلگىسىنىڭ پەقەت ئەخلاق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسانلار قوغلىشىدىغان بەختلىك هاياتمۇ دەل ئەخلاقتا يۈكسىلىش نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ. ئەخلاق كىشىلەرگە دەررۇ بىر خىل ماددىي نەرسىنى ئاتا قىلىپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك بولغان بىخەتەرلىك، خاتىرجەملىك، ئىشەنچ، هۆرمەت، روهىي ئازادىلىك تۇيغۇسىنى يارىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم ئەخلاقسىز بىر كىشىنىڭ يېنىدا تۇرغاندا، ئۇنىڭغا قارىتا ئۈمىدسىزلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىك هېس قىلىدۇ. ئەكسىچە ئەخلاقلىق بىر كىشىنىڭ يېنىدا تۇرسا، ئۆزىنى ئازادە، خاتىرجەم ۋە ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى تاپقاندەك هېس قىلىدۇ. دېمەك، ساپ ئەخلاق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي هالدا ئىشەنچ، يېقىنلىق، هەمكارلىق، باراۋەرلىك ۋە مېهرى - مۇهەببەت شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، بىر مىللەتتە يۈكسەك ئەخلاقىي ئاڭ تىكلەنگەندىلا ئاندىن ئىنسانلارنىڭ قەدىر - قىممىتى بولىدۇ.

بۇنداق جەمئىيەتتە ئادەملەر ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتتىن تۆۋەنرەك ئورۇندا ياشىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى خاتىرجەم ۋە بەختلىك ھېس قىلىدۇ. دېمەك، ئەخلاقلىق جەمئىيەت ھەقىقىي مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. تارىختىن بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرتىپىمۇ دەل ھۆكۈمران گورۇھنىڭ زورلۇق كۈچى ياكى قانۇن ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەخلاقنىڭ كۈچى بىلەن ئىدارە قىلىنىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا، بىر مىللەت ئەخلاقىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ماھىيەتتە شۇ مىللەتنىڭ ھوقۇق ئېڭىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ بىر بەلگىسى، دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ قويۇش كېرەككى، قايسى جەمئىيەت ئەخلاقسىزلىققا تولسا، شۇ جەمئىيەتتە زوراۋانلىق ئەۋج ئالىدۇ. ئەخلاق بىر خىل قارشىلىق ۋە جىنايەت دەپ قارىلىپ، ئىنسانلار ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە ئىنسانلار خالىسا ئىشلىتىپ، خالىسا تاشلاپ قويىدىغان بىر خىل سايمانغا ئايلىنىپ قالىدۇ، شۇنىڭدەك ئېغىر جىسمانىي ۋە روھىي ئازاب ئىچىدە ياشايدۇ. ھەممە يەرنى ۋەھىمە ۋە بەختسىزلىك قاپلاپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئەخلاقسىزلىق پەقەت ئىنسانىيلىق چۈشەنچىسىدىن مەھرۇم ياكى ئۆزىنىڭ مەنبەسىنى ھايۋانغا باغلايدىغان، كۆرۈنۈشى ئىنسانغا ئوخشايدىغان جانلىقلار توپىنىڭ تۇرمۇش شەكلىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىدىن كۆزەتكەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقى مىللەت خاراكتېرلىك ئىدېئولوگىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق پەلسەپىسى غەربتە 2500 يىلدىن بېرى، يەنى پروتاگوردىن تارتىپ تاكى نىتزىغا قەدەر ھىمايە قىلىنىپ كەلگەن «شەخسىيەتچىلىك ئەخلاقى»، «مەنپەئەتپەرەسلىك ئەخلاقى» (ھېدونىزم)، «زوراۋانلىق ئەخلاقى»، «پەرۋاسىزلىق ئەخلاقى»، «ئۆزىنى مەركەز قىلىش ئەخلاقى»غا ۋە «ئەخلاقسىزلىق پەلسەپىسى»گە، شۇنىڭدەك يىراق شەرقنىڭ «دەرىجە قارىشى»غا تۈپتىن قارىمۇقارشى بولۇپ، بۇ ئەخلاق ئىچىدە كوللېكتىپ ۋە جەمئىيەت شەخسىي ھاياتنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. بالىنى كوللېكتىپقا ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق، مەسئۇلىيەتچان ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش ساك ۋە ھۇن دەۋرىدىن تارتىپلا ئۇيغۇر ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئاساسى قىلىنىپ كەلگەن. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتساق، ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ ماھىيىتى دەل سەممىيەت، ھۆرمەت، ئادالەت، ياخشىلىق، قەدىر-قىممەت، باراۋەرلىك ۋە بىرلىكنى ئاساس قىلغان ھالدا، شەخسنىڭ ئائىلىگە، جامائەتكە، جەمئىيەتكە، تەبىئەتكە، مىللەتكە، ۋەتەنگە، شۇنداقلا ئىنسانىيەتكە ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرى، مەۋجۇتلۇقى ۋە ئىستىقبالىغا بولغان مەسئۇلىيىتىدىن ئىبارەت ئىدى. قىسقىسى، ئۇيغۇر ئەخلاقى ئىنسانىيلىق (ئىنسانپەرۋەرلىك)نى مەقسەت قىلغان ئەخلاقتىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبلىك، ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇنىڭدىن يەكۈنلەنگەن تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، شۇنداق دەيمىزكى، ئۆز يۇرتىغا، ئۆز ۋەتىنىگە، ئۆز مىللىتىگە، مىللىي تارىخقا، مىللىي مەدەنىيەتكە ۋە مىللىي ئىستىقبالغا قارىتا مۇھەببەت، ساداقەت، مەسئۇلىيەت، نازارەت، پىداكارلىق ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولمىغان ھەرقانداق كىشى ئەخلاقسىز كىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ ئەخلاق تەتقىقاتىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئىدى. فارابىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغاندىمۇ ئۇيغۇرلاردا ئەخلاقنىڭ مۇستەقىل بىر ئىجتىمائىي پەن سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىپ كېلىۋاتقىنىغا ھازىر ئون ئىككى ئەسىردىن ئاشتى. «ئوغۇزنامە»، «ئورقۇن ئابىدىلىرى»، «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ قاراشلىرى توغرىسىدا»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»، «ئەخلاقىي جەمىلە»، «سىددىقنامە»، «كۈللىياتى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مەسنەۋىي خەراباتى»، «ئەدەپ ئاچقۇچى» ۋە «نەسىھەتى ئامما»... قاتارلىق ئەسەرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك ئەخلاقنامىلىرى بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر دەۋردىكى ئەخلاق ئۆلچەملىرى، ئەخلاق تەلىماتلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىزچىللىقلار قىممەتلىك مىراس قىلىپ قالدۇرۇلغان. مانا شۇ قىممەتلىك مىراس — بۈيۈك ئۇيغۇر ئەخلاقى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم تېمىسىدىن بىرىگە ئايلىنىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى كۈچەيتىشتە يەنە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەخلاقىنىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىپ كۆزەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىغا ئائىت مەخسۇس ئەسەرلىرىدىنمۇ مەلۇم دەرىجىدە پايدىلانغان.

ئۇيغۇر پەلسەپىسى ماھىيەتتە «ئەخلاق پەلسەپىسى» ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار بەختلىك، خاتىرجەم، ئىلغار ۋە ئىدىئال ھاياتنىڭ ئاساسىنىڭ ئەخلاق ئىكەنلىكىنى، ئەخلاقنىڭ يېڭى جەمئىيەت، يېڭى ئەۋلاد ۋە يېڭى مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلىشنىڭ مەنىۋى ئاساسى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن مىللەت بولغاچقا، ئەخلاقنى بىر خىل غۇرۇر، شەرەپ ۋە بايلىق، ھەتتا بىر خىل كۈچلۈك قورال، دەپ بىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇيغۇرلاردا ھەربىر ئادەم بەلگىلىك دەرىجىدە ئەخلاقىي بىلىمگە ئىگە بولۇپ يېتىلىدۇ. ھەربىر ئائىلە ئۆز پەرزەنتىنى ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەشكە ھەممىدىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. بولۇپمۇ قىز بالىنىڭ ئەخلاقىغا ئىنتايىن دىققەت قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق قىز - ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى، دەپ قارالغان. ئۇيغۇر مىللىي تەپەككۇرىنىڭ دەسلەپكى ۋە ھەقىقىي مەھسۇلاتى بولغان داستان ۋە رىۋايەتلەردە قىز - ئاياللار دائىم شەرەپ، ئەخلاق، قەھرىمانلىق ۋە پىداكارلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. گەردىزى «شۈبھىسىزكى، توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) ئاياللىرى ئىنتايىن ئەخلاقلىق كېلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. قىز - ئاياللارنى ئاسراش ۋە ئۇلارغا يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئۇيغۇرلاردا بىر خىل ئەقىدىگە ئايلانغان. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلار ھەرقانداق بىر مىللەتكە ئۈلگە بولغۇدەك مەدەنىيەت ئاساسلىرىغا ئىگە. سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كرىزىسلەر ئېغىرلاشقان چاغلاردىمۇ ئۇيغۇرلار مىللەت خاراكتېرلىك ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈككە دۇچ كەلگەن ئەمەس. قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ ئېتىقادىدا ئافرودىت ئىسىملىك بىر شەھۋانىيلىق ۋە بۇزۇقچىلىق تەڭرىسىنىڭ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا ئەخلاقسىزلىقنى تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقى سۆزلەنسە، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادىدىكى ئۇماي ۋە ئايزىت دېگەن روھلار ئاياللارنىڭ ئەخلاقىنى قوغدىغۇچى ئىلاھلار سۈپىتىدە سۆزلىنىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى مەنبە جەھەتتىن ئېتىقادقا باغلىنىشىدۇر. ئۇيغۇرلار مىڭ يىلدىن بېرى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلام دىنىمۇ ماھىيەت جەھەتتە «ئەخلاق دىنى» بولۇپ، بۇ دىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقتا يۈكسىلىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلارنى ئىلمىي ئاتالغۇ بىلەن تەرىپلەشكە توغرا كەلسە، «ئەخلاقشۇناس مىللەت» دېگەن نام ئۇلارغا ئەڭ يارىشىدۇ.

ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ساك ۋە ھۇن دەۋرىدىن تارتىپ تاكى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر ئەخلاقنى كۈچلۈك تۈردە مۇھاپىزەت قىلىپ كەلدى. بۇ جەرياندا ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەلگەن ھەرقايسى ئەل ئەلچىلىرى، ساياھەتچىلىرى، تەكشۈرگۈچىلىرى، سودىگەرلىرىنىڭ ئەڭ دىققىتىنى تارتقىنىمۇ دەل ئۇيغۇر ئەخلاقى ئىدى. ۋاڭ يەندى، گەردىزى، جاھىزى، ئىززەتۇللا، پىرژىۋالىسكى، پېۋسوف ۋە جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي ئۈستۈنلۈكلىرى ھەققىدە مەخسۇس ئەسەرلەرنى ۋە خاتىرىلەرنى يازغان. بۇلاردىن بىر مىسال ئالىدىغان بولساق، پېۋسوفنىڭ 1898 - يىلى پېتېربورگدا نەشر قىلىنغان «ئاسىيا ئىگىزلىكىدە كۆرگەنلىرىم» دېگەن كىتابىدا 19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر

جەمئىيىتىدە قانۇنغا ۋە ئەخلاققا يات ھەرىكەتلەرنىڭ نىسبىتىنىڭ ياۋروپادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتتىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ئىسپات بېرىلگەن. مانا بۇ ئەخلاققا تايانغان ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ۋە تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ يات مىللەت نەزىرىدىكى بىر ئىپادىسى.

شۇنداق بولغىنىغا قارىماي، ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە ئېغىر ئەخلاق كىرىزىسىغا دۇچ كەلمەكتە. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى بېرىش رولىنىڭ ئاجىز بولۇشى، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مىللىي تارىخ ۋە مىللىي مەدەنىيەت بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىنىڭ يوق دېيەرلىك بولۇشى، ئىجتىمائىي شارائىت ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئوخشىمىغان ئەخلاق ئېڭىغا ئىگە مىللەتلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك ئۇچرىشىشلارنىڭ كۆپىيىشى، جەمئىيەتتە ھەرخىل مۇددىئادىكى تەربىيىلەش ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ كۆپىيىشى ئارقىلىق (تەرجىمە ئەسەرلەر، گېزىت - ژورنال، كىنو، تېلېۋىزور، رادىئو، كومپيۇتېر ۋە ھەرخىل يىغىلىش قاتارلىقلار ئارقىلىق) ئىلغار تەرەپ بىلەن بىرگە يات ئەقىدىلەرنىڭ تارقىلىپ كىرىشى، تانسىخانا، دېسكوخانا، مەيخانا، كېچىلىك بەزمىخانىلارغا ئوخشاش مەدەنىيەت يۇندىخانىلىرىنىڭ كۆپلەپ ئېچىلىشى بىلەن ئەقىدىنىڭ سۇسلاپ كېتىشى، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي بېسىملار ۋە ئىشسىزلىقلار تۈپەيلىدىن ئىرادىنىڭ، غايىنىڭ گۇمران بولۇشى، ئىنساننىڭ كىشىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئەمەس، بەلكى، دەرىجە ۋە ياراتقان نەتىجىگە قاراپ تېپقا ئايرىشتەك خىزمەت مەنتىقىسىنىڭ كۈچىيىشى، ھاياتلىقنى بىر خىل كۈرەش دەپ بىلىپ، ئاجىزلارنى ئېتىبارسىز قالدۇرۇش ئارقىلىق، شەخسىيەتچىلىكنى يېتىلدۈرىدىغان رىقابەت ئېڭىنىڭ ئەۋج ئېلىشى، پەقەت ماددىي ۋاستىلارغا ئېرىشىشنىلا بەختنىڭ بەلگىسى دەپ قاراپ، مەنىۋى ھاياتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنتۇلغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ تۈپ مەقسەتكە ئايلىنىشى، خىزمەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، سائەتلەپ، مىنۇتلاپ، سېكۇنتلاپ ئىشلەپ، كىشىلىك ھايات ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك زۆرۈرىيەتلىرىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇش، ھەرقانداق بىر تۇرمۇش مىزانلىرىغا قارىتا ئىلمىي ئۆلچەم بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان (ھەدېسلا ئەقىلچىل بولۇشنى تەرغىب قىلىدىغان) قاراشنىڭ كۈچىيىشى، تېخنىكىلىق تەرەققىياتلارنىڭ بىر قاتار سۇنئىي ۋە ساختا قىممەت ئۆلچەملىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىدەك ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ئەخلاقىي بۇزۇلۇشنى پەيدا قىلغان ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. ئەخلاقىي بۇزۇلۇش ھازىر بىر تۈركۈم ياشلاردا (ئاساسلىقى ئەنئەنىۋى ئاينىش، خروئىن چېكىش، ساتقۇنلۇق، ھاراقكەشلىك، ئوغرىلىق، قىمارۋازلىق، پاھىشىۋازلىق ۋە شەھۋانىيلىق) بىر قەدەر گەۋدىلىك ھالدا كۆرۈلمەكتە. بۇ خىل ھالەت ھەرقانداق كىشىنى تەبىئىي ھالدا مىللەتنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ.

مەلۇمكى، ھەرقانداق جەمئىيەتتە 14 - 24 ياش ئارىسىدىكى قىز - ئوغۇللار مىللەتنىڭ ياشلىرى ھېسابلىنىدۇ. ساغلام، ھەرىكەتچان، زېھنى ئۇچۇق ياشلار تۈنۈگۈننى بۈگۈنگە تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك، ئەتىنىڭ كېچىسىنى يورۇتىدىغان مەشئەل. مىللەتنىڭ تەقدىرى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ياشلار كۈچ كۆرسەتكۈچىلەر ۋە ھاياتنى پىدا قىلغۇچىلاردۇر. ياشلار تۈگەشسە ئەتىمىز قاراڭغۇ بولىدۇ، ئىستىقبالىمىز تۈگىشىدۇ. ھۆر تەپەككۇر، ھەرقانداق نەرسىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى، ھەقىقەتكە، ۋەزىيەتكە بولغان تەنقىدچىلىك، تەنتەربىيە بىلىملىرى ۋە سەنئەتكە بولغان ھەۋەس، قاراشتىكى يېڭىلىق، پىكىردىكى ئىنقىلابچىلىق ھەربىر دەۋرنىڭ ۋە ھەربىر مىللەتنىڭ ياشلىرىدا بار خۇسۇسىيەت ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ۋەتەن، مىللەتنى كۈچەيتىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئىستىكىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭمۇ، ۋەتەن، مىللەتنى چۈشكۈنلەشتۈرۈش ۋە يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ، تارىخىي ۋە ئىدىئولوگىيىلىك دۈشمەنلەرنىڭمۇ نىشانى دەل ياشلارغا قارىتىلىدۇ.

ياشلارنى ئەخلاقىي بۇزۇلۇشتىن ساقلاپ، كەلگۈسىنى ئۇلارغا ئامانەت قىلىپ تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردا بىر قېتىملىق ئەخلاق ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلماقتا. بۇنىڭ تۇنجى قەدىمى يەنىلا مىللىي مەدەنىيەتكە مۇراجىئەت قىلىشتىن باشلىنىدۇ. چۈنكى، مىللىي مەدەنىيەت «مىللەت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئاساسىي ئېلېمېنتى بولغىنىدەك، يەنە مىللەت ھالىتىدە تەرەققىي قىلىشنىڭمۇ ئاساسىي شەرتىدۇر. ھەربىر مىللەت مۇتلەق ھالدا بىر مىللىي مەدەنىيەتكە ئىگە بولىدۇ، ھەربىر مىللىي مەدەنىيەتمۇ بىر مىللەتنى يارىتىدۇ.» بىز مىللىي مەدەنىيەتنى، يەنى تىلىمىز، تارىخىمىز، روھىمىز، دىنىمىز، ئەدەبىياتىمىز، سەنئىتىمىز، ئۆرپ - ئادىتىمىز، ئەنئەنىمىز ۋە قىممەت قارىشىمىزنى قېزىپ چىقىپ، پۈتكۈل تۇرمۇش تەرتىپلىرىنى ۋە تەربىيە ئۇسۇلىنى مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىغا قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغاندىلا، ئاندىن ئەخلاقنى ساپلاشتۇرۇشنىڭ، مىللىي كىملىك تۇرغۇزۇشنىڭ ۋە يېڭى تارىخ يارىتىشنىڭ تۇنجى غەلىبىسىگە ئېرىشكەن بولىمىز. شۇنى بىلىش كېرەككى، 21 - ئەسىر ھەر نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى، ئەڭ گۈزىلىنى، ئەڭ مۇكەممىلىنى ياش - ئۆسمۈرلەرگە لايىق كۆرگەن مىللەتنىڭ ئەسرى بولىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


پروفېسسور، دوكتور ئىبراھىم كافەسوغلۇ: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 1998 - يىلى، ئىستانبۇل.
سادرى ماقسۇدى ئارسال: «تۈرك تارىخى ۋە ھوقۇق»، تۈركچە، 1947 - يىلى، ئىستانبۇل.
زىيا گۆكئالپ: «تۈرك ئەخلاقى»، تۈركچە، 1976 - يىلى، ئىستانبۇل.
دوكتۇر تۇنجەر گۈلەنسوي: «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا تۈركچىدىكى موڭغۇلچە سۆزلەر ۋە موڭغۇلچە - تۈركچە ئورتاق سۆزلەر ھەققىدە ئىزاھلار»، «تۈركولوگىيە ژۇرنىلى»، تۈركچە، 1974 - يىلى، ئەنقەرە.
زىيا گۆكئالپ: «تۈركچىلىكنىڭ ئاساسلىرى»، تۈركچە، 1987 - يىلى، ئىستانبۇل.
مەھمۇد كاشغەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە، 1981 - يىلى، ئۈرۈمچى.
ئوردىناريۇس، پروفېسسور، دوكتور ئا. زەكىي ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە، 1981 - يىلى، ئىستانبۇل.
پروفېسسور، دوكتور بايمىرزا ھايىت: «رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى تۈركىستان»، تۈركچە، 309 - بەت، 1975 - يىلى، ئىستانبۇل.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، ئۇيغۇرچە، 1984 - يىلى، بېيجىڭ.
دوكتۇر نەجدەت سەۋىنچ: «قەدىمكى تۈركلەردە ئايال ۋە ئائىلە ھوقۇقى»، «تۈرك دۇنياسى تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، تۈركچە، 1980 - يىلى نەشرى، 8 - سان


(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئالىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

# سارايمۇلۇك خانىم

تۇرغۇن فەيزىۋ

سارايمۇلۇك خانىم چاغاتاي ئۇلۇسىغا مەنسۇپ موغۇل خانلىرىدىن قازانخاننىڭ قىزى بولۇپ، 1341 ـ يىلىدا تۇغۇلغان ئىدى. قازانخان تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ، قەتل قىلىنغان چاغدا سارايمۇلۇك خانىم تېخى بەش ياشتا ئىدى. سارايمۇلۇك خانىم بالاغەتكە يەتكەچ، 1355 ـ يىلىدا ئۇنى ئەمىر ھۈسەيىن ئۆز نىكاھىغا ئالىدۇ.

1370 ـ يىلىدا ئەمىر ھۈسەيىن قەتل قىلىنغاندىن كېيىن، سارايمۇلۇك خانىم ئەمىر تېمۇرنىڭ نىكاھىغا ئۆتىدۇ. ساھىبقىران ئەمىر تېمۇرنىڭ ھەرىمىدە باشقا خوتۇنلىرىمۇ بار ئىدى. لېكىن سارايمۇلۇك خانىم خان ئەۋلادىغا مەنسۇپلۇقى تۈپەيلى ھەرەمدىكى بارچە مەلىكە-لەردىن ئۇلۇغ ھېسابلىنىپ، «كاتتا خانىم» (بىبى خانىم) دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇ بۇنداق قەدىرلەشكە ئاسانلا مۇشەررەپ بولۇپ قالمىغان. تارىخىي مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، سارايمۇلۇك خانىم ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئەقىل ـ ئىدرەكلىك، پاراسەتلىك، تەدبىرلىك ساھىبەسى ھېسابلانغان ھەمدە يەنە ھۆسن لاتاپەت بابىدا ھەم بىنەزىر بولغان. سارايمۇلۇك خانىم سىياسەتچى ۋە ئىنسانپەرۋەر ئايال بولۇپ، سەلتەنەتنى باشقۇرۇشقا بىۋاسى-تە قاتناشقان، مەملىكەتنىڭ مەدەنىي قۇرۇلۇشىغا، بولۇپمۇ ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلارغا ھامىيلىق قىلغان.

ساھىبقىران ئەمىر تېمۇرنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدە سارايمۇلۇك خانىم كۆپىنچە بىرگە بولغان. تارىخىي مەنبەلەردە يەكدىللىك بىلەن ئېتىراپ قىلىنىشىچە قارىغاندا، سارايمۇلۇك خانىم بەكمۇ زېرەك ۋە تەدبىرلىك ئايال بولۇپ، سەلتەنەتنى ئىدارە قىلىش قىيىنلىشىپ قالغان ۋاقىتلاردا ۋە بىرەر مۇئەمما تۇغۇلغان پەيتلەردە ئۆزىنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتلىرى بىلەن كۆپ مۈشكۈللەرنى ئاسان قىلغان. گەرچە ئەمىر تېمۇر سارايمۇلۇك خانىمغا ئاشكارە بويسۇن-مىسىمۇ، ئۇنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالغان، پىكىرىنى بىلىشكە قىزىققان. نەقىل كەلتۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئەمىر تېمۇر يۈرۈش باشلىغان بىر ۋاقىتلاردا بىر قېتىملىق قامال ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىپ، قوشۇننى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەشكە مەبلەغ يەتمەي قالىدۇ. ئاخىرى، ئەمىر تېمۇر سەمەرقەندكە چاپارمەن يوللاپ، سارايمۇلۇك خانىمغا مەكتۇب ئەۋەتى-دۇ. مەكتۇب قىسقا بولۇپ، «قوشۇننىڭ خىراجىتى تۈگىدى، خەزىنىدىن زەر ئەۋەتىڭ» دېيىلگەن ئىدى. سارايمۇلۇك خانىم كۆپ ئويلاپ ئولتۇرماي، مەزكۇر مەكتۇبنىڭ كەينىگە: ①

---

① قىسقارتىپ ئېلىندى.

«ئۇلۇغ ئەمىر، زەرىڭىز تۈگىگەن بولسا، سىياسەتىڭىز ھەم تۈگىدىمۇ؟» دەپ يازىدۇ ۋە ئۇنى چاپارمەنگە بېرىپ، تېز قايتىپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ.

ئەمىر تېمۇر مەكتۇبنى ئېلىپ، سارايمۇلۇك خانىمنىڭ كىنايىلىك جۈملىسىنى ئوقۇپلا، گەپنىڭ تېگىنى چۈشىنىپ، دەرھال پەرمان بېرىدۇ: «لەشكەرگاھتا سويۇپ يېيىلگەن قوي، قارا مال، ئات ۋە تۆگە سۆڭەكلىرىنىڭ ھەممىسى يىغدۇرۇلۇپ، تۈرلۈك ھەجىمدە پارچىلان-سۇن، چوڭ ھەجىمدىكىسىگە چوڭ قىممەت، كىچىكلىرىگە كىچىك قىممەت بەلگىلەپ، قىزدۇرۇلغان پولات مۆھۈر ئۇرۇپ تامغا بېسىلسۇن ۋە مۇۋەققەت پۇل ئورنىدا قارالسۇن. قوشنا شەھەر ۋە قىشلاقلاردىن ئۇشبۇ سۆڭەك پۇلغا قوشۇن ئۈچۈن ئوزۇق - تۈلۈك سېتىپ ئېلىنسۇن. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي بۇ سۆڭەك پۇللار زەر بىلەن ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.»

ئەمىر تېمۇر سارىيىدا جارى قىلىنغان تەرتىپكە قارىغاندا، چەت ئەللىك ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىش مۇراسىملىرىدا ھۆكۈمدارنىڭ يېنىدا ھەمىشە ئۇنىڭ ئاياللىرى ئىشتىراك قىلغان ئىكەن. ئىسپانىيە كارولى گېنرىخنىڭ سەمەرقەند ھۆكۈمدارى تېمۇر ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى روي گونسالېس دې كلاۋىخانىڭ يېزىشىچە، 1404 - يىل 8 - سېنتەبىر دۈشەنبە كۈنى ئەمىر تېمۇر سەمەرقەندنىڭ چېتىدىكى «دىلكۇشا» بېغىدا ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلغان. قوبۇل مۇراسىمى كاتتا زىياپەت ۋە تەنتەنە بىلەن باشلانغان. ئۇشبۇ مۇراسىمدا ھۆكۈمدار تېمۇرنىڭ يېنىدا سارايمۇلۇك خانىم باشلىق بارچە خوتۇنلىرى يۈزلىرىگە چۈمبەت تاشلاپ ئولتۇرۇشقان. ئىسپانىيە كارولى ئەۋەتكەن ھەدىيەلەر ئارىسىدا ھۆكۈمدارغا قىزىل مۇۋۇت بەكمۇ ياراپ كەتكەن ۋە بۇ ھەقتە ئۇ ئۆز ئاياللىرى، بىرىنچى بولۇپ سارايمۇلۇك خانىم بىلەن پىكىرلەشكەن. 1404 - يىل 17 - ئۆكتەبىر جۈمە كۈنى، سارايمۇلۇك خانىم ئۇلارغا كاتتا زىياپەت بەرگەن. ئۇشبۇ زىياپەتتە باشقا ئەلچىلەر قاتارىدا ئىسپان ئەلچىسى روي گونسالېس دې كلاۋىخا ھەم ئىشتىراك قىلغان. كلاۋىخا تېمۇر باغلىرىدا بېرىلگەن زىياپەتلەر-نىڭ موللىقى، باغلارغا ئورنىتىلغان رەڭمۇ - رەڭ يىپەك چېدىرلار، ئۇنىڭدىكى ئالتۇن، كۈمۈش جاھازىلار ھەمدە باغلارنىڭ بەكمۇ دىت ۋە پاراسەت بىلەن ياسىتىلغانلىقى ھەققىدە ماختاپ ھېكايە قىلىدۇ.

نەقىل قىلىشلارغا قارىغاندا، كۈنلەردىن بىر كۈنى سارايمۇلۇك خانىمنىڭ كۆڭلىگە قۇتلۇق بىر نىيەت چۈشۈپ، ئۆز ئىقتىسادى ھېسابىدىن ساۋاب ئۈچۈن خۇدا يولىدا بىر مەدرىسە بىنا قىلدۇرماقچى بولىدۇ ۋە ئېرى ئەمىر تېمۇردىن ئىجازەت سورايدۇ. ھۆكۈمدار-دىن رۇخسەت بولغاچ، ئاتىسى قازانخان سوۋغا قىلغان بىر جۈپ ئالماس ئۈزۈكنى ساتقىلى بېرىدۇ ۋە شۇ مەبلەغنى مەدرىسە قۇرۇلۇشىغا بېغىشلايدۇ. ئېيتىشلارچە، سارايمۇلۇك خانىم مەدرىسە قۇرۇلۇشىغا پات - پات كېلىپ چوڭ ئۇستا ۋە ئىش باشقۇرغۇچىلارغا تۈرلۈك كۆرسەتمىلەرنى بېرىپ تۇرغان. رىۋايەتكە قارىغاندا، مەدرىسە قۇرۇلۇشى پۈتەي دەپ قالغاندا سارايمۇلۇك خانىم كېنىزەكلىرى بىلەن قۇرۇلۇش مەيدانىغا كېلىپ ئىش بېشىغا بىنانىڭ كەم - كۈستىلىرى ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىشكە باشلىغاندا بىر سىرلىق ۋەقە يۈز بەرگەن.

ئىش بېشى سارايمۇلۇك خانىمنىڭ يۈزىنى ئۆمرىدە كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تولىمۇ ئاقىل ۋە ئۆتكۈر زېھىنلىك ئايال ئىكەنلىكىگە تەن بەرگەن ۋە ئۇنى تەڭداشسىز گۈزەل، ساھىبجامال ئايال بولسا كېرەك، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان. مەلىكە كەتكەندىن كېيىن، ئىش بېشى سارايمۇلۇك خانىم بىلەن بولغان شۇ بىر نەپەسلىك مۇلاقاتتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، ھاياجانلىنىپ ئەتراپىدىكىلەرگە:

— يا پىرىم، ئايال زاتىمۇ شۇنچىلىك دانا ۋە ئاقىل بولارمۇ؟ — دېگەن، — خانىم ھەققىدە شۇ كۈنگىچە ئاڭلىغان بارچە تەرىپلەرنىڭ ھەممىسى توغرا ئىكەن. قېنى ئەمدى بارلىق ئاياللار شۇنداق نەفاساتقا ئىگە بولسا، — دەپ چوڭقۇر تىنغان.

ئىش بېشىنىڭ سادىدىلىق بىلەن ئېيتقان بۇ بىغۇبار سۆزلىرى تېز ئارىدا قۇرۇلۇشتا ئىشلەۋاتقان ئۇستا ۋە مەدىكارلار ئارىسىدا داستان بولۇپ، شەھەرگە تارقىغان. كېيىن مىش-مىش گەپلەر بارغانچە كۆپىيىپ، «نېمە دەيسەن، ئىش بېشى خانىمغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ قالغانمىش» دېگەندەك گەپ تارقىلىپ كېتىدۇ. تەبىئىكى، بۇ مىش-مىش گەپلەر سارايمۇلۇك خانىمغا بىر دەمدە بېرىپ يېتىدۇ. چوڭ ئۇستا ئۆزىنىڭ كەم ئەقىللىقىدىن ئۆكۈنۈپ يۈرگەن بىر پەيتتە، سارايمۇلۇك خانىمنىڭ خاس كېنىزەكلىرىدىن بىرى قولىدا رومالغا ئورالغان تەخسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ قالىدۇ ۋە ئۇنى ئىش بېشىغا تەقدىم قىلىپ:

— خانىم مۇشۇ تۇخۇملارنى سىزگە ئەۋەتتى. مۇشۇ يەتتە خىل رەڭگە بويالغان يەتتە دانە تۇخۇمنى تېتىپ تەمىنى پەرقلەندۈرۈپ بېرىدىكەنسىز. جاۋابىنى ئەتە قىيام پەيتىدە ئاڭلارمىز، — دەپ قايتىپ كېتىدۇ. ئىش بېشى رومالنى ئېچىپ، يەتتە خىل رەڭدىكى تۇخۇمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ، خانىم نېمىگە ئىشارە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدۇ ۋە چوڭقۇر ئىزتىراپتا قالىدۇ.

بۇنىڭ ئۈستىگە شۇ كۈنلەردە ساھىبقىران ئەمىر تېمۇر نۆۋەتتىكى يۈرۈشتىن قايتىۋاتقان، بۈگۈن-ئەتە سەمەرقەندكە يېتىپ كېلىدىكەن، دېگەندەك گەپلەر تارقالغان ۋاقىت ئىدى. ئىش بېشىنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇشۇپ، قولى ئىشقا بارماي، ئۆز تەقدىرىنى ئويلاپ، «بۇ مىش-مىش گەپلەر بېشىمغا بالا بولدى، ھەدېمەي ساھىبقىران كەلسە، مېنى ئەلبەتتە ساق قويماس، جازاغا مۇپتىلا قىلىنمىغاي تايىن، يائاللاھ، تەقدىرى ئەزەلدە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشىمامدۇ» دېگەن خىياللاردا بولىدۇ. ئەمما چىقمىغان جاندا ئۈمىد بار، بۇ يەردىن قېچىش چارىسىنى ئىزدەيدۇ. دەرۋەقە، قېچىپ نەگىمۇ بارالىسۇن؟ يەرگە كىرىپ كەتكىلى بولمايدۇ. دەرھال تۇتۇپ زىندانغا تاشلايدۇ. نېمە قىلىش كېرەك؟ ... ئىش بېشى ئويلاپ-ئويلاپ بىر قارارغا كېلىپ، شاگىرتىنى يېنىغا چاقىرىپ، پىلانىدىن ئۇنى ۋاقىپ قىلىدۇ. كېيىن ئۆزىگە ئىككى قانات باغلاپ، گۈمبەز ئۈستىدىن سەكرەشكە جۈرئەت قىلىدۇ. قانات ياردىمىدە ئۇ شەھەر سىرتىدىكى يايلاقتا قونۇشنى مولجاللىغان ئىكەن. ئەمما بېشى بىلەن يەرگە ئۆرۈلۈپ، ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇنى كۆزىتىپ تۇرغان شاگىرتى: «ۋاي ئەتتەڭ، ئۇستاز بىر خاتاغا يول قويۇپتۇ، ئەپسۇس، قانات بىلەن بىللە شارمۇ باغلاش لازىم ئىدىغۇ» دەپ،

www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە قانات ۋە شار باغلاپ، گۈمبەزدىن يەڭگىل پەرۋاز قىلغان ئىكەن. شۇ بويىچە شاگىرىت ساق ـ سالامەت جايىغا قونۇپ، كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. «ئۇستىدىن شاگىرىت ئۆزىدۇ» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغان دېيىشىدۇ.

سارايمۇلۇك خانىم قۇردۇرغان شۇ مەدرىسە سەمەرقەندتىكى مەدرىسەلەر ئارىسىدا( XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XV ئەسىر بېشىدا) ئەڭ بۈيۈك ۋە نامدار بولغان. ئۆز زامانىسىنىڭ يېتۈك مۇدەررىسلىرى تالىبى ئىلىملەرگە دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىلىملەردىن دەرس بېرىشكەن.

سارايمۇلۇك خانىم دائىم مەدرىسە تالىبلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن پات ـ پات خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارغا ھامىيلىق قىلىپ تۇرار ئىكەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بىر كۈنى سارايمۇلۇك خانىم ئۆز ئادىتى بويىچە قاش قارايغاندا، ئۆزىنىڭ خاس كېنىزەكلىرى بىلەن كىيىملىرىنى ئۆزگەرتىپ، مەدرىسە تەرەپكە قاراپ يول ئالىدۇ. ئۇ مەدرىسە تالىبلىرىنىڭ ئەھۋالى، كەيپىياتى، كىم قانداق تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلىقى ھەمدە تۈندە قانداق ئىش بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولغان ئىكەن. خانىم مەدرىسەگە يېتىپ كەلگەندە ھۇجرىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك چىرىغى ئۆچكەن، تالىبى ئىلىملەر شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاقىت ئىكەن. پەقەت بىرلا ھۇجرىدا شام يېنىقلىق ۋە ئىچكىرىدىن ئاۋاز چىقىۋېتىپتۇ. سارايمۇلۇك خانىم كېنىزەكلىرىنى مەدرىسە ھويلىسىغا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئاستا مېڭىپ شۇ ھۇجرا ئىشىكىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ ۋە ئىچكىرىگە قۇلاق سالىدۇ. تالىبى ئىلىملەرنىڭ بىرى يەنە بىرىگە:

— ئېيتىپ باققىنە، بۇرادەر ئېزىز، ھازىر كۆڭلۈڭ نېمىگە تارتىۋاتىدۇ؟ — دەۋاتقان ئىكەن.

— ھە، بۇرادەر، نېمىگە تارتاتتى، قوي يېغىدا دۈملەنگەن بىر لېگەن ياغلىق پولۇ بولسا، بىلەككە پاختا باغلاپ، بىر ئېغىز تەگسەك، ئۇنىڭ ساۋابىغا نېمە يەتسۇن، — دەپتۇ. كېيىن ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— خوش، ئاغىنە، ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلى نېمە تارتىۋاتىدۇ؟

— ھە، بۇرادەر، مېنىڭ كۆڭلۈمدە تامامەن باشقىچە ئارزۇ. ئۇشبۇ مەدرىسە ساھىبەسى سارايمۇلۇك خانىم دۇنيادا تەڭداشسىز گۈزەل دەپ ئاڭلىغانمەن، قانداق ئىلاج بولسا، شۇ خانىم بىلەن بىر كېچە سۆھبەت قىلسام، — دەپتۇ چوڭقۇر تىنىپ.

شېرىكىدىن بۇنداق قالتىس سۆزنى ئاڭلىغان دوستى:

— نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ — دەپ دەشنام بېرىپتۇ.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە سارايمۇلۇك خانىم ھۇجرا ئىشىكىدىن ئۇزاقلىشىپ، كېنىزەك-لىرى بىلەن سارايغا قايتىپتۇ.

ئەتىسى پېشىندىن كېيىن، خانىم خادىملىرىغا مەدرىسەنىڭ پۈتۈن تالىبلىرىنى سارايغا باشلاپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. تالىبى ئىلىملەر بۇ تەساددىپى تەكلىپتىن ھاياجاندا، خادىملارنىڭ نازارىتىدە سارايغا كېلىپتۇ. پۈتۈن تالىبى ئىلىملەرنى كاتتا مېھمانخانىغا باشلاپتۇ، زىياپەت

بېرىلىپتۇ. زىياپەت ئاخىرىدا پۈتۈنلەي قوي گۆشى، قوي يېغىدا تەييارلانغان ياغلىق پولۇ تارتىلىپتۇ. كېيىن مېھمانخانىغا كېنىزەكلەر مۇھاپىزىتىدە يۈزىگە پەردە تارتقان سارايمۇلۇك خانىم قەدەم تەشرىپ قىلىپ، مەخسۇس ئورۇندا ئولتۇرۇپ، تالىبى ئىلىملەر ئارىسىدىن ئاخشامقى سۆھبەتداشلارنى ھوزۇرىغا چاقىرىپتۇ ۋە:

— خوش، موللا يىگىتلەر، بەلكىكە پاختا باغلاپ يەيدىغان پولۇ ئوخشاپتۇمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. تېخىچە قورقۇپ ھوشىغا كېلەلمەي تۇرغان ھەر ئىككى تالىبى ئىلىم دەرھال تىز چۆكۈپ، تەزىم قىلىپتۇ.

— قۇللۇق، خان ئايىم، ئىنتايىن ئوخشاپتۇ، ماختاشقا تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ.

سارايمۇلۇك خانىم بىرىنچى تالىبى ئىلىمگە قاراپ:

— ئەندى سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزغا كەلسەك، كۆرۈپ تۇرغىنىڭلاردەك مەن ساھىبقىراننىڭ نىكاھىدىمەن، شۇڭا سىز بىلەن سۆھبەتتە بولۇش مۇمكىن ئەمەس، ئىلتىپات قىلىپ ئۆزۈمنىڭ گۈزەل كېنىزەكلىرىدىن بىرىنى سىزگە نىشانلاپ بېرەي، رازى بولامسىز؟ — دەپتۇ كۈلۈمسىرەپ، شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى دەرھال خانىمنىڭ ئايىغىغا تاشلاپتۇ.

— ئۆزرە، ئەپۇ قىلىڭ، خان ئايىم، بۇ بىئەدەپ قۇللىرىڭىزنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈڭ ...

شۇ ئەسنادا سارايمۇلۇك خانىمنىڭ ئىشارىسى بىلەن مېھمانخانىغا قازى بىلەن ئىمام ھازىر بولۇپتۇ ۋە بارچە تالىبى ئىلىملەر گۇۋاھلىقىدا كېنىزەكلەردىن بىرىنى ھېلىقى يىگىتكە نىكاھلاپ قويۇپتۇ...

1405 - يىل 18 - فېۋرالدا ساھىبقىران ئەمىر تېمۇر ئوترارda ۋاپات بولىدۇ، سەمەرقەند تەختىگە ئۇنىڭ نەۋرىسى خەلىل سۇلتان مىرزا (مىلادىيە 1411 -، 1384 - يىللىرى) چىقىدۇ. ئىبن ئەرەبشاھنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، خەلىل سۇلتان مىرزىنىڭ خوتۇنى شادىمۇلۇك بېگىم 1408 - يىلىدا سارايمۇلۇك خانىمنى قەستلىيدۇ. سارايمۇلۇك خانىمنىڭ جەسىدىنى ئۆزى قۇردۇرغان مەدرىسە يېنىدىكى مەقبەرەگە، تاش تاۋۇتقا سېلىپ، مومىيالاپ دەپىن قىلىنىشىدۇ.

(ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: بۇغدا ئابدۇللا)

(بۇغدا ئابدۇللا: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن، پروفېسسور)

# زۇلمەت ئىچىدە نۇر[1]

(ئەلشىر نەۋائى ھەققىدە قىسسە)

مىركەرىم ئاسىم

## ئەرزنامە

«ئاستراباد ۋىلايىتىنىڭ ئۇلۇغ ھاكىمى ئەلشىر بەگ جانابلىرىغا، بىز سەدەنرۇستاق بۆلىكى (رايونى) مەريەمئاباد كەنت ئۇلۇسى باش ئېگىپ ئەرز قىلىمىز: بۇنىڭدىن تۆت يىل مۇقەددەم قاراقچىلار كەنتىمىزگە بېسىپ كىرىپ، ئاھالىنىڭ يېرىمىدىن كۆپىنى مەھبۇس قىلىپ ئېلىپ كەتكەندى. ئەمما ئىجارىكەش ئولپانچىلار، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىككى ھەسسە كېمەيگىنىگە قارىماي، ئاۋۋالقى مىقداردا باج - سېلىق ئالىدۇ. ھەممىمىز خانىۋەيران بولدۇق، ئېتىزلارنى ئوت بېسىپ كەتتى. ئىلتىماس قىلىمىزكى ...»

نەۋائى بۇ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئەرزگە قۇلاق سېلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ نۇرانە يۈزىنى كۆلەڭگە، كۆزلىرىنى غەم چولغىدى. سادىدا تىل بىلەن يېزىلغان بۇ ئەرزدە ناھەق ئېزىلگەن خەلقنىڭ پەريادى ئاڭلىناتتى.

— كەنتىڭلاردا بۇرۇن قانچە ئائىلە بار ئىدى، قاراقچىلار بۇلىغاندىن كېيىن قانچىسى قالدى؟ — دەپ سورىدى نەۋائى ئەرزنامىنى ئاخىرىغىچە تىڭشاپ.

— ئاۋۋال ئىككى يۈزدەك ئائىلە بار ئىدى، ھازىر توقسەنچە قالدى.

— دېمەك، توقسەن ئۆيلۈك ئىككى يۈز ئۆيلۈكنىڭ سېلىقىنى تۆلەيدۇ؟

— ھەئە، تەقسىر، شۇنداق؟

شائىر باش چايقاپ «ئۇھ» دەپ قويىدى. مەملىكەتنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىدا مۇشۇنداق ناھەقچىلىقلار بولىۋاتاتتى.

— ياخشى، بىز بۇ ئىشنى ئېنىقلاپ، دەردىڭلارغا يېتىمىز، ئەمدى سىزگە رۇخسەت. يىگىت تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. نەۋائى ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ دېھقانلاردىن چىققان شۇنداق ساۋادلىق، پاراسەتلىك يىگىتلەرنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلاردىن ياردىمىنى ئايىمايتتى.

— سەدەنرۇستاق بۆلىكىنىڭ باج - سېلىقىنى كىم كۆتۈرۈۋالغان؟

— بۆلەك باشلىقى ئەھمەد ئەلى بىلەن مۇھسىنبەگ ئالغان، — دېدى دېۋان باشلىقى تاتىرىپ.

— ئەگەر ئەرزنامىدىكى سۆزلەر راست بولسا، ئۇ زالىملارغا جازا بېرىش كېرەك، بۇ باشقا زالىملارغا ئىبرەت بولسۇن. دۈشەنبە كۈنى بۇ ھەقتە مەن ئەرزىڭىزنى تىڭشايمەن.

---

[1] بېشى ئۆتكەن سانىدا.

پەگادا ھەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان كاتىپ سول تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان دەپتەرگە نەۋائىنىڭ بۇيرۇقىنى يازدى.

شائىر يەنە بىر نەچچە كىشىنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ، ھېرىپ - ئېچىپ، كەيپى بۇزۇلۇپ ئۆيىگە يانغاندا بەھلۇل تەزىم قىلىپ، خوجا ئەفزەلنىڭ ھىراتتىن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— خوجا ئەفزەل؟ قانداق شامال ئۇنى بۇ تەرەپكە ئۇچۇرۇپتۇ؟

— پالاكەت شامىلى، — دەپ جاۋاب بەردى ئوتتۇرا بوي، قارىراق كەلگەن بىر يىگىت ئۇدۇللىغا كېلىپ.

ئىككى دوست قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ھال - ئەھۋال سوراشتى. دەستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۇزۇن سۆزلەشتى.

— ھىراتتا قانداق گەپلەر بار؟ تەپسىلى سۆزلەپ بېرىڭ.

— سوراپ نېمە قىلىسىز. چوپان ھەيدىلىپ، قويلار بۆرىگە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، نېمە بولاتتى. مەجدىددىن زەرباب چاپان ۋە نورۇزنى كۆلاھ كىيىپ ۋەزىر بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن شەھەر كاسىپلىرى ۋە ھۈنەرۋەنلەرگە، پارچە - پۇرات مال ساتقۇچى سودىگەر، باققاللارغا تامغا سېلىقى سالدى، دېھقانلاردىن كەلگۈسى يىلنىڭ سېلىقىنى ئۇندۇرۇپ ئالدى، غەزىنە دىنارغا تولدى.

مېڭىشىمدىن ئىككى كۈن ئاۋۋال باغى زەكاندا شۇنداق كاتتا زىياپەت بولدىكى، جەمشىد زامانىدىن بېرى بۇنداق بەزمىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەرمەر كۆل سۇ ئورنىغا شەربەت بىلەن تولدۇرۇلدى. كېلىشكەن يىگىتلەر ئەمەلدارلارغا ئالتۇن پىيالىدە شەربەت ۋە شاراب تۇتاتتى. ھاپىزلار سىزنىڭ غەزەللىرىڭىزنى ئوقۇپ ھوزۇرلىناتتى. مەنمۇ ئۇ زىياپەتتە بولدۇم، تۆۋەندە ئولتۇراتتىم ۋە غەم ئاتەشىنى بېسىش ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن چاغىر ئىچەتتىم. بىر چاغدا قارىسام، تۆپەمگە باقاۋۇل كېلىپ «خوجا، سىزنى مىرزىمىز چاقىرىۋاتىدۇ» دەپ قالدى. مەن ئورنۇمدىن ئاران - ئاران قوپۇپ، مىرزىنىڭ ھوزۇرىگە دەلدەڭشىپ باردىم. ئۇ زاتمۇ شىركەيىپ ئىكەن، ماڭا بىر قاچا چاغىر سۇنۇپ: «خوجا، بىزگە قىلغان خىزمىتىڭىز بەدىلىگە مىننەتدار ئىلكىمىزدىن بىر قاچا شاراب ئىچسەڭىز»، دېدى. تىزلىنىپ، ئىككى قولۇپ بىلەن قاچىنى ئالدىم. ئورنۇمدىن قوپۇپ، كەينىمگە ئىككى قەدەم چېكىنىپ، چاغىرنى ئىچىۋەتتىم ۋە قاچىنى ئاياقچىغا سۇندۇم. پادىشاھىمىز كۆزۈمگە ئىككى بولۇپ كۆرۈنۈپ، رۇيى زېمىن چايقىلىشقا باشلىدى. مەن گۇپ قىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپتىمەن. مىرزىمىز بىلەن مەجدىددىننىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنى قۇلىقىمدا قاپتۇ. باشقىسى ئېسىمدە يوق، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇلازىملار مېنى كۆتۈرۈپ، بىر ھۇجرىغا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ....

نەۋائى ئۇنىڭ ھېكايىسىنى تىڭشاپ تۇرۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى، چىشلىرى غۇچۇرلىدى:

— مەيلى! خالىغانچە ئىچىملىككە بېرىلىۋەرسۇن، خەلقنىڭ مېلىنى بۇزۇپ - چېچىپ، زىياپەتلەرگە سەرپ قىلىۋەتسۇن، ناھەق تارتىۋېلىنغان بىر يىڭنە كۆكسىگە ئالماس خەنجەر بولۇپ قادىلىدۇ، ئاياللارنىڭ ئىلكىدىن تارتىپ ئالغان بىر غولاچ يىپ ئەژدىھار بولۇپ، ئۇلارغا چاڭ سالىدۇ!

www.uyghurkitap.com



خوجا ئەفزەل شائىرنىڭ بۇ جانلىق سۆزلىرىگە ئۈنچىقماي قۇلاق سېلىپ تۇردى، كېيىن يەنە سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— شۇ زىياپەتتە مېنى شۇنچە كەمسىتكەندىن كېيىن، ھىراتتىن كېتىشكە جەزم قىلدىم. پايتەختتە تۇرۇش مەن ئۈچۈن خەتەرلىك بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا ئاسترابادتىن باج - سېلىقنى ئۇندۇرۇپ كېلىشنى باھانە قىلىپ يولغا چىقتىم.

— ياخشى قىپسىز، — دېدى نەۋائى خىيال سۈرۈپ، — بۇ يەردىمۇ قېلىشىڭىز ياخشى ئەمەس.

— قانداق قىلاي، نەگە باراي؟

— ھەج باھانىسى بىلەن ھىجازغا سەپەر قىلىڭ. مەن مىرزىغا بۇ ئارىدا ئىككى ئىلىك خەت يوللىۋېتىمەن. سىزگە ئىككى نەۋكىرىمنى بېرىمەن.

ئۇلار خېلى ۋاقىتقىچە سۆزلىشىپ، مەسلىھەتنى پۇشۇرۇشتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ سابىق ۋەزىر سەپەر ئېتىغا مىنىپ، ھىجازغا مېڭىپ كەتتى.

ساھىب دىۋان مەرىيەمئاباد خەلقىنىڭ ئەرزىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. نەۋائى خەلققە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەلدارلارنى يامان كۆرەتتى. ئۇ غەزەپكە كېلىپ، بۆلەك باشلىقى ئەھمەدئەلىنى ئىشتىن بوشىتىش ۋە پۈتۈن مال - مۈلكىنى خەزىنە ھېسابىغا مۇسادىر قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

— مۇھەسسىنبەگنىچۇ؟ — دەپ سورىدى خوجا شەمشىددىن.

— ئۇنى ياتقۇزۇپ، يالىڭاچ بەدىنىگە ئون بەش تاياق ئۇرغۇزۇڭ، ئاستراباد ۋىلايىتىدىن قوغلىۋېتىلسۇن. مەرىيەمئاباد كەنتىگە ئىنايەتنامە بېرىلىپ، ئىككى يىلغىچە باج - سېلىقتىن ئازاد قىلىنسۇن.

— بېشىم بىلەن، — دېدى يېڭى ھاكىمنىڭ سىياسىتىدىن تىترەپ كەتكەن ئەمەلدار.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئەمەلدارلار، ئىجارىكەشلەر نەپسىنى يىغىپ، ھەربىر قەدىمىنى بايقاپ باسىدىغان بولۇشتى.

ئۆز يولىدىن چىقىپ، مەملىكەتنى باسقان زۇلۇم — دەھشەت دەرياسىنى قامچا بىلەن ئۆز ساھىلىغا چېكىندۈرۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى نەۋائى ياخشى بىلەتتى. لېكىن قولىدىن كەلگىنىچە ئەمگەكچى خەلققە ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم يۈكىنى يېنىكلىتىشكە ھەممە كۈچى بىلەن ئۇرۇندى. پېقىر - پۇقرالارمۇ ئۇنىڭ بۇ نىيىتىنى بايقاپ، ھەر قەدەمدە ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى نەۋائىنىڭ ئالدىغا مەرىيەمئابادلىق ھېلىقى يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ كىچىكرەك بىر پارچە گىلەمنى شائىرنىڭ ئايىغى ئاستىغا قويۇپ:

— سىزدىن مىننەتدار بولغان يۇرتداشلىرىمىز بۇ ئەرزىمەس سوۋغىنى ئەۋەتتى، — دېدى ۋە، — كەنت ئاياللىرى بۇ گىلەمچىنى سىزگە ئاتاپ ئۆز قولى بىلەن توقۇغان.

— نېمە قىلاتتىڭلار ئاۋارە بولۇپ، چىقىمدار بولۇپ؟ — دېدى شائىر سەھرا ئەھلىگە ئىچى ئاغرىپ. ئەمما سوۋغىنى ياندۇرۇۋېتىش لايىق ئەمەسلىكىنى بىلىپ، قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە يېزا ئەھلىنى سوراشتۇردى.

— ئىنايەتنامىنى ئېلىپ ھەممە ئادەم خۇشال بولدى. چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن سىزگە ئۆمۈر تىلەپ، دۇئادا يادلىنىپ ئولتۇرىدۇ. ھەتتا كەنتىمىزنى تاشلاپ كەتكەن بەزى

دېھقانلارمۇ ئۆز يەرلىرىگە يېنىپ كەلدى.

نەۋائىينىڭ كۆزىگە ئۆز يېزىسىغا قايتىۋاتقان يىرتىق كىيىملىك دېھقانلار، يالاڭئاياق، كىيىمى يىرتىق، چىرايلىق بالىلار، بېشىغا چاپان يېپىنغان، كۆزلىرىنى غەم باسقان دېھقان ئاياللار كۆرۈنۈپ كەتتى ۋە چوڭقۇر خورسىنىپ قويدى.

— ئەمدى سىزگە رۇخسەت، كەنتىڭىزگە يېنىپ، سوۋغىمىزنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى، دەپ ئېيتىڭ.

— مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قالىمەن، — دېدى يىگىت قەتئىي قىلىپ، — جامائەت مېنى سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىشقا ئەۋەتتى.

نەۋائىي ئۆزىگە خىزمەتچى كېرەك ئەمەسلىكىنى ھەرقانچە چۈشەندۈرمەكچى بولسىمۇ يىگىت ئۆز ئېيتقىنىدا تۇرۇۋالدى: «مەن كەنتكە يانسام دېھقانلاردىن تىل ئاڭلايمەن» دېدى. نەۋائىيغا بۇ يۈرەكلىك دېھقان يىگىت يېقىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئېتىنى سورىدى:

— ئېتىم ئوغانبەردى، بوۋام خۇدايبەردى، ئەسلى شۇ يېزىدىن ئىدى، رەھمەتلىك ئاتام ئۆز ئەمگىكى بىلەن ياخشى ياشاپ كېلىۋاتقان ئابرويلۇق ئادەم ئىدى، خالىغان ئادەمدىن سوراپ باقسىلا بولىدۇ ...

نەۋائىي ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، چىرايىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدى. كېيىن باقاۋۇلنى چاقىرىپ، ئوغانبەردىنى ئىشقا ئېلىشنى ئېيتتى.

— ئاشخانىدا ئىشلەپ تۇرسۇن، كېيىن ئۇنىڭغا مۇۋاپىق بىر ۋەزىپە تېپىپ بېرىمىز، — دېدى.

ھاياتىدا قورسىقى تويۇپ تاماق يېمىگەن ئوغانبەردى يېڭى ئىشتىن بەك خۇش ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەن قوپۇپ، ئاشخانىدىكى يوغان سوغىلارنى سۇغا تولدۇراتتى، ئوتۇن ياراتتى. ئاندىن كەچلىك تاماق ئۈچۈن سويۇلغان غازلارنىڭ پېيىنى يۇلۇپ، تازىلايتتى. بوش ۋاقىتلىرىدا بېھلولدىن دەرس ئالاتتى، تەپ تارتماي نەۋائىينىڭ ئالدىغا كىرىپ، كېرەكلىك كىتابلارنى سورايتتى ...

بىر كۈنى قاش قارايغاندا ئوغانبەردى بۇلاقتىن چوڭ چېلەكلەردە سۇ ئېلىپ كېلىپ سوغىغا قۇيۇۋاتقانىدا، ئاشخانا ئىچىدە باقاۋۇل، يالاڭتۆش ۋە ئاشپەزنىڭ ئاستا سۆزلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى ئىشىك يوچۇقىدىن كۆرۈپ قالدى. باقاۋۇل ئاچچىقىنى بېسىشقا ئۇرۇنۇپ، تۆۋەن ئاۋاز بىلەن سۆزلەيتتى ۋە خامۇش بولۇپ ئولتۇرغان ئاشپەزگە بىر نېمىنى چۈشەندۈرمەكچى بولاتتى.

— سەن بالا - چاقىلىق، ئاجىز بىر ئادەمسەن، شۇڭلاشقا ساڭا رەھىمىمىز كېلىدۇ. بىز بىلەن بىللە بولساڭ، ھېچقاچان خار بولمايسەن. نېمىشقا ئەمدى جاھىللىق قىلىسەن!

— بالا - چاقام ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن ئۆز رىسقىنى كۆرەر، ئەمما بۇ دۇنيادا ئارتۇقچە گۇناھ قىلىشقا رايىم يوق. جېنىم ئاكا، مېنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرماڭلار.

— بىزنىڭ كەينىمىزدە ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك ئادەملەر بار، ئۇ تەرىپىنى ئويلاپ قورقۇپ كەتمە. ساڭا پالانى ئىشنى قىل، دەپ بۇيرۇغىنىمىز يوققۇ! سوراق ۋاقتىدا بىز ئۆگەتكەن سۆزدە چىڭ تۇرساڭ، بەس، ئۇ تەرىپىنى ئۆزىمىز توغرىلايمىز.

— بىلمىدىم، قانداق بولىدىكىن؟ — دېدى ئىككىلىنىپ ئاشپەز، — مۇنداق ئويلاپ قارىساڭ، يۈرىكىڭ كەينىگە تارتىپ كېتىدۇ. ئۇ زات سۇلتاننىڭ نايىبىغۇ!

— ھەي، يەنە گەپنى ئايلاندۇردىڭغۇ، — دەپ غۇدۇڭشىدى يالاڭتۆش جىلى بولۇپ، — بىزنىڭ خوجىمىز ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ، سىپى ئۇزۇن، مەنسىپى يۇقىرى.

باقاۋۇل يانچۇقىنى كولاپ:

— ساڭا ئاتاپ قويغان بىر نەرسەم بار ئىدى، — دېدى ئاشپەزگە، — ماۋۇ بەش ئالتۇننى يانچۇقۇڭغا سېلىپ قوي. ۋاقتى كەلگەندە يەنە قولىمىز قۇرۇق بولماس...

ئوغانبەردى باقاۋۇلنىڭ سۆزىنى ئاخىرغىچە تىڭشاپ تۇرماي ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. ئۇدۇل نەۋائىنىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ، ئىشىكنى چەكتى، ھاياجاندىن ئۇنىڭ نەپىسى سىقىلىپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىققىدەك ئىدى. نەۋائى ئۇنىڭ چىرايىنىڭ خۇنى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئالدىدىكى شىرە تۆپىسىدە تۇرغان قاچىدىن سۇ ئىچكۈزدى. ئوغانبەردى بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى:

— تەقسىر، ئېھتىيات قىلىڭ، سىزنى زەھەرلىمەكچى. ئۇلارنىڭ بەرگەن تامىقىنى يېمەڭ. سىزگە ئۆز قولۇم بىلەن تاماق ئېتىپ بېرىمەن.

— ئوغانبەردى، مەنمۇ ئۇلاردىن گۇمانلىنىپ يۈرەتتىم. بىكار ئەمەس ئىكەن، لېكىن بۇ سىرنى ھازىرچە ھېچكىمگە ئېيتماي تۇرۇڭ. ئۇلارنى جىنايەت ئۈستىدە تۇتۇپ، جازاسىنى بېرىمىز. سىز بېرىپ ئورنىڭىزدا يېتىڭ.

بۇ گەپتىن كېيىن شائىرنىڭ قولى ئىشقا بارماي قالدى. قەغەزلەرنى بىر چەتكە يىغىشتۇ- رۇپ قويۇپ باققا چىقتى. دىۋاۋەندى تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى ئورماندىن سالقىن ھاۋا، خۇش پۇراق ھىدلار كېلىپ تۇراتتى، مەيىن شامال باغدىكى ياش ئەپلىسىن، لىمون دەرەخلىرىنىڭ ياپراقلىرى بىلەن ئوينىشاتتى. بىراق بۇ مەنزىرە بەخش ئەتكەن زوقنى تىمۇر لەڭ ۋاقتىدىن قالغان ۋەيرانىلىقلاردىن قالغان ھوقۇش ئاۋازلىرى بۇزۇپ تۇراتتى.

ئەلىشىر قولىنى كەينىگە قىلىپ باغ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرگەندە مىڭ خىل پىكىرلەر كېپىنەكلەردەك ئۇنىڭ بېشىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. مېڭىسى ھېچبىر ئارام تاپمايتتى. كۆڭلىنى شۈبھە، غەزەپ، پۇشايمان ھېسلىرى تالايتتى: «شۇنچىۋالا خىزمىتى بەدىلىگە ئەمدى ئۇنى زەھەرلىمەكچى! شۈبھىسىز، بۇنىڭدا مەجدىددىننىڭ قولى بار. ئۇ مىرزىنىڭ رازىلىقىسىز بۇنداق قەبىھ ۋە خەتەرلىك ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. نەۋائىنىڭ ئورنىدا باشقا ئادەم بولسا، ساداقەتكە خىيانەت قىلغان سۇلتانغا قارشى ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرەتتى. دەر ھەقىقەت، ئىسيان ئۈچۈن ئوڭشۇلۇق پەيت كەلگەن. خوراسان دۆلىتىنىڭ دۈشمىنى بولغان تۈركمەن سۇلتانى ياقۇپبەگنىڭ ياردەم بېرىشى ئېنىق. مەجدىددىننىڭ ھۆكۈمەت بېشىغا كېلىشىدىن نارازى بولغان بەلخ ھاكىمى دەرۋىشئەلى - نەۋائىنىڭ ئىنىسى، ئاكىسىنىڭ شەپە بېرىشىنى كۈتۈپ ياتاتتى. ئاتىسىدىن نارازى بولغان شاھزادە بەدىئۇززەمان بۇ ئىسيانىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى تۇرغان گەپ.»

ئەگەر نەۋائى شۇ ۋاقىتتا ئىسيان كۆتۈرسە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئېنىق ئىدى. بىراق چوڭقۇر مۇلاھىزىلەردىن كېيىن بۇ نىيەتتىن ۋاز كەچتى. «ئەي ئەلىشىر، — دەپ خىيالەن ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىلدى شائىر، — نەپسىڭ ئەقلىڭدىن غالىب كەلمىسۇن! سەن ناۋادا بىر قەدەم تاشلىساڭ، ھازىر مۇستەھكەم بىر قول ئاستىدا ياشاپ تۇرغان مەملىكەت پارچىلىنىپ كەتكۈسىدۇر. ئۆز ۋىلايەتلىرىدە ھۆكۈمدار بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرغان ھاكىملار بىر - بىرسى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا باشلايدۇ. خەلقنىڭ بېشىغا مىڭ خىل

كۆلپەتلەر كېلىدۇ. يەنە شەھەرلەر ۋەيران، زىرائەتلەر پايخان بولىدۇ! قويە، ئەلىشىر، بۇ نىيىتىڭدىن ۋاز كەچ! ئەلەم ۋە قىساسنىڭ ئاچچىق مېۋىلىرى بولغان بۇ پىكىرلەرنى بېشىڭدىن ھەيدە.»

شائىر ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىپ، شىرە ئۈستىدىكى بۇلاق سۈيىدىن بىر يۇتۇم ئىچتى، ئۇنىڭ ئەسەب تومۇرلىرى بىر ئاز تىنچىپ، يۈرىكى ئاستا ئۇرۇشقا باشلىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ نەۋائى باقاۋۇل ئېلىپ كەلگەن تاماقنى يېمەي، ئۆزى بېھلۇل بىلەن ئوغانبەردىنىڭ تامىقىغا شېرىك بولدى.

شائىر بىر كۈنى كېچىسى شىپائىدا يېزىپ ئولتۇرغاندا، باغنىڭ نېرىقى چېتىدىكى سۇپا تەرەپتە چۇقان - سۈرەن ئاڭلاندى. ئاندا - ساندا باقاۋۇلنىڭ ئاۋازى، بېھلۇلنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشى ئاڭلىناتتى. نېمە ئىش، بىر ئىش بولدىمۇ دەپ شائىر ئىشنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، سۇپا ياققا يۈگۈردى.

نەۋائى شىپائىدا ئۆز مەشغۇلاتى بىلەن ئولتۇرغان چاغدا مۇنداق ۋەقە يۈز بەرگەنىدى: بېھلۇل بىلەن نەۋائىنىڭ تاغىسى ئەبۇ سەئىد قولىدا شەھىد بولغان مىر سەئىدنىڭ ئوغلى مىرھەيدەر سۇپىدا ئولتۇرۇپ ئۆز يۇرتى ھىراتنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باغلار، يېزىلارنىڭ گۈزەللىكى توغرىسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. گەپتىن - گەپ چىقىپ، بېھلۇل باقاۋۇلنىڭ شۇبھىلىك ئىشلىرى، ئوغانبەردىنىڭ ئاڭلىغان سۆزلىرىنى ئېيتىپ قويدى، لېكىن دەرھال ئۆز خاتاسىنى بىلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسسىز گەپلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن، دەپ تىلىنى چاينىدى. مىرھەيدەر ئوتتۇز بەشلەرگە بېرىپ قالغان، يېنىك مىجەز، ئالدىراڭغۇ ئەسەبىي بىر يىگىت ئىدى. ياش چېغىدا ئات مىنىش، قىلىچۋازلىق قىلىش، ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلغان بۇ ئەپچىل، كەڭ كۆكرەكلىك يىگىت كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەئىشەتكە بېرىلىپ، ئەسەبلىرى بوشاپ قالغانىدى. ئۇ بېھلۇلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىشى بىلەن، چاچراپ ئورنىدىن قوپتى - دە، باغدا ئايلىنىپ يۈرگەن كۆزەتچى بىر نەۋكەرگە باقاۋۇلنى دەرھال ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. بېھلۇل ئاغزى بوشلۇقىدىن جىلى بولۇپ «بۇنداق قىلماڭ، مىر جانابلىرى خاپا بولىدۇ» دەپ يېلىنىپ يالۋۇردى، بىراق، سۆزى كار قىلمىدى.

ھەر مۇرىسىگە ئىككىدىن ئادەم ئولتۇرسا سىغىدىغان نارغول نەۋكەر باقاۋۇلنى سۆرەپ ئېلىپ كەلدى. چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ قالغان مىر ھەيدەر باقاۋۇلنى ساقىلىدىن تۇتۇپ، يۈزىگە بىرنى ئۇردى ۋە يەرگە ياتقۇزۇپ، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تېپىشكە باشلىدى. ھەرتەپكەندە: «سەنمۇ تېخى تاغامغا ئوغا بەرمەكچى بولغان»، — دەپ ۋارقىرايتتى. چوقان - سۈرەن بولغان يەرگە بىر نەچچە خىزمەتكار يۈگۈرۈپ كەلدى، بىراق ئۇلار مىر ھەيدەردىن قورققانلىقىدىنمۇ ياكى ۋەقەنى چۈشىنەلمىگەنلىكىدىنمۇ، تەمتىرەپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇراتتى. شۇ ئەسنادا نەۋائى يۈگۈرۈپ كېلىپ، جىيەنىنىڭ قولىنى تۇتتى.

تاغىسىنى كۆرگەن مىر ھەيدەرنىڭ ئاچچىقى پەسلەپ، سارالڭ ئادەمدەك ئۇياق - بۇياققا دەسسىنىپ قالدى، ئاندىن يەردە ياتقان باقاۋۇلنى ساقىلىدىن تۇتۇپ، ئورنىدىن قوپقۇزۇپ قويدى.

نەۋائى مىر ھەيدەرنىڭ ۋارقىراپ دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغان. ۋەقەنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايقىغانىدى. ئۇ بېھلۇلغا مەنىلىك قاراپ قويدى - دە، جاڭجال تۆپىسىگە

uyghurkitap.com



كەلگەن ئادەملەرگە قاراپ «ئۆز ئورنۇڭلارغا كېتىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. بۇ ماجرانىڭ باش ئەيبدارى بىھلۇل ھەممىدىن ئاۋۋال كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

سۇپىدا نەۋائى باقاۋۇل بىلەن يالغۇز قالغاندا، ئۇنىڭغا تىكىلىپ، خېلىغىچە نېمە دېيىشى- نى بىلەلمەي قالدى. ئىشنىڭ ۋاقتىدىن بۇرۇن ئېچىلىپ قالغانلىقىدىن ئۇ ئەپسۇسلىناتتى. ئەمدى باقاۋۇلنىڭ جىنايىتىنى نېمە بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن؟ ئۇنى جازاغا تارتىش ئۈچۈن ئاساس يوق! شۇنداق بولسىمۇ، سىر بەرمەي، قەتئىي قىلىپ دېدى:

— سېنىڭ قارا نىيىتىڭ بىزگە مەلۇم. ھەربىر قەدىمىڭنى ساناپ، قىلغان ئىشلىرىڭنى بىلىپ تۇرىۋاتىمىز. بىكاردىن ئاۋارە بولۇپ، جىنايىتىڭنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنما. راستىنى ئۆز تىلىڭ بىلەن ئېيتساڭ، گۇناھىڭنى كەچۈرىمەن.

تاياق يەپ، ئەقلى - ھوشىنى يوقاتقان باقاۋۇل دەرھال ھوشىغا كەلدى. «ئاشپەز سىرنى ئېچىپ قويغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى.

— گۇناھىمنى كەچۈرۈڭ، تەقسىر، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز ئېيتىمەن، — ئۇ ئەلىشىرنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ، يەرنى سۆيۈشكە باشلىدى: — بىلىدىكەنسىز، گۇناھىمدىن كېچىڭ. بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ!

غەزەپتىن بەدەنلىرى تىترەپ تۇرغان نەۋائى باشتا ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتمەكچى بولغانىدى، كېيىن ئويلىنىپ بۇ قارارىدىن ياندى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى، غەلىيانغا كەلگەن ھېسلىرى قىساسنى تەلەپ قىلسىمۇ، بىراق ئەقلى بۇنىڭغا كۆنمەيتتى. «پۇتۇڭغا يىقىلىپ، تويغا مىنىلىپ ياتقان قورالسىز دۈشمەندىن نېمە قىلسەن ئۆچ ئېلىپ؟ — دەيتتى ئەقلى، — قىساس ئالماقچى بولۇپ، باقاۋۇلنى جاللاتقا تاپشۇرساڭ، ھىراتتا قانداق غەۋغالار كۆتۈرۈلۈ- شىنى بىلەمسەن؟! دۈشمەنلەر، نەۋائى ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، خەلققە زۇلۇم سېلىۋاتىدۇ، دەپ سۆز تارقىتىدۇ. يالغۇز سۇلتاننى ئەمەس، كونا دوستلارنىمۇ ئۆزۈڭگە قارشى قىلىۋالى- سەن. قويە، بۇ قېتىم ئۆچ ئېلىش لەززىتىدىن ۋاز كەچ!»

ئەلىشىر ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئەقلىنىڭ سۆزىگە كىرىشكە جەزم قىلدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆچ ئېلىشقا ھوقۇقسىز، مىڭ تۈرلۈك كۆزگە كۆرۈنمەس زەنجىرلەر ئۇنىڭ ئەركىنى ئورىۋالغانىدى: «قايناپ تۇرغان قازاننى يېپىقلىقىچە قالدۇرۇش كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— قوپ ئورنۇڭدىن، — دېدى ھېلىقى پۇتىنى سۆيۈپ ياتقان باقاۋۇلغا نەپرەت بىلەن قاراپ، — بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، ئەمما بىر شەرت بار: بولۇپ ئۆتكەن بۇ ماجىرالارنى ھېچكىمگە ئېيتماي سىر قىلىپ ساقلايسەن.

باقاۋۇل بۇ يېنىك شەرتنى جان دەپ قوبۇل قىلىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە نەۋائىنىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى تەكرار - تەكرار سۆزلىدى. كېيىن يىغلاپ سول قولى بىلەن ساقىلىنى تۇتاملاپ، ئوڭ قولى بىلەن يۈزىنى كاچاتلىدى: «نېمىشقا نەۋائىنىڭ قەدرىنى بىلمىدىم» دەپ كۆز يېشى قىلدى.

ئەلىشىر ئۆز مۇلازىملىرى، خىزمەتچىلىرىنى چاقىرىپ، مىر ھەيدەرنىڭ خاتالاشقانلىقى- نى، ئۇنىڭ باقاۋۇل ھەققىدىكى گۇمانلىرى ئاساسسىز گەپ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ھەممە بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، ئۇنچۇقماي جاي - جايلىرىغا تارقالدى.

ئاردىن بىر ئاي ئۆتمەي، توپلانغان باج - سېلىقلارنى ھىراتقا ئېلىپ بارغان مىرھەيدەر نەۋائىنىڭ تاپىلىشىغا قارىماي بىر ئىچىملىك زىياپىتىدە ئاستراباد ۋەقەسىنى دوستلىرىغا

سۆزلەپ بەردى. سۇلتان ھۇسەيىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدى. سۆزنىڭ ئۆلغىيىشىدىن قورقۇپ، مىرھەيدەرنى يالغانچى دەپ ئەيىپلەپ، ئىختىيارىددىن قەلئەسىگە قامىتىپ قويدى. نەۋائىغا: «ھىراتقا يېنىپ كېلىڭ، ھەرگىز بۇنداق يامان پىكىرلەر خىيالىمغا كەلمىگەنىدى» دەپ خەت ئەۋەتتى. شۇ باھانە بىلەن نەۋائى ئاستراباد سۈرگۈنىدىن قۇتۇلۇپ، سۆيۈملۈك يۇرتى ھىراتقا يېنىپ كەلدى ۋە سۇلتان ھۇسەيىنگە ئاستراباد ئىشلىرى توغرىسىدا ھېسابات بەرگەندىن كېيىن:

— مىرزام، ئىلتىپاتىڭىزنى دەرىغ تۇتماي ئاسىي ۋە گۇناھكار مىرھەيدەرنىڭ قېنىدىن كېچىڭ. ئۇ دېۋانە مىجەز يىگىت تىلىنى ئاسراشنى بىلمەيدۇ.

نەۋائى سۇلتاننىڭ ھۇجرىسىدا ھۆكۈمدارنىڭ ئۇدۇلىدا باش ئېگىپ تۇراتتى. ھۆكۈمدارنىڭ چىرايى تاتىرىپ، يۇمۇق كۆزلىرى چاقنايتتى، ھاسىراپ نەپەس ئالاتتى.

— ئەگەر بۇ نادان يىگىت مىرسەئىدنىڭ ئوغلى بولمىغان بولسا قېنىدىن كەچمىگەن بولاتتىم. ئېيتقان سۆزىگە قاراڭ: سۇلتاننىڭ باقاۋۇلى ئەلىشىرنى زەھەرلىمەكچى بولغانمىش. بۇنداق يالغاننى ئېيتىشقا قانداق تىلى باردىكىن؟ — ھۇسەيىن ئالدىدىكى قاچىدىن بىر ئوتلام شەربەت ئىچىپ، يېنىك نەپەس ئېلىشقا باشلىدى، — دوستلىرىڭىز تەشۋىشكە چۈشكەن. شۇڭلاشقا سىزنى دەرھال ھىراتقا چاقىرتىۋالدىم، ئېنىقكى ئۇلار سىزنىڭ ساق - سالامەتلىكىڭىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن. مىرھەيدەر ساراي ئەھلى ئالدىدا مەست چېغىدا ئېيتقان سۆزلىرى يالغان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، مەندىن ئەپۇ سورىسۇن. بولمىغۇر پىتنىلەرگە خاتىمە بېرىشنىڭ بىردىنبىر يولى شۇ. مەن پەرمان قىلدىم، ئىختىيارىددىن قەلئەسىنىڭ دوغىسى مىرھەيدەرنى ئازاد قىلىۋېتىدۇ.

— خۇداغا مىڭ قاتلا شۈكرىكى، سەلتەنەت گۈلشەنىدىن مۇرۇۋۋەت يالقۇنى كەلدى، — دېدى نۇرلىنىپ كەتكەن شائىر، — ياخشى ئادەم يامانلارغىمۇ ياخشىلىق قىلىشنى ئۇنتۇماس. سىز ياخشى مۇئامىلە بىلەن دۇشمەنلەرنىمۇ ئۆزىڭىزگە يار قىلىۋالغان پادىشاھسىز، دائىم ئىلتىپاتىڭىز بۇلىقىدىن ھىممەت يامغۇرى ياغسۇن!

نەۋائى سۇلتان ھۇسەيىنگە تەكرار - تەكرار تەشەككۈر ئېيتىپ، ئورنىدىن قوپتى.

ئەتىسى مىرھەيدەر قەلئەدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ ساراي ئەھلى، قەبىلە ئاقساقاللىرى، شەھەر مۆتىۋەرلىرى ئالدىدا، سۇلتاننىڭ باقاۋۇلى توغرىسىدىكى ھەممە سۆزلىرىنىڭ تۆھمەت ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، مىرزا ھۇسەيىندىن كەچۈرۈم سورىدى.

(داۋامى بار)

(ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ)

(ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يېتۈك تىلماچنىڭ شان ـ شەرىپى

ئۆز مۇخبىرىمىز

قىرغىزىستاننىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوف: «كۆپ تىللىق بولۇش شەرەپلىك، ئەمما ئانا تىلىنى بىلمەسلىك نومۇس» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. مىللەتلەر بىلەن مىللەتلەر، دۆلەتلەر بىلەن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان، يەر شارى ئىقتىسادى بىر گەۋدىلىشىپ، رايون بىلەن رايون ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك پەرقلەر بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى «بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى» دە كۆپ تىل بىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەنە شۇنداق كۆپ تىللىق تەرجىمانلارنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى كۆۋرۈكلۈك رولى ناھايىتى زور. بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، ھەربىر مىللەت ئىچىدىن چىققان ئالىم، يازغۇچى، سەنئەتكارنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنى ئانا تىلغا تەرجىمە قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشىۋاتقان تۆھپىكار كىشىلىرىمىز ئاز ئەمەس.

بۇ تۆھپىكارلار ئۆزلىرىنىڭ تەرجىمە ئەمگىكى ئارقىلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنى تەرجىمە پائالىيىتى ئارقىلىق قايتىدىن ئىجادىي ئىشلەپ، كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش؛ مەنىۋى ئوزۇقلار بىلەن تەمىنلەپ، كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇشتە ئىنتايىن زور رول ئوينىدى ۋە ئوينىماقتا.

تېخى يېقىندىلا ئىككى ئاتاقلىق تەرجىمان مانا شۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. 2004 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تۈركىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدا جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسى تۈركچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ دېكتور يېتەكچىسى، ئاتاقلىق تەرجىمان رۇقىيە ھاجى خانىم ۋە ئاتاقلىق تەرجىمان ۋۇشىدۇڭ ئەپەندىلەر تەرجىمە قىلغان «سېرىق چاچلىق پالۋان — مۇستافا كامالنىڭ ئاخىرقى 300 كۈنى» ناملىق تۈركچە كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نۇسخىلىرىنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كۈنى تۈركىيە ئەلچىخانىسىنىڭ مېھمان كۈتۈش زالى چەت ئەللىك ۋە جۇڭگولۇق مېھمانلار بىلەن لىق تولغانىدى. تۈركىيە ئەلچىخانىسىدىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، مەركىزىي تەرجىمە ئىدارىسى، جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسى ۋە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىدىن كەلگەن مېھمانلار ۋە مۇخبىرلار زالدا بىر تەرەپتىن تۈركىيىلىك يازغۇچى جان دۈندار يازغان، جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسى تۈركچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ ئاتاقلىق دېكتورى رۇقىيە ھاجى خانىم تەرجىمە قىلغان «سېرىق چاچلىق پالۋان — ئاتا تۈركنىڭ ئاخىرقى 300 كۈنى» ناملىق كىتابنى ۋاراقلاپ ئۆزئارا مۇھاكىمە قىلىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن زالغا ئېسىلغان ئاتا تۈرك مۇستافا كامالنىڭ سۈرەتلىرىدىن زوقلىناتتى. بۇ پائالىيەتكە ئىشتىراك ئەتكەن چەت ئەللىك ۋە جۇڭگولۇق مېھمانلار رۇقىيە ھاجى خانىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكىگە يۇقىرى باھالارنى بېرەتتى ۋە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرەتتى. بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ پائالىيەتتە ھەممە كىشىنىڭ

چېھرىدە خۇشاللىق تەبەسسۇمى جىلۋىلىنەتتى. تۈركىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى رافەت ئاك گۈناي ئەپەندى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە ئۆزى بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇنىڭدىنمۇ بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئاتا تۈرك تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، تۇنجى رەئىس جۇمھۇرى، تۈرك خەلقىنىڭ يېتۈك داھىيسى ۋە مىللىي قەھرىمانى. ئۇ تۈركىيە خەلقى ئارىسىدا يۈكسەك ئابرۇيي ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن دۇنياغا، جۈملىدىن جۇڭگو خەلقىگە تونۇش بولغان، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر زات. مۇشۇنداق ئۇلۇغ زاتنىڭ ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان بىر كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىشى ناھايىتى كاتتا بىر ئىش، ئەلۋەتتە. ئۇ جۇڭگو - تۈركىيە دوستلۇقى، ئۇيغۇر - تۈرك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا سالماق ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ قېتىملىق تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كىتابنىڭ ئاپتورى، ياش يازغۇچى جان دۇندار ئەپەندى تۈركىيىدىن جۇڭگوغا ئالاھىدە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئېگىز بويلۇق، كۆزەينەك تاقىغان، تۇرقىدىن ئەدەب - ئەخلاق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان جان دۇندار ئەپەندى رۇقىيە ھاجى خانىمنىڭ يېنىدا تۇراتتى ۋە ئۇنىڭغا يېنىش - يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتاتتى. كېيىن ئۇ سۆزگە چىقىپ، كىتابنىڭ يېزىلىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈردى ۋە ئۇنىڭ ئىككى خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىدىن ئۆزىنىڭ ئىنتايىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بولۇشىغا، تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان مېھمانلار كىتابقا ئاپتورنىڭ ئىمزاسىنى قويدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئورىۋېلىشتى. بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆز ئەسىرىنىڭ باشقا بىر تىلغا تەرجىمە قىلىنىشىدىن ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك. يازغۇچىنى يىراق - يېقىنغا تونۇتىدىغىنى ئۇنىڭ ئەسىرى. ئۇنى مىللەت ۋە دۆلەت پاسىلىدىن ئۆتكۈزۈپ تېخىمۇ يىراققا تونۇتىدىغىنى جاپاكەش تەرجىمان - تىلماچلار، ئەلۋەتتە.

جان دۇندار ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي بىلىملەر فاكۇلتېتىنىڭ ئاخبارات - نەشرىيات مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ «دېموكراتىك پارتىيە ۋە 12 - مارت»، «سېرىق چاچلىق پالۋان — ئاتا تۈرك مۇستافا كامالنىڭ ئاخىرقى 300 كۈنى»، «ھاياتقا ۋە سىياسەتكە دائىر»، «يامغۇردىن كېيىن»، «يېرىم ئالتىنچى ئاي» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. يازغۇچى مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ مۇنداق دېدى:

«ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەر ئوخشاش ھېسسىياتتىكى مىللەت، شۇ تاپتا مەن شۇنچىلىك ھاياجانلانماقتىمەن. مېنىڭ بۇ كىتابىمنىڭ جۇڭگودا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىشى مېنى ئاجايىپ سۆيۈندۈردى. ئاتا تۈركنى جۇڭگولۇقلار ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇ كىتاب ئارقىلىق ئاتا تۈرك مۇستافا كامالنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنسە بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولىمەن. مېنىڭ بۇ كىتابىمنى ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇتۇشقا سەۋەبچى بولغان رۇقىيە ھاجى خانىمغا قانداق رەھمەت ئېيتىشنى، كۆڭلۈمنى قانداق ئىزھار قىلىشنى بىلمەيۋاتىمەن. بىزنىڭ تىلىمىزنى، قەلبىمىزنى جۇڭگو تۇپرىقىغا يايغان رۇقىيە خانىمغا چەكسىز مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن ۋە بۇ كىتابنى نەشر قىلىش ئۈچۈن زور ئەجىر سىڭدۈرگەن ئۇستازلارغا تەشەككۈر ئېيتىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ بەخت ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلماقتىمەن، سىزلەرگە چىن يۈرەكتىن رەھمەت.» دېدى.

جان دۇندار توغرا ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ ئەمگىكى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى، شۇنداقلا خەنزۇ ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالەمچە خۇشاللىق ئىش. بۇ ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com

جان دۇندار كاتتا شەرەپكە نائىل بولدى. بۇ شەرەپ ھەم يازغۇچىغا ھەم ئۇنىڭ ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغان تەرجىمانغا تەئەللۇق. بۈگۈنكى كۈندە تەرجىمان — تىلماچلارنىڭ رولى كۈنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئابرۇيى بارغانسېرى چوڭ بولماقتا. چۈنكى تەرجىمان — كۆۋرۈك، تەرجىمان — بىلىم يەتكۈزگۈچى، ئۆزگە تىلغا جۇغلانغان بىلىملەرنى ئۆز مىللىتىگە تونۇشتۇرغۇچى، يەتكۈزگۈچىدۇر.

كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك: ئەينى چاغدا ياش يازغۇچى جان دەۇندار بېيجىڭگە كېلىپ رۇقىيە ھاجىنى ئىزدىگەندى ۋە «سېرىق چاچلىق پالۋان — ئاتا تۈرك مۇستافا كامالنىڭ ئاخىرقى 300 كۈنى» ناملىق كىتابىنىڭ جۇڭگودا نەشر قىلىنىشىنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۆز ھاياتىنى ئۆزى سۆيگەن دىكتورلۇق ۋە تەرجىمانلىق كەسپىگە بېغىشلىغان يېتۈك تەرجىمان رۇقىيە ھاجى خانىم ئاخىرى بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ چىقتى ۋە خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

رۇقىيە ھاجى 1960 ـ يىلىدىن بۇيان جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسىدا تۈرك تىلى دىكتورى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ساھەدە زور ئۇتۇقلارنى قازاندى. ئۇ يەنە تەرجىمە ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ سالماقلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ «ئامانىساخانىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئورنى»، «تۈرك تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەرقى»، «سۇتۇق بۇغراخان — تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تۇنجى مۇسۇلمان پادىشاھى»، «مەھمۇد كاشغەرى مولداۋىيەدە» قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈرلۈك ئىلمىي تەتقىقات يىغىنلىرىدا ئوقۇلۇپ، تېگىشلىك ئالقىشقا سازاۋەر بولغان. ئۇ يەنە «يېتىم يۇسۇپ» رومانىنى تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىغا، «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىنى ئۇيغۇرچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان (بۇ روماں تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان) ۋە «ياپونچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلىشىش لوغىتى»نى تۈزۈشكە قاتناشقان.

رۇقىيە ھاجى خانىم باش ئەلچى رافەت ئاك گۈناي ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن سەھنىگە چىققاندا پۈتۈن زالدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ھەممەيلەن شۇ ئالقىشلىرى ئارقىلىق مېھنەتكەش تەرجىماننىڭ ئەجرىگە رەھمەت ئېيتتى ھەمدە ئەجىر قىلغۇچىنىڭ مۇناسىپ شان ـ شەرەپكە نائىل بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى. رۇقىيە ھاجى خانىمنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق كۈلكىسى يېغىپ تۇراتتى. بۇ كۈلكە ئۆز نىشانىنى خەلققە يارىغىدەك قىلىپ ئىشقا ئاشۇرغان كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت كۈلكىسى ئىدى. ئۇ:

«ھۆرمەتلىك رافەت ئاك گۈناي ئەپەندى، ھۆرمەتلىك خانىملار، ئەپەندىلەر:

مەن ‹سېرىق چاچلىق پالۋان — ئاتا تۈرك مۇستافا كامالنىڭ ئاخىرقى 300 كۈنى› ناملىق كىتابنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىغا ئاتاپ تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، جۇڭگودىكى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرغىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. بۈگۈن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن؛ مەزكۇر كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نۇسخىلىرىنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇ ئۇلۇغ زات — مۇستافا كامالنى خاتىرىلەۋاتىمىز.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە تۈرك خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى ئاتا تۈرك باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، 600 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئوسمانلىي ئىمپېرىيە تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تۈركىيە تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئەركىن، مۇستەقىل، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى بەرپا قىلغان. ئۇ تۈركىيە خەلقى

ئارىسىدا يۈكسەك ئابرۇي ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپلا قالماي، پۈتۈن دۇنياغا، جۈملىدىن جۇڭگو خەلقىگە تونۇش بولغان، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر دۇنياۋى ئۇلۇغ زات. جۇڭگو بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئاتا تۈركنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق دۆلەت رەئىسى، ھازىرقى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ئاتا تۈرك قەبرىسىگە گۈلچەمبىرەك قويۇپ، ئاتا تۈرك مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا خاتىرە دەپتىرىگە ‹تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەشھۇر قۇرغۇچىسى مۇستافا كامال ئاتا تۈرك مەڭگۈ ھايات› دەپ بېغىشلىما يازغان.

مەن تۈركىيىگە تۇنجى بارغىنىمدا يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان تۈركلەرنىڭ ئاتا تۈرككە بولغان چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ قاتتىق ھاياجانلانغانىدىم. ئاتا تۈركنىڭ بۇنچىلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر ئېسىل پەزىلىتىنى ئۆگىنىشكە تەشنا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىمدا يازغۇچى جان دۇندار بىلەن ئۇچراشتىم. مەن بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ ئاتا تۈركنى جۇڭگو خەلقىگە تونۇشتۇرۇش ئۈمىدى بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىغا ئۆز ئارزۇيۇمنى ئېيتتىم. مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ قوللىشى، تۈركىيىنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىسى ھۆرمەتلىك رافەت ئاك گۈناي ئەپەندىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمى ۋە ئىلھامى ئارقىسىدا بۇ كىتاب ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نەشر قىلىنىپ مانا بۈگۈن ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىنىڭ جۇڭگو بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشىدە مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئىنشائاللاھ، بۇنىڭدىن كېيىن تۈركىيە بىلەن جۇڭگونىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن بىر قىسىم تۈركچە كىتابلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن تۈركىيىنى جۇڭگوغا، جۇڭگونى تۈركىيىگە تونۇشتۇرۇش مەقسىتىم بار.

بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا مېنىڭ ئاتا تۈرككە بولغان مېھر - مۇھەببىتىم ۋە ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى. ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ بۇ كىتابنى كۆرگەندىن كېيىن ماڭا ئوخشاش ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلغان چېغىمدا ماڭا زېرىكمەي، تېرىكمەي ياردەم قىلغان مۇتەخەسسىسلىرىمىز كامى ئەردۇھدۇ، لەۋەنت ئۇلۇچەرگە ۋە يېقىن دوستىمىز نازىم توپچۇغا، شۇنداقلا ئەينى چاغدا كىتابنىڭ چىقىشىغا كۈچ چىقارغان مىللەتلەر نەشرىياتىدىكى بارلىق يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.» دېدى.

ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى — ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، ئەلۋەتتە. جۇڭگو بىلەن تۈركىيىنىڭ دوستلۇق ئالاقىسى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى خېلى يىللار ئىلگىرىلا باشلانغان ئىدى. ئەينى يىللاردىلا جۇڭگو بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ بۈيۈك داھىيسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى تۈرك خەلقىگە، مۇستافا كامال ئىنقىلابىغا كۆپ قېتىم ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى داھىيلىرىدىن سەي خېسىن 1922 - يىلىدىكى «باشلامچى» ھەپتىلىك گېزىتىنىڭ 3 - سانىغا ماقالە يېزىپ «··· ئۇلۇغ، جاسارەتلىك، پاراسەتلىك ھەم ئىنقىلابىي روھلۇق گېنېرال مۇستافا كامال تۈركىيە ۋە يېقىن شەرقتىكى ئون مىليونلىغان مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى ۋە تەسىر كۆرسەتتى» دەپ ئاتا تۈرك مۇستافا كامالغا ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. 1988 -

www.uyghurkitap.com



يىلى 5 ـ ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت تۈركىيىگە قىلغان سەپىرىدە مۇستاپا كامالنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىپ، «ئاتا تۈرك مەقبەرىسىگە مۇھەببەت» دېگەن شېئىرىنى يېزىپ، چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مەدھىيە ئوقۇغانىدى. مۆھتەرەم تەتقىقاتچى يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى ئەپەندى ئۆزىنىڭ «مۇستاپا كامال» ناملىق كىتابى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا تۈرك تەتقىقاتىنىڭ يىرىك پەردىسىنى ئاچقانىدى. مۇستاپا كامالنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى 300 كۈنى تونۇشتۇرۇپ يېزىلغان بۇ كىتابىنىڭ ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىشى مۇشۇ ساھەدە قىلىنغان يەنە بىر قۇتلۇق خىزمەت سۈپىتىدە تۈركىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ ھەقتە باش ئەلچى رافەت ئاك گۈناي ئەپەندى مۇنداق دېدى:

«ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال يالغۇز تۈركلەرنىڭ داھىيسىلا ئەمەس، ئۇ پۈتۈن مىللەتلەرگە داھىي بولالىغۇدەك ئورۇنغا ئىگە. تەبىئىي ھالدا بۇ كىتاب تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ داھىيسى مۇستاپا كامالنى تونۇشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ناھايىتى كاتتا ئىش بولدى. بۇنىڭ بىلەن خەنزۇلار ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇرلار مۇستاپا كامالنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدىغان بولدى. بۇ كىتابنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ ياشلىرى ئوقۇيدىغان بولدى. مانا مۇشۇنداق ئىلمىي پائالىيەتلەر ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئەلۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينـايدۇ. بۇنىڭ بىلەن چۈشىنىش تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ…»

«سىرىق چاچلىق پالۋان — ئاتا تۈركنىڭ ئاخىرقى 300 كۈنى» ناملىق بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىنى تارقىتىش مۇراسىمى ھەققىدە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى مەخسۇس ئاڭلىتىش بەردى. جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسى تۈركچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى ئۇدا ئۈچ كۈن ئاڭلاتتى. «خەلق» گېزىتىنىڭ 2004 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى سانىنىڭ 7 ـ بېتىدە بۇ ھەقتە مەخسۇس خەۋەر بېسىلدى. بېيجىڭدىكى «مىللەتلەر» رەسىملىك ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 6 ـ سانىغا مەزكۇر مۇراسىمنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن قوشۇپ ماقالە ئېلان قىلىندى.

ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئىچى ئۇنۇۋېرسال كۈچى كۈنسايىن ئېشىش بىلەن بىللە خەلقئارادىكى تەسىر كۈچىمۇ بارغانسېرى ئېشىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ئېلىمىزگە بولغان قىزىقىشى كۈچەيمەكتە ھەمدە ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۇنيانىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۇچۇرلىرىغا بولغان ئېھتىياجىمۇ ئاشماقتا. دەل مۇشۇنداق پايدىلىق ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيەتتە بىز تېخىمۇ كۆپ، قابىل تىل ئۇستىلىرىغا، تىلماچ ـ تەرجىمانلارغا مۇھتاجمىز. بۇ قېتىمقى تەبرىكلەش پائالىيىتى مېھمانتەكەش تەرجىمانلار ئەجرىنىڭ ھەرگىزمۇ بىكار كەتمەيدىغانلىقىنى بىزگە يەنە بىر قېتىم بىلدۈردى. بىز رۇقىيە ھاجى خانىمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ۋە ئىلمىي نەتىجىلىرىنى تۈركىيىگە تونۇشتۇرۇپ، تۈركىيىنىڭ ئەڭ ئېسىل مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ـ تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى «ئالتۇن كۆۋرۈك» نى تېخىمۇ چاقنىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ھەمدە بۇ پېشقەدەم تىلماچنىڭ تېنىنىڭ تىمەن، روھىنىڭ تېتىك بولۇشىغا تىلەكداشمىز.

# ئۇنتۇلماس دەقىقىلەر

ئاتا تۈرك — مۇستافا كامالنىڭ ئاخىرقى 300 كۈنى ناملىق كىتابنىڭ
خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىنىڭ تارقىتىلىش مۇراسىمىدىن كۆرۈنۈشلەر




رۇقىيە ھاجى خانىم ياش يازغۇچى
جان دۈندار بىلەن بىللە










# بۇلاق

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي100-سان

源泉 （布拉克）（维吾尔文）总100期

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号: CN65-1063/I
本刊代号: 58—108　定价: 6.50元
ISSN 1005—0876/ 国外代号: Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى: 108–58. باھاسى: 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118